# خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش
كومىتېتى تۈزدى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت، ئۇيغۇن ئابدۇۋەلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ

# خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى

ئابدۇللا مۇھەممەت ئېلى قاتارلىقلار تەرجىمە قىلدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 26.625؛ قىستۇرما ۋارىقى: 9
2005 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN — 228 — 09466 — 2
باھاسى: 40.00 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# بەشىنچى باب

# خوتەننىڭ دىن تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم ئىپتىدائىي دىنلار

تارىختىن بۇرۇنقى باسقۇچتا، ئىنسانلاردا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىپتىدائىي دىنلار مەۋجۇت بولغان بولۇپ، روھقا، ئەجدادلارغا، تەبىئەتكە ۋە خىسلەتلىك نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پىرىخونلۇق ۋە شامان دىنى باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندى. دىنىي جەھەتتىكى بۇنداق ئورتاق ھادىسىلەر مۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا پەيدا بولغانىدى: «ئۇ يەردە (ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە) كىشىلىك خاراكتېرنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز ئىدى، توپ (كوللېكتىپ) نىڭ كۆلىمى بەكمۇ كىچىك ئىدى، تاشقى مۇھىتنىمۇ ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرق ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئازايتقانىدى»①. شۇنداق بولغانلىقتىن، بارلىق ھەرىكەت بىرلىككە كەلگەن، بارلىق پائالىيەت مۇقىملاشقان، بارلىق ئىدىيە بىرلىككە يۈزلىنىۋاتقان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىۋاتقان چاغدا، «ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ ئاددىي بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەردىكى ئەپسانىلەر قىلچە ئۆزگەرمىگەن، ھەممىسى ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىۋاتقان، بىرلا خىل بولغان ۋە بىرلىككە كەلگەن

① ئىمىر تۇرغان: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 6 - بەت.

ئاساسىي مەزمۇندىن تەركىب تاپقانىدى. مۇراسىملارمۇ قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋاتقان ئاغزىنا كۆرۈنۈشلەردىن تۈزۈلگەنىدى. مەيلى كۆپچىلىكنىڭ تەسەۋۋۇرى بولسۇن ياكى كاھىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بولسۇن، ئۇلار ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى چەككىلەپ چىقىشقا ۋە ئۇنى دىنىي ئىدىيە ھەم دىنىي ئەقىدىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالمىغانىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرلار ھەمىشە قىپيالىڭاچ ئىپادىلىنىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلاتتى، كىشىلەر ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۇلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولاتتى»①.

تارىختىن بۇرۇنقى جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش شەكلى خىيالغا ئاساسلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلار ھەممىلا جايدا جىن - ئەرۋاھلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى باشلاشتا نەزىر - چىراغ قىلاتتى ۋە پال سالاتتى. «ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد چۈشىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان روھ ئېتىقادچىلىقى بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ ئادەمنى جىسىم بىلەن روھتىن تەركىب تاپقان دەپ ئايرىشى بىلەن جىنلار پەيدا بولدى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادەمنى تەبىئەتكە باغلىشى بىلەن تەبىئەتنىكى نەرسىلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئالايلۇق، ئاسمان ئىلاھى، يەر ئىلاھى، شامال - بوران ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى، ئۇچار قۇشلار ئىلاھى، دەرەخ ئىلاھى قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلەرگە — ئىشىك ئىلاھىغا چوقۇنۇشمۇ كېلىپ چىقتى»②. ئۇدۇندىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاتمۇ ئىنسانلار دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئىپتىدا-

① ئەمىر تۇرغان: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 6 -، 7 - بەتلەر.

② سۇڭ جاۋلىن: «مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە». مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى كونسپېكى، 1997 - يىلى 4 - ئاي، 112 - بەت.

ئىي شەكلى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلغان.

## 1. روھقا ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادىدا كائىناتتا روھ بار دەپ ئېتىقاد قىلىشى ئۇلاردىكى روھ كۆز قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار «ئويغاق تۇرغان چاغدىكى خىيالىي سەزگۈ بىلەن چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدىكى خىيالىي سەزگۈنى توغرا پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكتىن، روھنى تەندىن ئايرىۋېتىپ، روھ تەنىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىغان»①. ئىپتىدائىي كىشىلەردە روھ ئېتىقادىنىڭ پەيدا بولۇشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن، يەنى نېمە ئۈچۈن چۈش كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىدىن بولغان. ئۇلار روھ تەندە بولىدۇ، ئادەم چۈش كۆرگەندە ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، روھ تەندىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى تەنىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بولىدۇ، ھەرگىزمۇ روھنىڭ ئۆلۈشى ئەمەس، روھ ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىدا ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئىككىنچى قېتىم ئىدىشقا دەپنە قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەنىدى. «سۇڭ يۇنىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا: «ئۇدۇنلۇقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدە ئادەم ئۆلگەندە كۆيدۇرۇلەتتى، جەسەت كۈلى ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىناتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن، مانا بۇ جەسەت كۈلىنى ئىدىشقا دەپنە قىلىش ئىدى. خوتەن رايونىدىن قېزىۋېلىنغان، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىشقا ئىشلىتىلگەن ئىدىشلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ چوڭلار بىلەن كىچىك باللارنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ۋە دەپنە بۇيۇملىرى

① سۇڭ جاۋلىن، لى جافاڭ، دۇخويشى: «جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى»، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 475 ـ بەت.

ئوخشاش بولمىغان؛ چوڭلار كوزا ـ ئىدىشلارغا دەپنە قىلىنىپ قاتارلاشتۇرۇپ كۆمۈلگەن. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە تەڭنە شەكىللىك ياغاچ مېيىت ساندۇقى بار، باللار بولسا تۆشۈكلىرى بار، ئاستى ئۇچلۇق بوتۇلكىسىمان كوزىلار بىلەن بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان. ئىدىش-لارغا دەپنە قىلىش ياڭشاۋ مەدەنىيىتىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساند-ۇقلىرى ئىچىدە تولۇق يۇمىلاق ۋە يېرىم يۇمىلاقلىرى بار، ئۇلار ئىككى ئۇچى كېسىۋېتىلگەن دەرەخ غولىنى كاۋاك قىلىپ چىقىرىش بىلەن ياسالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 100 مىللىمېتىر كېلىدىغان M09 نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقىنىڭ تۆر-قىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ باللار ئۈچۈن تەييارلانغان جەسەت ساند-ۇقى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىپتىدائىي ئادەملەر كىچىك باللارنىڭ روھى كىچىك بولىدۇ، ئەگەر ساندۇققا ياكى ئىدىشقا تۆشۈك ئېچىپ قويۇلمىسا، ئۇلارنىڭ روھى چىقالماي قالىدۇ دەپ قارىغاچقا، چوڭ ئادەملەرنى ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىدىغان ئىدىشقىمۇ ياكى كىچىك باللارنى دەپنە قىلىدىغان كوزا ـ كوم-زەكلەرگىمۇ روھلارنىڭ ئەركىن چىقىپ ـ كىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۆشۈك ئېچىپ قويغان.

روھ قارىشى ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ دەپنە ئادەتلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلغان. ئالايلى، مېيىتنى ئۇزىتىش ئۇسۇلى، تاۋۇتلارنىڭ ياسىلىش شەكلى، قوشۇپ دەپنە قىلىدىغان بۇ-يۇملار، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرى قاتارلىقلاردا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئاساس قىلىناتتى، بەزىدە ئۆلگۈچىنىڭ ئېھ-تىياجىمۇ نەزەردە تۇتۇلاتتى، چۈنكى ئۇلار ئادەم ئۆلسە، روھى ئۆلمەيدۇ، ئۆلگەن ئادەممۇ بۇ نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ دەپ قارايتتى. لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مېيىتنى تولۇق دەپنە قىلغان، ئەزالىرىنى پارچىلاپ دەپنە قىل-

غان، باشنى دەپنە قىلغان ئەھۋاللارنى، مېيىتنى دەپنە قىلىش
ئۇسۇلىدىمۇ مېيىتلارنى تۈز قىلىپ ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويغان.
تىزىنى پۈكلەپ ياتقۇزۇپ قويغان، دۈم قىلىپ تۈز ياتقۇزۇپ
قويغان، يانتۇ قىلىپ ياتقۇزۇپ قويغان ئەھۋاللارنى كۆرۈش مۇم-
كىن، قەبرىلەر چاسا شەكىللىك، تىك سۇپا شەكىللىك، ئۈستى
ئۈچلۈق ساتما شەكىللىك قىلىپ كولانغان. مېيىت ساندۇقلىرى-
مۇ يۇمىلاق، يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك، تەڭنە شەكىللىك،
سوقۇچاق چاسا شەكىللىك، ئۇزۇن چاسا شەكىللىك قىلىپ يا-
غاچتىن ياسالغان. مېيىتلارنىڭ بەزىلىرى رەخت - پەخت، كى-
گىز - تېرىلەرگە ئوراپ دەپنە قىلىنغان. دەپنە بۇيۇملىرى كى-
شىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەرخىل بولغان، لېكىن ئاساسەن
فارفور قاچىلار، ياغاچ سايمانلار، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار،
تاش بۇيۇملار، مىس ئەسۋابلار، تېرە بۇيۇملار، يىپەك توقۇلمى-
لار، تۆمۈر ئەسۋابلار ۋە پەرداز بۇيۇملىرى قاتارلىق كۈندىلىك
تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولغان، بۇلاردىن باشقا يەنە ئاشلىق، دورا
ماتېرىياللىرىمۇ بار. ئۆلگەنلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ،
ئايرىم - ئايرىم دەپنە قىلىش، بىر نەچچىنى يىغىپ دەپنە قى-
لىش، قوشۇپ دەپنە قىلىش ۋە ئالاھىدە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى
قوللىنىلغان. سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان
نەزىر بۇيۇملىرى ئىچىدە پۈتۈن قوي، قوي ئۇستىخانلىرى، ئات-
نىڭ ئېگەك سۆڭىكى، ھەتتا پۈتۈن ئات قاتارلىق نەرسىلەر بار.
مانا بۇلار قەدىمكىلەرنىڭ روھنى ئۆزىتىش قارىشىنى ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بېرىدۇ. سامپۇلا قەبرىستانلىقىدىكى M01 نومۇرلۇق قەب-
رىگە 133 جەسەت قاتارلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. M02 نومۇرلۇق
قەبرىگە بولسا 146 جەسەت قويۇلغان، ئانا - بالا بىرگە دەپنە
قىلىنغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن ئەر - خوتۇن بىرگە
دەپنە قىلىنغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. بۇ ھال ھېچبولمىغاندا
بۇ قەبرىستانلىقنىڭ جەمەت قەبرىستانلىقى ئىكەنلىكىنى، جەسەت-

لەرنىڭ ئانا جەمەت قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە دەپنە قىلىنغان-
لىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، لېكىن قەدىمكى نىيە خارابىسى-
دىن ئەر - خوتۇن بىللە دەپنە قىلىنغان ئەھۋالنى ئۇچراتقىلى
بولىدۇ، بۇ جەمەت ئۇرۇقداش تۇغقانلارنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ
تىپىك بەلگىسىدۇر. قەدىمكى كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق جامائەسى
ئىچىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىدى-
غان، بارنى تەڭ يەيدىغان ئومۇمىي جامائە تۈزۈمىدە ياشىغان،
ئۆلگەندىن كېيىنمۇ هايات چېغىدا ئۇرۇقداشلىق ئائىلىسىدە ياشى-
غاندەك ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ، كوللېكتىپ دەپنە قىلىشقا ئادەت-
لەنگەن.

ئەجداتلارغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆز ئاتا -
بوۋىسىغا بولغان هۆرمىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ جىن - ئەرۋاھ
قارىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئانا جەمەت جەمئىيىتىدە بولسا
چوقۇنۇش ئوبيېكتى ئەر ئەجدادلارغا ئۆزگەرگەن. ئايال ئەجدات-
لارغا چوقۇنۇش ئايال ئىلاھەگە ۋە ئاياللىق جىنسىي ئەزالار،
ھەتتا ئەمچەكلەرگە چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پەر-
زەنتلىك بولۇش، نوپۇسنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ مەيدانغا
كېلىش رىۋايىتىدىكى يەر ئەمچىكى پادىشاھى ھەققىدىكى ھېكايە-
لەر كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن بۇددا ھېكايىلەرگە ئايلاندۇرۇل-
غان بولسىمۇ، لېكىن تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنىڭ
مەنبەسى ئايال جىنسىغا بولغان چوقۇنۇشتىن كەلگەن. يەر ئەم-
چىكى پادىشاھى ئەمەلىيەتتە ئايال بولۇپ، قۇستانا (ئۇدۇن) دەپ
ئاتالغان. ئۇ بەلكىم ئانا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن كەلگەن بولۇ-
شى مۇمكىن. ئۇ تۇغۇت ئىلاھىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مول
ھوسۇل ئىلاھى ئىدى. چۈنكى، «ئايال ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان
زېمىن ئانا ئىنسانلارنىڭ تۇغۇت ئىشلىرىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا

لايىق مۇھاپىزەتچىسى ئىدى[1]. ئەمما، يەر ئەمچىكى پادىشاھى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە زېمىن ئانا ئىلاھىنىڭ ئەمچىكى بىلەن بېقىلغان ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ ئۇدۇنلۇقلارنى تەربىيىلىگەن ئىلاھدۇر. ئەمما، بارلىق ئىلاھى بۇتلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ بارغان، مەسىلەن، خوتەننىڭ يوتقان خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال ئىلاھى بۇتنىڭ شەكلىدىن قارىغاندىمۇ، يۈزلىرىنىڭ سىمىز، گەۋدىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنىڭ ساپال كومزەكتەك يۇمىلاق، ئەمچەكلىرىنىڭ بەكمۇ يوغان بولۇشىغا قاراپ، ئۇنى مۇھاپىزەتچى ئىلاھە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار سىغدۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش، تەربىيىلەش ۋە تۇغۇشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ مەركىزى قاچىدۇر، ئۇ ھەم ئاياللىق خاراكتېرنىڭ خاسلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەم ئاياللىق خاراكتېرنىڭ سىمۋولىدىن ئىبارەت. ‹ساپالدىن ياسالغان قاچا، شۇنىڭدەك كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئادەتتىكى قاچىلار دەل ئاياللىق ماھىيەتنىڭ خاسلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ساپال قاچا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغان ھەم ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغان›»[2].

يەر ئەمچىكى پادىشاھى رىۋايىتىدىمۇ يوتقان خارابىلىكىدىن چىققان ساپال ئىلاھى بۇتتىمۇ ئەمچەك ئانا تېمىسى ئىپادىلىنىپ، ئۇلاردا ئاياللارغا پەرزەنت تەربىيىلەيدىغان تىپىك ئالاھىدىلىك بەخش ئېتىلگەن. مۇشۇنداق شەكلى ئۆزگەرگەن ئىلاھى بۇتلار شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ چىققان. مەسىلەن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IX ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان ياغاچتىن

---

① ئېدۋارد تېيللىي، «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 743 ـ بەت.

② ئېرلىچ رويمان: «بۈزرۈكۋار ئانا ئىلاھى — تىپ تەھلىلى» شەرق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 119 ـ بەت.

ياسالغان ئىلاھى بۇتلار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلاردىمۇ ئاياللار ئەمچىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قۇمۇل ۋىلايىتى يانبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يەنە شۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولغان ئىلاھى بۇتنىڭ جىنسىي ئەزاسى بەكمۇ مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. روشەنكى، ئۇ تۇغۇت ئىلاھى ئىدى. تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۇغۇلۇش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇغۇت ئىلاھىدىن ئامانلىق تىلىمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئادەملەر ئەر ئەجدادلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغان ۋە ئۇلارنى ئومۇمەن ئەر ئىلاھ دەپ ئاتىغان. دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ساپال بۇتلارغا ۋە تاش بۇتلارغا چوقۇنغان ئەھۋاللارنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ، لېكىن خوتەندە بۇنداق نەرسە تېخى بايقالمىدى. ئەر ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ يەنە بىر شەكلى ئەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتۇر. خوتەندىن قېزىۋېلىنغان ساپالدىن ياسالغان پادىشاھ ھەيكەللىرى، ئادەم ھەيكەللىرى ئەجدادلارغا چوقۇنغان چاغدىكى بۇتلار بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئۆزىگە لايىق رەسمىيەتلىرىمۇ بولغان. «ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئىلاھى ئەجدادلارنىڭ روھى ئىدى. چۈنكى، بۇنداق ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئائىلە باشلىقىغا بولغان تۇغقانچىلىق - يېقىنچىلىق مۇھەببىتىنى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا يۆتكىگەنىدى»①. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ۋە سېغىنىشتىكى مەقسەت، ئەجدادلارغا بولغان مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشتىن باشقا، ئەجدادلارنىڭ قوغدىشىنى تىلەش ئىدى، شۇڭا ئۇلار بىر ئۇرۇق، بىر ئائىلىنىڭ قوغداش ئىلاھى بولۇپ قالغانىدى.

---

① «پلېخانوۋ پەلسەپە تاللانما ئەسەرلىرى»، سەنلىيەن نەشرىياتى، 1962 - يىلى نەشرى، 396 - بەت.

## 2. تەبىئەتكە ۋە خىسلەتلىك نەرسىلەرگە چوقۇنۇش

تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئېتىقادى بولۇپ، ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ماددىلىرى، مەسىلەن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر ـ زېمىن، تاغ ـ دەريا، تاش، گۈلدۈرماما، چاقماق، شامال، يامغۇر، ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدا بار بولغانلىكى نەرسىلەرگە چوقۇنغان ئەمەس، پەقەت ئىنسانلارنىڭ يىغىش ـ توپلاش، ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى ۋە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ماددىلىرىغىلا چوقۇنغان. بۇنداق چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، «ئىنسانلار تەبىئەت ئالدىدا مۇنداق ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى، تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالايتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۆلىنىۋالىدىغان پاسسىپلىقىنى ئىپادىلەپ، پەرەز، خام خىيال قىلىش ۋە تىلەش ئارقىلىق تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئىستەيتتى».[1] تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ تىپىك ئىپادىسى مۇنداق ئىدى: ئىلگىرىكى ئادەملەر تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ جېنى بار دەپ قارايتتى ھەمدە تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىگە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلاھىي تۈس بېرەتتى، شۇڭا ئۇ نەرسىلەر ئادەم سۈپىتىگە ھەم ئىلاھىي خاراكتېرگە، ئىلاھىي ۋەزىپىگە ئىگە بولاتتى. مەسىلەن، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە قۇياش ئىلاھى، ئاي ئىلاھى، يەر ـ زېمىن ئىلاھى، تاغ ئىلاھى، دەريا ئىلاھ، گۈلدۈرماما ئىلاھى، چاقماق ئىلاھى،

[1] سۇڭ جاۋلىن قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخى»، مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 461 ـ بەت.

ئوت ئىلاھى، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئىلاھقا قارىشى پەيدا بولغان،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ئىلاھى بولۇپ شەكىللەنگەندى.
قەدىمكى خوتەندىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەتكە چوقۇنى-
دىغان ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. تەبىئەتكە چو-
قۇنۇشنىڭ بەزى ئىزلىرى ھېلىغىچە ئەل ئىچىدىكى مەدەنىيەتتىن
ئىبارەت تۇپراقتا ساقلىنىپ قالغان. تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئار-
خېئولوگىيىلىك دەلىللەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ۋە لوپ-
نۇر رايونلىرىدا ئۆتكەن ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ شەرقىي ئىران
تىلىدا سۆزلىشىدىغان ساكلار ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇ-
دۇن ئاھالىسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ساكلار قۇياشقا
چوقۇنغان، قۇياشنى ئىلاھ دەپ تونۇپ كەلگەن قەدىمىي مىللەت.
ئۇلار قۇياشقا سېغىنغاندا ھەرخىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ كەل-
گەن. ئۇدۇندىن ئانچە يىراق بولمىغان كاۋانتا بەگلىكىدە قۇياش
ئىلاھى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تارقالغان، ئۇ رىۋايەتلەردە قۇ-
ياشقا چوقۇنۇش بىلەن ئەجدادلارغا چوقۇنۇش بىر - بىرى بىلەن
يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ھازىرغا قەدەر خوتەنلىكلەردە ئۆيلىرىنىڭ
ئىشىكىنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئاچىدىغان ئادەت ساقلىنىپ
قالغان. شۇنداقلا، سامپۇلا قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان ئات قۇر-
بانلىق قىلىدىغان ئورەكلەرمۇ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇشنىڭ مەھ-
سۇلى بولسا كېرەك. ساكلار ئاتنى قۇياش ئۈچۈن قۇربانلىق
قىلىپ دەپنە قىلغان بولۇشى، بۇنداق پائالىيەت چوقۇم داغدۇغى-
لىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. «چۈنكى، ساكلار پەقەت
قۇياشقا چوقۇناتتى، قۇياش ئۈچۈن ئات قۇربانلىق قىلاتتى،
ئۇلارنىڭ ئاتنى قۇربانلىق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالەمدە
پەقەت ئۈچقۇر ئاتلارلا قۇياشقا يېقىنلىشالايتتى»[1]. لوپنۇر رايو-
نىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن تېپىلغان ئالتە

[1] ھېرودوت: «تەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1959 - يىلى، 455 - بەت.

قەدىمىي قەبرە 4000 يىل ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئىزى دەپ قارالدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چەمبەر شەكلىدە رەتلىك قېقىلغان يەتتە رەت ياغاچ قوزۇق بار، قوزۇقلارنىڭ ئىچكى رەتتىكىلىرى توم، تاشقى رەتتىكىلىرى ئىنچىكە بولۇپ، ئەتراپقا نۇر چېچىلىۋاتقان ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ قوزۇقلار رەتلىك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئېگىزدىن قارىسىڭىز، يىراقتىن خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا تەقلىد قىلىپ ياسالغان قەبرىلەرنى كۆرىسىز. قەبرىلەرنىڭ سىرتتىكى قۇياشتىن چېچىلىۋاتقان نۇرغا تەقلىد قىلىنغان قوزۇقلار قۇياشقا چوقۇنۇش مۇراسىمىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل ئەسەردۇر. ئىپتىدائىي ئادەملەر: ئادەم بۇ ئالەمدە قۇياش ئىلاھىنىڭ قوغدىشى ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ، ئۆمرىنى ياشاپ بولۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىمۇ، روھىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشتا يەنىلا قۇياش ئىلاھىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. بەزى ئالىملار، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇياش ئالامىتى ياكى بەلگىسىنى چىقىرىش ۋېدا قەسىدىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ھىندىستان دەۋرىدىكى «ۋېدا» نەزمىلىرىدە ئوت ئىلاھى (قۇياش ئىلاھ) مەدھىيىلەنگەن «ئەگنىگە مەدھىيە» دېگەن قەسىدە بار. قەدىمكى ئۇدۇننىڭ ئېتىقاد جەھەتتە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدا گەپ يوق. شۇڭا، بۇ يەردە قۇياش ئىلاھىغا، ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇدۇن خەلقى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بىر مۇنچە رىۋايەت - چۆچەكلەر خاتىرىلەنگەن، ئەگەر ئۇنى ئوراپ تۇرغان قويۇق بۇددا ئىدىيىسى تۇمانلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىساق، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر مۇنچىسىنىڭ ئودۇندا ئۆتكەن قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنغانلىقىنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىدۇ. ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ تىكلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلغان

يەر ئەمچىكى پادىشاھى ئەمەلىيەتتە يەر ئانىغا چوقۇنغانلىق، يەنى
ئۇلۇغ يەر ئىلاھىغا چوقۇنغانلىق بولۇپ، ناگەكەنيا سوفۇ باشقا
بىر مەنىدىن ئېيتقاندا دەريا ئىلاھىغا چوقۇنۇشىنىڭ قالدۇقىدۇر.
چاشقانلارنىڭ مازارلىقنى خاراب قىلغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت
ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باش-
قا، خەلق ئارىسىدا تارقالغان كەپتەر كۆلى رىۋايىتى ئەمەلىيەتتە
ئىلاھىي كەپتەرگە چوقۇنغانلىقنى بىلدۈرەتتى، شۇنىڭدەك ئىلا-
ھىي دەرەخقە چوقۇنۇش، توي قىلغاندىن كېيىن ئوتتىن ئاتلاش
قاتارلىقلار تەبىئەتكە چوقۇنغانلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.
خوتەن رايونىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن بۇيۇملار ئىچىدە نۇر-
غۇنلىغان ھايۋان ھەيكەللىرى بار، مەسىلەن، ئات، تۆگە، بۇغا،
شىر، توز، مايمۇن، كالا، قوي قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ بەزىسى
ئەينەن ئىشلەنگەن، بەزىلىرى مۇبالىغە قىلىنغان، لېكىن بۇلار-
غىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ تامغىسى بېسىلغان. مەسىلەن،
چاشقانلارنىڭ قەبرىستانلىقنى ۋەيران قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋا-
يەت گەرچە ئۇدۇنلۇقلار بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغان
مەزگىل بىلەن چەكلەنسىمۇ، لېكىن ئۇدۇندا ياشىغان قەدىمكى
ئادەملەرنىڭ چاشقاننى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋاقتى بۇنىڭدىن بۇرۇن
بولۇشى كېرەك. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ چاشقانغا بولغان ھۆرمىتى ھەم-
مە يەردە ئۇچرايدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرى-
سى» دە ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ چاشقان ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ
قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن، ھەتتا ئۇدۇن
پادىشاھىمۇ چاشقان شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاج كىيگەنلىكى
قەيت قىلىنغان («سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). ئى-
لاھ چاشقانغا چوقۇنۇش ئۇدۇندا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادىدا باشلانغان ئىش بولسا، ئېھتىمال، ئۇنى
بوستانلىقلاردا چاشقان ئاپىتى ئېغىر بولۇپ، يېمەكلىكلەرنىڭ
ئازىيىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان قورقۇش ھالىتى كەلتۈرۈپ

چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى ماددىلارغا ۋە
تەبىئەت هادىسىلىرىگە چوقۇنۇشى ناهايىتى مۇهىم ئامىل بولسا
كېرەك. ئىلاهىي دەرەخقە دەسلەپكى چاغلاردا چوقۇنغانلىق توغرى-
سىدىكى پاكىتلار بولمىسىمۇ، لېكىن خوتەن رايونىدىكى خەلق
ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەردىن قارىغاندا، بۇنداق
چوقۇنۇش ناهايىتى بۇرۇنقى چاغلاردا يۈز بەرگەن. خوتەن يېزىلى-
رىدىكى ئەر - خوتۇنلار هەمىشە قېرى دەرەخلەرگە، بولۇپمۇ
مازارلىقتىكى قېرى دەرەخلەرگە هەرخىل رەڭدىكى لاتىلارنى باغ-
لاپ، ئاپەتتىن ساقلىنىپ، بەختلىك بولۇشنى تىلەيدۇ. چوقۇن-
غۇچىلارنىڭ روهىي هالىتى ۋە مۇددىئاسى هەرخىل بولىدۇ،
تۇغماس ئاياللار ئىلاهىي دەرەختىن پەرزەنت بېرىشنى تىلەيدۇ،
كېسەل بولۇپ قالغانلار، ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي بولۇشنى،
نامراتلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ هاللىق ئۆتۈشنى تىلەيدۇ، هەتتا
بەزى هەق تەلەپ ماجىرالىرىنى هەل قىلىشنىمۇ ئىلاهىي دەرەخ-
تىن تىلەيدىغانلار بولىدۇ، تاشقا چوقۇنۇشمۇ ئۇدۇندا ياشىغان
قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ باشقا بىر خىل
شەكلىدۇر. بولۇپمۇ، هۆل - يېغىن ئاز، قۇرغاقچىلىق بولغان
پەسىللەردە كىشىلەر سىرلىق هەم خىسلەتلىك دەپ قارالغان
تاشنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر،
دەريادا سۇ ئازىيىپ كەتسە، يامغۇر ئاز يېغىپ، زىرائەتلىرىنىڭ
ئۆسۈشىگە، ئاخىر بېرىپ هوسۇلنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە تەسىر
كۆرسەتتى. شۇڭا، زىرائەتلەرنىڭ ئوبدان بولۇشىغا كېپىللىك
قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەر دۇئا قىلىپ سۇ، يامغۇر تىلەيتتى. بۇ
يەردە تاش ئەڭ خاسىيەتلىك ماددا سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلىناتتى.

### 3. پېرىخونلۇق ۋە شامان دىنى

شامان دىنى ئۆز موللىسىنىڭ نامى شامان بولغاچقا، شۇنىڭ

نامى بىلەن ئاتالغان، مانجۇ - تۇڭگۇس تىلىدا شامانلار پېرىخون دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا مىللەتلەردە ئۇنىڭ ئاتىلىشى ھەرخىل، خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار شامان پېرىخونلارنى «باخشى» دەپ ئاتىغان. شامان دىنى، ئۇمۇمەن، ئىنسانلارنىڭ روھ ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، تەبىئەتكە ۋە خىسلەتلىك نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنى بەلگە قىلغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، يەنى ئۇ سۇنئىي دىنلار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن. مۇبادا ئۇنى سۇنئىي دىنلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا شامان دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى كۆرىمىز. بىرىنچىدىن، شامان دىنىنىڭ چېركاۋ ياكى بۇتخانىغا ئوخشاش دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولمىغان، ئۇنىڭ دىنىي پائالىيىتى كۈندىلىك تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇردىن باشلانغان، ئۇنىڭ ئېتىقادى ئۆزلۈكىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل كۆزقاراش بولغاچقا، ئاساسچىسى ۋە يېتەكچىسى بولمىغان، كىشىلەرگە تەلىم بېرىدىغان دەستۇر - كاللىرىمۇ يوق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، شامان دىنى ئانىمىزم قارىشىنى ئاساس قىلغان ئىستىخىيىلىك ئېتىقاد بولۇپ، ئۇرۇقلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ۋاستە قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەرقانداق مۇقىم دىنىي مەزھەپلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق ھەم بۆلۈنۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؛ تۆتىنچىدىن، شامان دىنىنىڭ مەرسىيە ۋە دۇئالىرى خالىغانچە ئوقۇلغان، پائالىيەت مۇراسىملىرى سىمۋول خاراكتېرىنى ئالغان، ئۇنىڭ دىنىي كىتاب سىستېمىسىنى ئالغان ئېتىقاد ئاساسى بولمىغان.

شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغىنى شامان ئىدى، ئۇ ھەم تەڭرىنىڭ ۋاكالەتچىسى، ھەم سىمۋولى؛ ئۇ ھەم ئادەم، ھەم روھ، ھەم خەلقىنىڭ ۋەكىلى

سۈپىتىدە تەڭرىگە ئۆز تىلەكلىرىنى بىلدۈرگۈچى، ھەم سېھىر-
گەرلىك بىلەن كىشىلەرنى ئاغرىق - سىلاق، بالايىئاپەتتىن خا-
لىي قىلغۇچى ئىدى. شامان بىر خىل مەجنۇنلۇق ھالەتتە دۇنيا-
نىڭ ھەرخىل ئىشلىرىنى سېھىرگەرلىك بىلەن باشقۇرماقچى بول-
غان. شامان دۇنياسى چوقۇنۇش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاش بولماس-
لىقىغا قاراپ ئۈچ دۇنياغا بۆلۈنگەن: بىرىنچىسى، تەبىئەت دۇن-
ياسى، يەنى پەلەك، يەر - زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، گۈل-
دۇرماما، شامال، ئوت، تاغ، ئورمان، سۇغا چوقۇنۇشتىن ئىبا-
رەت. بۇ تەبىئەت ماددىلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەرخىل
تەبىئەت ئىلاھلىرىغا ئايلانغان؛ ئىككىنچىسى، ھايۋانات دۇنيا-
سى، يەنى ئىلاھىي يىرتقۇچلار، خاسىيەتلىك ئۈچار قاناتلار.
لېكىن، ھەرقايسى ئۇرۇقنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى جۇغراپىيىۋى
شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش
بولماسلىقى تۈپەيلىدىن پەرقلىق بولغان؛ ئۈچىنچىسى، روھلار
دۇنياسى، يەنى روھ - ئەرۋاھلار ۋە ئىلاھلار. شۇ سەۋەبتىن،
شاماننىڭ ۋەزىپىسىمۇ روھنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن روھنىڭ
زاھىر بولۇشى، ئىبادەت بىلەن قۇربانلىق، كېسەل داۋالاش بە-
لەن رەمباللىق دېگەنلەرگە ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئىلاھ بىلەن ئالاقى-
لىشىش ۋاستىسى سېھىرگەرلىك ئىدى.

قەدىمكى ئۇدۇن ئادەملىرىنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان
ئەھۋالى ھۆججەت - ماتېرىياللاردا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. «كې-
يىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇن-
داق خاتىرىلەنگەن: «بۇ چاغدا ئۇدۇن خانى گۇاڭدې يەكەن بەگ-
لىكىنى يېڭىپ جەنۇبىي يولدا زومىگەر بولۇۋالغانىدى، ھۇنلارمۇ
ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ بەگلىكنى قوغداۋاتاتتى. بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا
ئەلچىلىككە چىقىپ، ئالدى بىلەن ئۇدۇنغا كەلدى. گۇاڭدې ئۇ-
نىڭغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇدۇن-
لۇقلار شامانغا ئېتىقاد قىلاتتى. باخشى: ‹ئىلاھنىڭ غەزىپى

تېشىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن خەن سۇلالىسىگە مايىل بولىسىلەر؟
خەن ئەلچىسىدە بىر قارا تۇمشۇق قۇلا ئات بار ئىكەن، شۇنى
ئەكىلىپ ماڭا نەزىر قىلىشقا بېرىڭلار، دېدى. گۇاڭدې دەرھال
ئادەم ئەۋەتىپ بەن چاۋنىڭ ئېتىنى سورىدى. بەن چاۋ بۇ ئىشلار-
نى ئاستىرتىن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا بىرىشكە قوشۇلدى،
بىراق، باخشىنىڭ ئۆزى كېلىپ ئاتنى ئېلىپ كېتىشىنى ئېيت-
تى. باخشى كەلگەندە، بەن چاۋ باخشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ
گۇاڭدېغا ئەۋەتىپ بەردى، گۇاڭدې بەن چاۋنىڭ پىشامشاندا ھۇنلا-
رنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ،
دەرھال ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ بەن چاۋغا ئەل بولدى.» بۇ
گەپلەر ئۇدۇن خەلقىنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى
ھەمدە ئۇ يەردە باخشىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «روھقا
ئاتاپ ئاتنى قۇربانلىق قىلىش» مۇ شامان باخشىلىرىنىڭ دۇئا
تىلاۋەت مۇراسىمى بولۇپ، مۇراسىمدا باخشى سېھىرگەرلىك قى-
لاتتى. شامان دىنىنىڭ ساقىندىلىرىنىڭ ھېلىھەم خوتەندىكى
خەلق مەدەنىيىتىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خو-
تەندە ئۇچرايدىغان «پېرە ئوينىتىش» ئەمەلىيەتتە شامان پېرىخون-
لىرىنىڭ جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاش ئۇسۇلىدۇر. «پېرە
ئوينىتىش» باخشىلار جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، كېسەل
داۋالايدىغان ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا پېرە ئوينىغۇچى پۈتۈن
بەدىنىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، پۇت - قوللىرىنى بىردە ئوڭغا،
بىردە سولغا، بىردە ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ، پېرىخون
تەلۋىلەرچە ھەرىكەت بىلەن قامچىسىنى ئوينىتىپ كېسەلنى قام-
چىلاپ، بۇ ئارقىلىق جىن - ئالۋاستىنى قوغلاپ، كېسەلنى
ساقايتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بەزى قاراشلارغا ئاساس-
لانغاندا، باخشى «كېسەل داۋالىغان» دا ئىشلىتىدىغان ئىسرىق-
دان، ئەينەك، جىن چىراغ، ئارغامچا، قامچا، خوراز قېنى
قاتارلىقلار جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلايدىغان نەرسىلەر بولۇپ

هېسابلىنىدۇ. شامان باخشىلىرى يامغۇر تىلەش، ھۆلچىلىكنى توختىتىش، قۇرغاقچىلىقنى يوقىتىش، شامال تەلەپ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئىلاھقا يېقىن كاتتا زات سۈپىتىدە ئوتتۇ- رىغا چىقىپ، مۇراسىمغا باشچىلىق قىلىدۇ. بۇنداق پائالىيەت يېقىنقى زاماندىكى خوتەندە ناھايىتى ئومۇملاشقان، ئېغىر قۇرغاق- چىلىق بولغاندا، پېرىخونلارنى تەكلىپ قىلىپ يامغۇر تە- لەپ قىلغۇزغان... يامغۇر تىلەش جەريانى مۇنداق بولاتتى: باخشى قوينىنىڭ قېرىنىدىن تېپىلغان بىر تال تاشنى قوي قېنىغا چىلاپ چۆۋىق بىلەن توختىماي قوچۇيتتى ۋە دۇرۇت ئوقۇيتتى. ئەگەر، دېگەن ۋاقىتتا يامغۇر ياغمىسا، يامان ئادەملەر كاشىلا قىلدى، دەپ قارىلاتتى، بۇ چاغدا باخشى كىشىلەردىن ناھايىتى كۆپ پۇل يىغىۋالاتتى. مۇبادا يامغۇر پەقەت ياغمىسا ياكى يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ ئاپەت بولۇپ كەتسە، كىشىلەر باخشى بىزنى ئەخمەق قىپتۇ، دەپ ئۇنى جازالاش ئۈچۈن مەھكىمە شەرئىگە ئاپىرىپ يۈز دەررە ئۇرغۇزاتتى، ھەتتا بىر قانچە ھەپتە ئېسىپ قوياتتى. گەرچە، شامان دىنى ھازىر تارىخ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ساقىندىلىرى ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ساقلان- ماقتا.

**ئاپتورى: جۇڭ گاۋ**

## ئىككىنچى بۆلۈم ئاتەش دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى

قەدىمىي خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر شامان دىنى، بۇد- دا دىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشقا يەنە ئاتەش دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. لېكىن، ھەرقاي-

سى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى، ئېتىقاد قىلغانلار سانى، دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان.

## 1 . ئاتەش دىنى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر زەردەشت دىنىنى ئاتەش دىنى دەپ ئاتىغان. بۇ دىندىكىلەر ئوتقا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئاتەشپەرەسلىك» ، «ئاتەش دىنى» دەپمۇ ئاتالغان. مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئاتەش دىنى مىلادىيىدىن ئىلگى-رىكى IV ئەسىردە شىنجاڭغا تارقالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇنغا كىرگەن، لېكىن تـاڭ سـۇلالىسىغـا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بارا ـ بارا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

ئاتەش دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە پېرسىيە-نىڭ شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسچىسى زورو ئاستېر ئىدى. كېيىنچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئۇدۇن، سۇلى (قەشقەر) ، ئىدىقۇت قاتار-لىق جايلىرىغا كىرگەن. ئاتەش دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» بولۇپ «ئەقىل ھېكمىتى» ، «مۇقەددەس دەستۇر» ، «بۇيرۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى جەن-نەتتىكى بىلىم، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىلىم، جەننەت بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈن-گەن. ئاتەش دىنىنىڭ نەزىر ـ چىراغ پائالىيەت ئورنى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ئوچاقلار بولاتتى، ئۇ قۇياش ئىلاھ (ئوت ئىلاھ) قا ئىبادەت قىلغاندا ئىشلىتىلەت-تى، يەنە تەڭرىنىڭ قىياسەن سۈرىتى ياكى ھەيكىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئاتەش دىنىنىڭ تەلىماتىدا ياخشىلىق بىلەن يامان-لىق كۈچلۈك سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا يورۇقلۇق، پاكلىق، يارىتىش، ھاياتلىققا ياخشىلىق ئىلاھى ئاھۇرا مازدا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ زۇلمەت، ناپاكلىق، بۇزغۇنچىلىق، ئۆلۈمگە يامانلىق

ئىلاھى ئانگىرا ماينيۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىلاھ ئۆز-لۈكسىز ئېلىشىپ، ئاخىرىدا ياخشىلىق ئىلاھى يامانلىق ئىلاھىنى يېڭىدۇ. ئاتەش دىنىنىڭ تەلىماتىدا ئىنسانلار بىر ئۆمۈر ياخشى-لىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئاھۇدا مازدا تەرىپىدىن قىيامەت سورىقى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ياكى دوزاخقا تاشلىنىشى بەلگىلە-نىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئاتەش دىنى قۇياشقا، ئوتقا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، شەرقىي رىملىقلار ئۇنى «ئوت ئېتىقادچىلىقى» دەپ ئاتىغان، خەنزۇ تىلىدىكى ھۆججەت - ماتېرىياللاردا «ئاتەش دىنى» دەپ ئاتالغان. چېن يۈەن ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ: «ئادەم ئەلۋەتتە يامانلىقنى تاشلاپ ياخشىلىققا مېڭىشنى، زۇلمەتتىن قۇ-تۇلۇپ يورۇقلۇققا ئېرىشىشنى خالايدۇ؛ ئوتنى يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق دەپ ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپ ئاتالغان. يورۇقلۇققا، يەنى ئاي، كۈن، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغانلىقتىن، جۇڭگولۇقلار ئۇنى تەڭرىگە سېغىنىش دەپ ئاتىغان. ئاتاشپەرەسلىك قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئىشتۇر»[1].

قەدىمكى ئودۇندا تارقالغان ئاتەش دىنى ھەققىدىكى مەلۇمات-لارنى بەزى قېزىپ چىقىلغان ۋەسىقىلەر ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەر-دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: «ئۇ-دۇن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ‹قۇياش› نى بىلدۈرىدىغان urmaysde سۆزى ئاتەش دىنىنىڭ باش ئىلاھى ahura mazda (ئاھۇرا مازدا) نى بىلدۈرىدۇ. ئۇدۇن بۇددا نوملىرىدىكى ھىندى ئايال ئىلاھى sri (لەكشمى شرى) دېگەن سۆزنى ۋە سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نوملىرىدىكى nahadevi (ئۇلۇغ تەڭرى ئىلاھىسى) دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىشقا ئىشلىتىلگەن ssandrāmatā دېگەن

---

[1] چېن يۈەن: «جۇڭگودىكى ئاتاشپەرەسلىكنى تەتقىق قىلىش»، «چېن يۈەننىڭ تارىخىي ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى، 109 - بەت.

سۆز «ئاۋېستا» دىكى ئىلاھ apsnta ārmaitis دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. ئودۇنلۇقلار يەنە سانسكرىتچە كىتابتىكى sumeru (سۇمېر تېغى) دېگەن سۆزنى «ئاۋېستا» دىكى hara ياكى haraiti دېگەن سۆز بىلەن تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نىيا قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىكى ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ يىلنامىسىگە ئىشلىتىلگەن بىر ۋەسىقە ئەينى چاغدا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئاتەش دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى، ۋاقتى Ⅲ ئەسىردىن كېيىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوغدىلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ دەسلەپ ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قەدىمىي مىللەت، يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار يىپەك يولى بويىدىكى رايونلار ئارىسىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرغان ياكى ئۇ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى خەنزۇچە ھۆججەت - ماتېرىياللاردا ئۇدۇن خەلقىنىڭ ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئاندا - ساندا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشەنچلىك تارىخ. «كونا تاڭنامە» نىڭ 198-جىلتىدا: «(ئۇدۇن بەگلىكى) ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا بەش دەۋر تارىخى باشقا بەگلىكلەر تەزكىرىلىرى» دە: «ئۇدۇنلۇقلار ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇدۇندىكى ئاتەش دىنىنىڭ نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە ئۇققىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر خىل ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە مۇنداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز: ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولاتتى، نەزىر مۇراسىمدا ئىلاھقا ئاتاپ چوڭ داش قازانلاردا كالا، قوي گۆشلىرى پىشۇرۇلاتتى، مۇراسىم نەزىر - چىراغ رىياسەتچىسى (كاھىن) نىڭ باشقۇرۇشىدا بارىبت، ناغرا، سۇناي تەڭكەش قىلىنىپ پېرە ئوينىلىپ، ئىلاھ-

قا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىناتتى. بەزى ۋاقىتلاردا بۇنداق مۇراسىملار
بىر قانچە كۈن داۋاملىشاتتى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، خوتەن-
نىڭ بەزى يېزىلىرىدا يەرلىك تۇس ئالغان نەزىرلىرىدە ئەجدادلار-
غا چوقۇنۇش، تەبىئەتكە ۋە ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ ساقىندىلىرى
يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلىنىپ قالغان، بۇنىڭدا ئەڭ ۋەكىل
خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «ئۈچ مەنزىل» دۇر. يەنى «يەر،
كۈن، ئاي ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئاسمان يۇقىرى مەنزىل؛ ئادەمگە
پايدىلىق بولغان تاغ ـ دەريا، ھەتتا كائىنات ئوتتۇرا مەنزىل؛
ئائىلىلەردىكى بۇت تەكچىسى ئادەمنىڭ ئاساسى، ئۇ روھنى خۇپىي-
يانە قوغدايدۇ، بۇ تۆۋەنكى مەنزىلدۇر»①. ئاتەش دىنىنىڭ ئىلا-
ھى بىلەن تەبىئەت ئىلاھى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ ھەم كىشىلەر
ئارىسىدىكى بەزى ئادەتلەر ئۆزگىرىپ بىر ـ بىرىگە سىڭىپ
كەتكەچكە، كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئادەتلەرنىڭ ئاتەش دىنىدىن
كەلگەنلىكى ياكى تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن كەلگەنلىكىنى ئايرىش
ناھايىتى تەس بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەندە كىشىلەر
توي قىلغاندا يىگىت بىلەن قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىدىغان ئادەتلەر
داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئادەت ئاتەش دىنىنىڭ قالدۇقى دەپ
قارالماقتا. ئېنىقكى، بۇ ئادەتتە ئوت ئىلاھىغا سېغىنىپ، يېڭى
توي قىلغان يىگىت ـ قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەش ئىپادى-
لەنگەن.

## 2. مانى دىنى

مانى دىنى ئۆز ئاساسچىسىنىڭ نامى مانى بولغاچقا شۇ نام
بىلەن ئاتالغان. ئۇ مىلادىيە III ئەسىرلەردە ئاسىيا، ياۋروپا ۋە
ئافرىقىلاردا تارقالغان. مانى دىنى ئۆزىنىڭ ھەر قايسى دىنلارنىڭ
جەۋھەرلىرىدىن ھاسىل بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. مانى

---

① «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ۋە ئەپسانىلەر ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۈگىنىش نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى؛ 610 ـ بەت.

دىنىنىڭ دەستۇرى مانى يازغان يەتتە كىتابتۇر، لېكىن بۇلارنىڭ
ھېچقايىسىسى ساقلىنىپ قالمىغان. مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى
«ئىككى مەنبە، ئۈچ مەنزىل» دىن ئىبارەت. «ئىككى مەنبە»
دېگىنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتۇر.
قارىغاندا، بۇ مەزمۇننىڭ ئاتەش دىنىنىڭ ئەقىدىسىدىن كەلگەنلى-
كى ئېنىق. «ئۈچ مەنزىل» دېگىنى دەسلەپكى مەنزىل، ئوتتۇرا
مەنزىل ۋە ئاخىرقى مەنزىل، يەنى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى-
دۇر. «ئىككى مەنبە» باشتىن ـ ئاخىر «ئۈچ مەنزىل» ئىچىدە
كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن «ئوتتۇرا مەنزىل» دىكى كۈرەش ھەممى-
دىن شىددەتلىك بولىدۇ. مانى دىنىنىڭ ئالىي ئىلاھى زەرۋان
ئىلاھتۇر، ئۇ يورۇقلۇق دۇنياسىنىڭ ئىگىسى، زەرۋان ئىلاھى-
نىڭ ئىككى مەنبەسى كۈن بىلەن ئايدۇر. مانى دىنى بۇتقا چوقۇن-
مايدۇ، پەقەت نۇر چېچىپ تۇرغان كۈن ۋە ئايغىلا چوقۇنىدۇ،
شۇڭا مانى دىنىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىبادەتخانىسىدا
كۈن بىلەن ئاينىڭ سۈرىتى بولىدۇ. مانى دىنىدا «ئۈچنى چەك-
لەش»، «ئون پەرھىز» ئارقىلىق ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش
تەلەپ قىلىنىدۇ. «ئۈچنى چەكلەش» دېگەندە، ئېغىزنى چەك-
لەش، قولنى چەكلەش، كۆڭۈلنى چەكلەش، يەنى يالغان سۆزلى-
مەسلىك، ئەسكى ئىش قىلماسلىق، شەھۋەت نەپسىگە ئەگەشمەس-
لىك قاتارلىق ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ «ئون پەرھىز» بۇتقا
چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق،
ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق،
ساختا ئىش قىلماسلىق، بىدئەت يولغا ماڭماسلىق، ئالا كۆڭۈل-
لۈك قىلماسلىق، ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتى-
دۇ. لېكىن، مانى دىنىنىڭ بەش تەبىقىگە بۆلۈنگەن دىنىي خادىم-
لىرى بىلەن مۇخلىسلىرىنىڭ ھەر تەبىقىسىنىڭ «ئۈچنى چەك-
لەش»، «ئون پەرھىز» نى بەجا كەلتۈرۈشكە قويۇلغان تەلەپ
ئوخشاش ئەمەس. مانى دىنى مۇخلىسلىرى ھەر كۈنى تۆت قېتىم

دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، يەنە روزا تۇتىدۇ ۋە تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇيدۇ. مانى دىنىدا نەزىر قىلىش، روزا تۇتۇش، تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇش، ئۆلگەنلەرگە ماتەم بىلدۈرۈش ئىشلىرى شېئىر ئوقۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، «مانى دىنى قەسىدىلىرى» ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ توپلىمىدۇر.

مانى دىنى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەن دىنلارنىڭ بىرى، لېكىن ئۇنىڭ قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال VI ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەرخىل ئالامەتلەردىن قارىغاندا، مانى دىنىنى سوغدىلار شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇدۇن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلار مانى دىنى تارقىلىپ كىرگەن جايلاردۇر. چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «مانى دىنى چۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولى ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا كىرگەن. بۇ جۇڭگوغا ۋۇزېتيەن پادىشاھ بولغان چاڭشۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 694 - يىلى) دىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ… شەرقتە مانى دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلار سوغدىلارلا ئەمەس، تۇخارلارمۇ بار ئىدى»[1].
لېكىن، مانى دىنىنىڭ ئۇدۇنغا قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكى، مانى دىنىنى تارقىتىش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيال يوق. بۇنى پەقەت بەزىبىر پارچە - پۇرات تارىخىي ماتېرىياللارغىلا قاراپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. سۇڭ سۇلالىسى جيەنلۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى) ئۇدۇن پادىشاھى ۋىسارا تەڭرىخان سۇڭ خاقانىغا يوللىغان سوۋغا - سالامنى ئېلىپ ماڭغان ئۆمەككە مانى دىندارلىرىنى قوشۇپ قويغان، ئۇدۇن خانى سۇڭ خاقانىغا ئەۋەتكەن سوۋغىلار ئەينەك قاچا - قۇچا، كىمخاپ، دۇردۇنلار ئىدى. بۇددا

① يۇ تيەنخېڭ، «غەربىي رايون مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، 1981 - يىلى، 59 - بەت.

دىنى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۇدۇندا مانى دىنىنىڭمۇ تارقىلىشى مانى دىنىنىڭ بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدىن نۇرغۇن تەركىبلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئىدى. مەسىلەن، «ئۈچنى چەكلەش»، «ئون پەرھىز» ئىچىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار بۇددا دىنىدىكى پەرھىزلەر بىلەن زىت ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بولغان. شۇنداق بولغاچقا بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مانى دىنى شەرققە تارقىلىش داۋامىدا بۇددا دىنىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلغان... مانى دىنىنى تارقاتقۇچىلار مانى دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنى تارقىتىش داۋامىدا كۆپ نەرسىلەر-نى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. بولۇپمۇ بۇددا دىنى راۋاج تاپقان جۇڭگودەك دۆلەتتە مانى دىنىنى راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن بۇددا ئەقىدىلىرىگە (يەنە تويىن دىنى ئەقىدىلىرىمۇ بار) تايانماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بەزى ھۆججەتلەردە «مانى ئەسلىدە بىدئەت قاراش تۇرسا، ئۇنى بۇددا دىنى دەۋالغان» دېگەن گەپلەر ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ دەۋرىدە خەنزۇچە يېزىلغان مانى دىنى دەستۇرلىرىدىكى بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىدىنمۇ بۇ مەسىلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بۇددا يۇرتى بولغان ئۇدۇن-دىمۇ شۇنداق بولغان.

### 3. نېستورى دىنى

نېستورى دىنى — خىرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىنكى ئاتىلىشى. بۇ دىنىنىڭ ئاساسچىسى نېستورى بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان، نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقالغانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پاكىتى تاڭ سۇلالىسى دېزۇڭ جيەنجۇڭنىڭ 2 - يىلى (781 - يىلى) «نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش ئابىدىسى» دۇر. بۇ ئابىدە خەنزۇچە يېزىلغان، ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىگە سۈرىيە

يېزىقىدا 70 نەپەر نېستورى دىنى كاھىنىنىڭ ئىسمى ھەم ۋەزىپە-
سى يېزىلغان. ئابىدىدىكى تېكىست مۇقەددىمە ۋە قەسىدىدىن
تۈزۈلگەن. مۇقەددىمىدە نېستورى دىنىنىڭ ئاساسي ئەقىدىسى
ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان. تارىخىي
ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، نېستورى دىنى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە تارقىلىپ كىر-
گەن، شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى تەخمىنەن VI ئەسىر ئەتراپىدا
بولسا كېرەك، ئۇ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىغىچە بولغان
ئارىلىقتا تازا گۈللەنگەن.

خىرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى V ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنى سۇرىيىلىك نېستورى
تىكلىگەن. نېستورى مىلادىيە 428 — 431 - يىللىرى كونستان-
تىنوپولنىڭ باش ئېپىسكوپى بولغان. ئەينى چاغلاردا كونستانتى-
نوپول چېركاۋىدا بۈۋى مەريەم ئادەممۇ ياكى ئىلاھمۇ دېگەن
كەسكىن تالاش - تارتىشلار بولۇۋاتاتتى. نېستورى بۈۋى مەريەم
ئانىنى «ئىلاھنىڭ ئانىسى» دېيىش ئىيسانىڭ شاگىرتلىرىغا بەر-
گەن تەلىمىگە خىلاپ كېلىدۇ ھەم دىنىي جەمئىيەتنىڭ ماقۇللۇ-
قىنى ئالمىغان دەپ قارىغان، كەسكىن پىكىر ئىختىلاپلىرىغا
قارىتا مۇرەسسەچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۈۋى مەريەم ئانىنى
«خىرىستوسنىڭ ئانىسى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان،
لېكىن بۇ پىكىر ئالېكساندرىيە شەھىرىنىڭ باش ئېپىسكوپى
سىرىيىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن نېس-
تورى سۈرگۈن قىلىنىپ، مىسىردا ئۆلگەن، بۈۋى مەريەم «ئى-
لاھنىڭ ئانىسى» دېگۈچىلەر غەلىبە قىلغان. نېستورىنىڭ مۇخ-
لىسلىرى ئۇنىڭ تەلىماتىنى شەرققە كېڭەيتىپ، مىسوپوتامىيە-
دىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن، شىنجاڭدىن يەنە چاڭئەنگە ۋە
دېڭىز بويلىرىغىچە بېرىپ، بارا - بارا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيت-
كەن، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا 25 دىنىي رايون شەكىللەنگەن، XIV

ئەسىرگە كەلگەندە موڭغۇللار ئۇلارنى پارچىلىۋەتكەن. تاڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە چاڭئەن رايونى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىدىقۇت رايونى
نېستورى دىنىنىڭ مەركىزى ئىدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىس-
مىدا، نېستورىلارنىڭ باش ئېپىسكوپى ئىرىيا (1176—1190-
يىللىرى) قەشقەردە باش دىن تارقىتىش رايونى قۇرغانىدى، غەر-
بىي لياۋ دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ رايوننىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ،
قەشقەر، ئۇدۇن ۋە يەتتە سۇ رايونىغىچە يېتىپ بارغان. XX
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن تېپىلغان نېستورى
دىنىغا ئائىت كىتابلارمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باش دىن تارقى-
تىش رايونىدىن چاڭئەنگە تارقالغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىنى-
غان، ئاندىن كېيىن يەنە دۇنخۇاڭغا تارقىلىپ كېلىپ كۆچۈرۈل-
گەنىدى. دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن نېستورى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك
يەتتە پارچە كىتاب تېپىلغان. ئۇنىڭ بىرسىدە تىلغا ئېلىنغان
«ئۈچ ھەيۋەت» مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل، مۇقەددەس
روھتىن ئىبارەت «ئۈچ بىر گەۋدە» نىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسىتى-
دۇ، ئۇ «ئۈچى بىر گەۋدە» گە، ئەۋلىيالارغا ۋە كىتابلارغا توقۇل-
غان مەدھىيىدۇر، ئۇنىڭدا يەنە باشقا مەزمۇنلارمۇ بار. نېستورى
دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ھۆججەتلىرى ئىچىدە تۇر-
پاندىن چىققانلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسىي جەھەت-
تىن سوغدى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر
پېرسىيە يېزىقى ۋە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت تۆت خىل
يېزىقتا يېزىلغانىدى. نېستورى دىنىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى
رايونلارغا تارقالغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار «ماركوپولونىڭ سايا-
ھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ جايدا (قەش-
قەردە) نېستورى تەرەپدارى بولغان خىرىستىئانلار كۆپ ئىكەن
ۋە ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرى بار ئىكەن» دېيىلگەن؛ يەنە: «يەكەن
بىر ئايماق بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، دائىرىسىنى
بەش كۈندە مېڭىپ بولغىلى بولىدىكەن، ئاھالىلىرى مۇھەممەد

بەيغەمبەرنىڭ دىنىغا بويسۇنىدىكەن، يەنە خىرىستىئان دىنىنىڭ
نېستورى مەزھىپىگە ھەم ياكوب مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار-
مۇ بار ئىكەن» دېيىلگەن. 1896 - يىلى شۋېتسىيىلىك ئېكسپې-
دىتسىيىچى سۋېن ھېدىن خوتەننىڭ يوتقان دېگەن يېرىدىن تاپقان
كرېست چۇشۇرۇلگەن بىر داچەن بۇنىڭ دەلىلىدۇر. لېكىن،
ماركوپولو «خوتەن ئايمىقى» دېگەن ئەسىرىدە نېمە ئۈچۈن ئاھالى-
لەرنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنىلا
تىلغا ئېلىپ نېستورى دىنىنى تىلغا ئالمىدى؟ بۇ يەردە مۇنداق
بىر ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن: خوتەن رايونىدا نېستورى
دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار قەشقەر باش دىن تارقىتىش رايونىغا تەۋە ئىدى، قەشقەر،
يەكەنلەر بولسا ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېستورى دىنىنى
تارقىتىش مەركىزى ئىدى، يەنە كېلىپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە
قەشقەر، يەكەنلەر ئاساسلىق سودا شەھىرىگە ئايلانغان، خوتەن
چەتتە بولغاچقا جوغراپىيە ۋە سودا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى
يوقاتقانىدى. شۇڭا، ماركوپولو دىققەت نەزىرىنى قەشقەر بىلەن
يەركەنگە قويۇپ، خوتەندە قىسقا ۋاقىتلا توختاپ كېتىپ قالغان
بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى
نېستورى دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالماسلىقى
ئەقىلغا سىغىدىغان ئىش.

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قەشقەر، ئۇدۇن رايونلى-
رىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسى-
مۇ، لېكىن بۇ يەرلەردە شۇنىڭ بىللە يەنە نېستورى دىنى
ۋە مانى دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھال موڭ-
غۇللارنىڭ غەربىي رايوننى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا ھەر خىل
دىن ۋە مەدەنىيەتكە قارىتا كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى
تۇتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدە
جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى ئوخشايدىغان يەرلىرى بول-

غاچقا، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايوندا ئاسانلا تارقىلىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئاپتورى: جۇڭ گاۋ**

## ئۈچىنچى بۆلۈم بۇددا دىنى

ئۇدۇن غەربىي رايوندىكى مەشھۇر بۇددا بەگلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ۋە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇدۇنغا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ھەققىدىكى يازما پاكىتلار ئاساسەن ئەپسانە تۈسىنى ئالغان دىنىي رىۋايەتلەردۇر. مەسىلەن، شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 12 ـ جىلتىدە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن:

ئاستانىنىڭ جەنۇبىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتا بىر كاتتا ساڭرام بولۇپ، ئۇدۇن پادىشاھى ۋايىچرا سامپاۋا ئۇنى بىروزانا ئەرھەتكە سېلىپ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ بەگلىك تېخى بۇددا دىنىنىڭ مەرھەمىتىگە مۇشەررەپ بولمىغان، ئەرھەت بولسا كەشمىردىن بۇ يەرگە كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئۇدۇن خانىغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلدۈردى ھەمدە: «تەتاگەتە (بۇددا) خالايىققا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۈچ قات ئالەمگە باشلايدۇ، ئۇ گاھ زاھىر بولىدۇ، گاھ غايىب بولىدۇ، گاھ ياشايدۇ، گاھ يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ يولىغا ھۆرمەت قىلغۇچىلار ئۆلۈمدىن ساقىت بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا بىرىلگەنلەر ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزۈلمەيدۇ، ئەگەر ساڭرام سالسا، ئۇ-

نىڭ ساۋابىنى كۆرىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇدۇن پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ، بەگلىكتىكى تۇنجى ئىبادەت-
خانا — زەنمۇ ئىبادەتخانىسىنى سېلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن كى-
شىلەرنى بۇت ھەيكىلىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ھەمدە
جاڭ ئۇرۇپ كىشىلەرنى يىغىپ، دەرمە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.
ئۇدۇن پادىشاھى بۇددىغا چوقۇنۇپ، پۈتۈن بەگلىك ئىچىدە بۇددىغا
داغدۇغىلىق ھۆرمەت بىلدۈرگەن. «لوياڭ ساڭراملىرى ھەققىدە
قىسسە» دېگەن نومنىڭ بەشىنچى جىلدى «سۇڭ يۈن، خۇي
شىڭلارنىڭ غەربىي رايون ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ مۇشۇنداق
بايانلار بار. زاڭزۇ يېزىقىدىكى «ئۇدۇننىڭ بۇددا تەلىماتى تارى-
خى» دىكى رىۋايەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇددا دىنى-
نىڭ ئۇدۇنغا تارقالغان ۋاقتى ھەققىدە ھازىر ئومۇميۈزلۈك قو-
بۇل قىلىنغان قاراش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوت-
تۇرىلىرى دېگەندىن ئىبارەت.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قات-
ناشنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇدۇننىڭ ئىقتى-
سادى گۈللىنىشكە باشلاپ، بارا - بارا كۈچەيدى، ئۇ شەرق ۋە
غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، غەربىي رايوننىڭ جەنۇ-
بىي يولىدىكى كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇددا
دىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقىلىشتىن ئىلگىرى،
ئۇدۇن بەگلىكىدە بۇددا دىنىنىڭ ھىنەيانە مەزھىپى ئومۇملاشقانى-
دى. كېيىن مەھايانە مەزھىپى تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ،
يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتەلمىدى. ئەمما، بۇددا دىنى خەنزۇلار رايونىغا
تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، خەنزۇ بۇددىستلار ئۆزلىرى ئىگى-
لىگەن بىلىمگە قانائەت قىلماي، بۇددا ئىلمىنى كۆپرەك تەھسىل
قىلىش ئۈچۈن بەس - بەستە غەربىي يۇرتقا كەلدى. لياڭ سۇلالى-
سى دەۋرىدىكى راھىب سېڭ يۇ «ئۈچ يۇرۇش نوملار توپلىمى»

دا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ۋېي سۇلالىسى گەنلۇنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 260 - يىلى) جۇ شىشىڭ غەربتىكى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كەلگەن ۋە مەھايانە مەزھىپىنىڭ «پراجنىيە پارەمىتا» دېگەن كىتابىنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىنىڭ 600 مىڭ سۆزلۈك 90 بابىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە «پراجنىيە پارەمىتا» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى شاگىرتىدىن لوياڭغا ئەۋەتمەكچى بولغان. ئۇدۇندىكى ھىنەيانە مەزھىپىدىكىلەر نومنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن پادىشاھىنى قۇترىتىپ، ئۇنى ئەۋەتىشىنى توسۇپ قويغان. بۇ ھىنەيانە بۇددىزمىنىڭ ئۇدۇن خانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مەھايانە بۇددىزمىنى كۆچەپ چەتكە قاققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيە 282 - يىلى فو رۇتەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى لوياڭغا ئېلىپ بارغان، كېيىن ئۇنى ئۇدۇنلۇق ئۈچالو بىلەن خېنەنلىك زاھىت جۇ شۇلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، بىر مەھەل ئەۋجىگە چىققان ئىلمىي ھېكمەت ئۆگىنىش كەيپىياتىغا ماسلاشقان. بۇ مەھايانە مۇددىزمىنىڭ ئۇدۇن بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۈچ يۈرۈش نوملار توپلىمى» نىڭ 7 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇدۇنلۇق راھىب جىدومىلو جىن سۇلالىسى تەيكاڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 286 - يىلى) «پراجنىيە پارەمىتا» نىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەۋەتەمسەكە سۇترە، پرەجنا سۇترە قاتارلىق مەھايانە نوملىرى ۋە ئاگەمە سۇترە قاتارلىق ھىنەيانە نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ پاكىتتىن ئۇدۇندا بۇددا دىنىنىڭ مەھايانە مەزھىپى بىلەن ھىنەيانە مەزھىپىنىڭ تەڭ تارقالغانلىقىنى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇدۇن بەگلىكى بۇددا دىنىنى بەگلىكنىڭ دىنى قىلغانلىقى بىلەن شەرق، غەرب ئەللىرىدە تونۇلغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى

ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇددا دىنى تەرەققىي
قىلىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا يەتكەن. بۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتى-
كى راھىبلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئاز - تولا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
مەسىلەن، جىن سۇلالىسى لۇڭئەننىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە
401 - يىلى) فاشيەن ئۈدۈندىكى قومات ساڭرامىغا بېرىپ ئۈچ
ئاي تۇرغان. ئۇ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» («فاشيەننىڭ
تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن كىتابىدا ئۈدۈندىكى بۇددا
دىنىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان: «بۇ بەگ-
لىك مەمۇرچىلىققا تولغان، خەلقى باياشات ئىكەن، ئۇلار بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بۇددا مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرىدى-
كەن، راھىبلىرى نەچچە ئون مىڭ بولۇپ، كۆپىنچىسى مەھايانە
مەزھىپىدە ئىكەن، ئۇلار ئوپچە غىزالىنىدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ
پۇقرالىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا كىچىك بۇددا
مۇنارى بار ئىكەن، ئەڭ كىچىكلىرىمۇ ئىككى گەز كېلىدىكەن،
چاسا شەكىللىك قىلىپ سېلىنغان راھىبخانىلار ئۆتكۈنچى راھىب-
لارغا قونالغۇ قىلىپ بېرىلىدىكەن.» بۇلاردىن مەلۇمكى، ئەينى
چاغدا، ئۈدۈن بەگلىكىدە بۇددا دىنىنىڭ مەھايانە مەزھىپى ئۈس-
تۈن ئورۇندا تۇرغان، فاشيەن تۇرغان ھېلىقى ساڭرام مەھايانە
مەزھىپىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا 3000 راھىب بول-
غان. ئۇلار تاماقخانىغا ھەيۋەت بىلەن تەرتىپلىك كىرىپ، جىم-
جىت ئولتۇرۇپ غىزالىنىدىكەن، غىزا يېگەندە گەپ قىلماي،
پەقەت قولىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىكەن، بۇنىڭدىن ئۇلاردىكى تەر-
تىپنىڭ چىڭلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. فاشيەن بۇ خاتىرىسىدە يەنە
ھەيۋەتلىك بۇت ئېلىپ يۈرۈش مۇراسىمىنى سۈرەتلەپ بەرگەن:
ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە تۆتىنچى ئاينىڭ بېشىدا
كوچا - كويلار پاكىز سۈپۈرۈلۈپ ۋە سۇ چېچىلىپ، چىرايلىق
بېزىلىدىكەن. شەھەر سېپىلى ئۈستىگە بارگاھ قۇرۇلىدىكەن، بۇ
پائالىيەتكە پادىشاھ، خانىش، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر قاتنىشىدى-

كەن. ئۈچ - تۆت يول يىراقلىقتىكى قومات ساڭرامىدىكى راھىب-
لار مەھايانە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن، پادىشاھمۇ شۇ مەز-
ھەپكە ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىكەن. بۇت ھار-
ۋىسى تۆت چاقلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچتىن ئاشىدى-
كەن، ئۇ خۇددى كۆچمە سارايغا ئوخشايدىكەن، يەتتە گۆھەردىن
بېزىلىدىكەن، ئۈستىگە ئېسىلغان تۇغ - ئەلەملەرنىڭ چۇچىلىرى
ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن، بۇت ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ،
يېنىغا بودساتۋا ۋە مۇلازىملارنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلىدىكەن،
ئۇلارنىڭ بېزەكلىرى كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىكەن، شەھەر
قوۋۇقىغا يۈز قەدەم قالغاندا پادىشاھ تاجىنى ئېلىۋېتىپ يېڭى
كىيىم كېيىپ، قولىغا ئىسرىق ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ،
بۇتنى قارشى ئالىدىكەن ۋە كۈجە يېقىپ، گۈل چېچىپ، بۇتقا
باش ئۇرىدىكەن. بۇت ھارۋىسى شەھەرگە كىرگەندە، قوۋۇق
ئۈستىدىكى خانىش ۋە كېنىزەكلەر گۈل چاچىدىكەن، بۇ كۆرۈ-
نۈش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك تۈس ئالىدىكەن، ھارۋىلارنىڭ ھەرخىل
بولۇشى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن، پۈتۈن بەگلىكتە جەمئىي
14 چوڭ ساڭرام بولۇپ، ھەر بىر ساڭرام بۇ مۇراسىمنى بىر
كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، نۇرغۇن پۇل ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىنغان
بۇ پائالىيەت ئەۋجىگە چىقىپ، پۈتۈن بەگلىكنى بىر ئالىدىكەن،
بۇ پائالىيەت 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ، 14 - كۈنى
ئاخىرلىشىدىكەن. دېمەك، تۆۋەندىكىلەرمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇللار
بىلەن بۇددا مەدەنىيىتىنى تېزلىكتە ھەرقايسى تەرەپلەرگە كېڭەيت-
كەن. ئەينى چاغدا، چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇنلىغا
بۇددا نوملىرى كەينى - كەينىدىن ئىچكىرىگە ئەۋەتىلىپ، بۇددا
تەلىماتلىرى كۆپلەپ ئالماشتۇرۇلغان، بۇ جەھەتتىكى تەرجىمە
ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلغانىدى. مەسىلەن، سىرامان جى فالىڭ
ئۇدۇندا «بۇددا ۋەتەمسەكە - مەھاۋەيپۇلىيە سۇترە»، «دەرمەگۇپتە
ۋىنەيە» ھەم تەن ۋۇدېنىڭ نوملار دىۋانى «بۇددا يەشەس» قاتارلىق

نوملارغا ئېرىشكەن. تەن ۋۇچېن «مەھاپەرى نىرۋانە سۇترە» نىڭ ئالدىنقى ئون جىلدىنى ئېلىپ كېتىپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلـ-
غان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «براھما جالە سۇترە» نى خەنزۇچىـ-
غا تەرجىمە قىلغان، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئاخىرـ-
قى قىسمى بولۇپ 33 جىلدىنى ئېلىپ كېتىپ، ھەممىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، مىلادىيە 418 - يىلى (شەرقىي جىن سۇلالىسى ئەندى خان يىشىنىڭ 14 - يىلى) «بۇددا ۋەتەمـ-
سەكە مەھاۋەيپۇلىيە سۇترە» نى تولۇق تەرجىمە قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا دىنى ساھەسىدە ئومۇملاشتۇرغان. «ئۈچ يۇرۇش نوملار توپلىمى» دە خاتىرىلىنىشىچە، لياڭجۇ ئايمىقىدىكى تەن شۆ، ۋېي دې قاتارلىق سەككىز راھىب بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇدۇنغا كەلگەن، بۇ دەل ئەينى ۋاقىتتا بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا ئەقىدىسى مۇھاكىمە يىغىـ-
نى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغ ئىدى. بۇ بىر كاتتا دىنى يىغىلىش بولۇپ، بۇددا شەيخلىرى بۇددا تەلىماتلىرىنى بايان قىلىپ مۇتالـ-
ئە ئېلىپ باراتتى. تەن شۆ قاتارلىق سەككىز راھىب ھەرخىل ۋەزتەبلىغلەرنى ئوبدان ئاڭلاپ بىرمۇ بىر خاتىرىلىۋېلىپ، ئىدىـ-
قۇتقا كەلگەندە ئۇلارنى بىر توپلام قىلىپ، ياخشىلىق، يامانلىق، دانىشمەنلىك، ئەقىلسىزلىقنى شەرھلىگەن. شىمالىي ۋېي سۇلاـ-
لىسى شىگۇاڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 445 - يىلى) خېشىلىق سىرامان خۇيلاڭ ئۇنىڭ ماۋزۇسىنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەقـ-
قىدىكى سۇترە» دەپ ئۆزگەرتكەن. يۇقىرىقى ماتېرىياللار مىلادىـ-
يە V ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇدۇندا مەھايانە مەزھىپى دىنىي كىتابلىرىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەللەشكەنلىكىنى، ئۇدۇن بۇددا نەزەرىيىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن راھىبلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، تاۋاپ - زىيارەت قىلىش، بۇددا نوملىرىنى ئېـ-
لىش، بۇددا تەلىماتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇدۇنغا كېلىـ-

30 - ئەسىرنىڭ V مىلادىيە بولغان. كۆپ تېخىمۇ دىغانلار
يىللىرى جيۇچۇەنلىك راھىب بېي لەن غەربىي رايونغا ساياھەت
ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغاندا، كەشمىر بەگلىكىدىكى راھىب
بۇدىدەرمەبىكشۇدىن شىلەدەرمە (پەرھىز) نى تەلىم ئېلىپ، قاي-
تىش يولىدا ئۇدۇنغا چۈشۈپ، بۇددا تەلىماتلىرىدىن دەرس ئۆت-
كەن. «ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى ئۈچ گۆھەر كىتابلار» دا قەيت
قىلىنىشىچە، سۇڭ سۇلالىسى يۈەنخۇينىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە
475 - يىلى) فاشيەن تاۋاپ - زىيارەت قىلىش ئۈچۈن جىنلىڭ-
دىن چىقىپ باشۇ دىيارلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كېلىپ پامىردىن
ئۆتمەكچى بولغاندا، يول توسۇلۇپ قالغاچقا، ئۇدۇنغا قايتىپ
كېلىپ، بۇ يەردىن «سەددەرمە پۇنتەرىكە سۇترە» بىلەن «ئەۋەلو-
كېتىشۋەر كىشانتى سۇترە» نىڭ بىردىن ئەسلىي نۇسخىسىغا ۋە
بىر تال پىل چىشىغا، 15 تال شارىپۇترەگە ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن
شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئەينى چاغدا ئۇدۇندا بىر مەخپىي دىن
تارقىلىشقا باشلىغان. مەھايانە مەزھىپىنىڭ كۆپ خۇدالىققا قاراپ
مېڭىشى بۇددا دىنىنىڭ ئەل ئارىسىغا قاراپ يىلتىز تارتىشقا
باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى.

ئۇدۇن بەگلىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي
كۈچىگە تايىنىپ پۇت تىرەپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇددا مۇنارىسى-
نىڭ كۆپلەپ سېلىنىشى، راھىبلارنىڭ پارازىت قاتلىمىنىڭ كۆ-
پىيىشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇددا
دىنى ئاۋام ئىچىگە قاراپ ماڭغانسېرى ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىز-
لىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادىيە 470 - يىللىرى
ئەتراپىدا ئاۋارلار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كىرى-
شى بۇددا دىنى ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولدى. تاڭ سۇلالىسى
جېنگۇەنىنىڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 644 - يىلى) شۈەنزاڭ بۇددا
نوملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇدۇنغا كەلگەندە، ئۇدۇن خانىنىڭ
قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ

يەردە بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەينى چاغدا بەگلىكتە 100دىن ئارتۇق ساڭرام، مەھايانە ئېتىقاد- چىلىرىدىن 5000 دىن ئارتۇق كىشى بار بولۇپ، كۆلەم جەھەتتە فاشيەن دەۋرىدىكىدەك بولماي قالغانىدى، ساڭرامىلارنىڭ كۆپىنـ- چىسى چۆلدەرەپ قالغانىدى. شۈەنزاڭ ھىنەيانە مەزھىپىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا چۈشكەن، بۇ يەردە بەگلىك راھىبلىرىنىڭ يوگا، ئەبىدەرمە، كوشە، مەھايانە سەنپەرىگەھە شاستىرە قاتارلىق تۆت كىتاب ئۇستىدە مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان كاتتا يىغىلىشلىرى ئاساسەن توختىغانىدى.

شۈەنزاڭدىن كېيىن، ئۇدۇن راھىبلىرى ئىچكى رايونلارغا بېرىپ بۇددا ئەقىدىسىنى تارقىتىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش دولقۇنىنى قوزغىغان، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. تاڭ سۇلالىسى ۋۇ زېتيەن تيەنشۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 691 - يىلى) ئۇدۇن راھىبلىرىدىن تيۈن بەنرۇ مەھايانە ۋە ھىنەيانە مەزھەپلىرىگە دائىر بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىپ كامالەت- كە يەتكەنىدى. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ۋېيگودۇڭ ئىبا- دەتخانىسى (كېيىن داجۇ ئىبادەتخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) دا «ئەۋەتەمسەكە سۇترە» بىلەن «مەخپىيەت مەزھىپى» نوملىرىنىڭ ئىككى چوڭ جىلدىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا «مەھايانە دەرمەداتۇدا پەرق يوقلۇقى ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنىڭ بىرىنچى جىلدى بىلەن «زاۋشياڭ دىيانە سامادى» نىڭ ئالتە قىس- مىنى تەرجىمە قىلغان. ۋۇ زېتيەن بۇددا دىنىنى تەرەققىي قىلدۇ- رۇپ، مەھايانە نوملىرىغا ئەقىدە قىلىپ، «بۇددا ۋەتەمسەكەمەھا- ۋەيپۇلىيە سۇترە» نىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىنى ئىزدەۋاتقاندا ئۇ- دۇنلۇق راھىب شىكشانەندە ئۇنى ئېلىپ چاڭئەنگە بېرىپ، مىلادىيە 695 - يىلىدىن 699 - يىلغىچە «80 جىلدلىق ئاۋەتەم- سەكە سۇترە» نى تەرجىمە قىلغان، مىلادىيە 700 - يىلى يەنە «ئەۋەتەمسەكە سۇترە»، «ۋەيپۇلىيە مەزگىلى»، «مەھاپرەجنا پا-

رەمىتە سۇترە» ۋە «مەھايانە شاسترە» ، «مەھايانە ۋىنەيە» قاتار-
لىق جەمئىي 18 قىسىم 27 جىلدنى تەرجىمە قىلغان. تاڭ
سۇلالىسى جىڭلۇڭنىڭ 1 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 707 ـ يىلى
ئۇدۇن خانى ئوغلى ۋايجىرا لىنى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە تۇرۇشقا
ئەۋەتكەن، كېيىن راھىب بولۇپ ئىسمىنى جىيەن دەپ ئۆزگەرت-
كەن، تاڭ سۇلالىسى كەييۈەنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 721 ـ
يىلى) مەھايانە مەزھىپى نوملىرىدىن تۆت قىسىم ئالتە جىلدنى
ۋە ئۇلاردىن يەتتە پارچــە نــومنى تــەرجىمــە قىلغان. مىلادىيە
743 ـ يىلى ھىندىستانلىق راھىب داموجەننىلو غەربتىن قايتار
چېغىدا سۇلىدىن ئۇدۇنغا كېلىپ جىنلۇن ئىبادەتخانىسىغا چۈ-
شۈپ داۋالانغان ھەم مەھايانە ئەقىدىسىنى تارقىتىش بىلەن شۇ-
غۇللانغان. تــاڭ ســۇلالىســى دەيزۇڭنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە
774 ـ يىلى) ، «ئون باسقۇچ سۇترەسى شاسترەسى» دىكى را-
ھىبنىڭ ئىسمى چى چاۋفېڭ بولۇپ، شۈەنزۇڭ پادشاھ تيەنباۋ-
نىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 751 ـ يىلى) جاڭ تاۋگۇاڭ بىلەن
بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەلچىلىككە كېلىپ، كېسەل بولۇپ قال-
غاچقا غەربىي يۇرتتا 40 يىل بۇددا ئىلمىنى ئىخلاس بىلەن
ئۆگەنگەن، دېزۇڭ پادشاھ جېنيۈەننىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە
788 ـ يىلى) ئۇدۇنغا كەلگەن، ئۇ ئۇدۇنلۇق راھىب شىلەبودى-
دەرمە بىلەن بىرلىكتە «ئەۋەتەمسەكە سۇترە» دىكى «ئون باسقۇچ
سۇترەسى شاسترەسى» ، «ساۋابنى ئۆتۈنۈش ھەققىدە» نى تەرجىمە
قىلغان، دېزۇڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 789 ـ يىلى) بۇ
تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئېلىپ چاڭئەنگە قايتقان. بۇلاردىن قارى-
غاندا، ئەينى چاغدا ئۇدۇندا مەھايانە مەزھىپىنىڭ نوملىرى يەنىلا
تولۇق بولغان، بۇ ھال بۇ راھىبلارنىڭ يېڭى ئىدىيە ۋە بىر قەدەر
ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، بۇددا تەلىما-
تى ئۈستىدە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى راھىبلار بىلەن بىرلىكتە
مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى بۇددا

مەدەنىيىتىمۇ «باشقا يەردىن ئېلىش»تىن «باشقا يەرگە تارقىتىش»قا قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خۇيچاۋ «ئەنەتكەككە زىيارەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق خاتىرىلىگەن: بۇخارادىن جەنۇبتىكى ئۇدۇنغىچە بولغان ئارىلىق 2000 چاقىرىم كېلىدۇ، بۇ يەرلەر خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئىبادەتخانا ۋە راھىبلار كۆپ ئىكەن، ئۇلار مەھايانە مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدىكەن، گۆش يېمەيدىكەن. ئۇدۇندا بىر خەنزۇ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، «لۇڭشىن ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىلاتتى، ئىبادەتخانىنى بىر خەنزۇ راھىب باشقۇراتتى. ئۇ خېبېي يىجۇلۇق كىشى ئىدى. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بۇنداق ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىشى ئۇدۇن بۇددىزمىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى.

مىلادىيە X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇدۇندىكى بۇددا دىنىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شىنفۇ ئايمىقىغا ماكانلىشىشى بىلەن ئۇدۇننىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا تىرىرەتنەگە ئەمەل قىلاتتى. «گاۋ جۇخەينىڭ ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە كېلىشى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇنلۇقلار ئادەتتە جىن - شەيتانغا ۋە بۇددا دىنىغا ئىشىنەتتى، ۋىسارا تەڭرىخان تۇرۇشلۇق يەردە راھىب بار ئىدى. ۋىسارا تەڭرىخان، يەنى يولۋاس شاھ ۋايجرا سامپاۋا ئىخلاسمەن بۇددىست ئىدى، ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك (مىلادىيە 912 — 966 - يىللىرى) مەزگىلدە ئىقتىساد گۈللەنگەن، سىياسىي پاك، دىنىي سىياسەت كەڭرى بولغان، باشقا دىنلار، مەسىلەن، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، يەھۇدىي دىنى، خىرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار چەتكە قېقىلماي، ئۇدۇن تەۋەسىدە تارقىلىشقا يول قويۇلغان، بۇ دىنلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمىغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر بىلەن

بولغان مۇناسىۋەتتە راھىبلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.
«سۇڭ تارىخى» نىڭ 490 ـ جىلد «ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە خاتى-
رىلىنىشىچە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى چيەندېنىڭ 3 ـ يىلى
(مىلادىيە 965 ـ يىلى) ئۇدۇنلۇق راھىبلاردىن شەن مىڭ بىلەن
شەن فا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇ-
رۇشقا بېرىپ، خاننىڭ سۆسۇنە كىيىم ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن.
شەن مىڭ ئوردىغا يەنە بىر قېتىم كەلگەندە، شاھ تەرىپىدىن
ئۇستاز ھەزرەت دېگەن نام بېرىلگەن. سۇڭ سۇلالىسى كەيباۋنىڭ
4 ـ يىلى (مىلادىيە 971 ـ يىلى) ئۇدۇن راھىبى جى شياڭ
خانغا مەكتۇپ سۇنغان ۋە قەشقەردە ئېرىشكەن غەلىبە خۇشاللىقى
تەسۋىرلەنگەن سۈرەتنى سوۋغا قىلغان. بۇ چاغدا ئىسلام دىنىدىن
ئىبارەت يوشۇرۇن خەۋپ يېقىنلاپ قالغانىدى.
مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا
قاراخانىيلار سۇلالىسى باش كۆتۈردى. سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام
دىنىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. مۇنداق زورلۇق تەدبىرى
ئالاقزادىلىك ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋە-
سارا تەڭرىخان بۇددا دىنىنى قوغدىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىقىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىزباسارلىرىغا قارشى نەچچە ئون
يىل دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ باردى. دەسلەپتە قاراخانىيلار سۇلالى-
سىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇدۇنلۇقلار تەرىپىدىن كۆپ
قېتىم مەغلۇپ قىلىنغانىدى. سۇڭ سۇلالىسى كەيباۋنىڭ 3 ـ
يىلى (مىلادىيە 970 ـ يىلى) ئۇدۇن شاھى ۋايجرا سۇرا شاجۇ
ئايمىقىدىكى ساۋ يۈەنجۇڭغا يازغان خېتىدە سۇلىنىڭ ئۈچ قورغى-
نىنى ئالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ ھال X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
ئۇدۇننىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ قاراخانىيلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئى-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى كېيىن-
چە «ئىماملاردىن مەدەت تىلەپ» ئۇدۇننى يېتىم قالدۇرۇپ،
ئىسلامىيەتنىڭ كۈچىنى زورايتتى. تەخمىنەن 1006 ـ يىلى

ئۇدۇن ئاستانىسى قولدىن كەتتى. ئۇدۇن شاھى ۋايجرا ساغرا ئۇرۇشتا ئۆلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى ئىشغال قىلدى، بۇددا مەدەنىيىتى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىۋېتىلدى. كۆپلىگەن مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ۋەيران بولدى، ئۇدۇن بۇددىستلىرى مەجبۇري ھالدا ئىسلامنى قوبۇل قىلدى، بۇددا راھىبلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىشتىن ئەنسىرەپ شىزاڭ ياكى چىڭخەي تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى.

ئۇدۇن قەدىمىي بۇددا دىنى رايونى ئىدى، بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر كۈچىنى باشقا دىنلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئىشغال قىلىنغان ئۇدۇن كۆرۈنۈشتە قاراخانىيلارغا ئىتائەت قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل مۇستەقىل ھاكىمىيەت بولۇپ تۇرىۋەردى. مەغلۇپ بولغان ئۇدۇن ھاكىمىيىتى كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە ئۇلغىيىشىغا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، دىنىي ئۆچمەنلىكتىن تۇغۇلغان يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇدۇندا ئىسيان كۆتۈرۈلدى، ئۇدۇن ھاكىمىيىتى قايتىدىن تىكلەندى. ئۇدۇن ئۆزىنىڭ بۇ تارىخىدىن نومۇس قىلىپ كەتمىدى، بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادى تامامەن يوقىلىپ كەتمىدى. «سۇڭ تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇڭ سۇلالىسى جىايۇنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1063 - يىلى) لوسۋېي سوۋغا - سالام بىلەن ئوردىغا بارغاندا، 10 - ئايدا ئۇدۇن خانىغا سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەرىپىدىن «ساداقەتمەن مەردۇمەردانە قارا تۇغلۇق خان» دېگەن ئوتتۇغات بېرىلگەن. بۇ XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىمۇ ئۇدۇن پادىشاھى يەنىلا بۇددا دىنىنىڭ ئىخلاسمەن ئېتىقادچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1085 - يىلى) ئۇدۇن ئەلچىسى سۇڭ پادىشاھى شېنزۇڭ ئۈچۈن «راھىبلار بەخت تىلەش مۇراسىمى» ئۆتكۈزگەن، بۇ بىر خىل بۇددا دىنى مۇراسىمى ئىدى،

بۇنىڭدىن ئۇدۇنلۇق بۇددا راھىبلىرىنىڭ يۇقىرى پەزىلىتىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

«سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما» نىڭ
199 ـ جىلدىدىكى «ھەرقايسى دەۋرلەردە سوۋغا ـ سالام يوللى-
غانلار خاتىرىسى» دە: مىلادىيە 1117 ـ يىلى، يەنى جىڭخې-
نىڭ 7 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇدۇن ئەلچىلىرى
مالىمۇمى، ئادەنسالۇ، ئورۇنباسار ئەلچى مۆتىۋەر راھىب ئاچى-
غۇلۇن ئوردىغا سوۋغا ۋە ھەدىيىلەرنى ئېلىپ كەلگەن؛ يەنە
جىڭخېنىڭ 8 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇدۇن ئالچىسى
يىمۇساۋىن، مۆتىۋەر راھىب خۇدمىيەنۋاڭ سوۋغا ـ سالام ئېلىپ
كەلگەن، دەپ يېزىلغان. بۇ ئەھۋاللار ئۇدۇندىكى بۇددا راھىبلى-
رىنىڭ يۇكسەك سىياسىي ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، قېرىنداش
بەگلىكلەر ئارا خارجى ئىشلارغا داۋاملىق قاتنىشىپ تۇرغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇدۇندىكى
بۇددا دىنى يوقالمىغان بولۇپ، ئۇدۇن پادىشاھىدىن تارتىپ تاكى
ئەلچىلەرگە قەدەر ھەممىسى بۇددا مۇخلىسى ئىدى، ھەتتا XI
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ بۇددا دىنى ئۇدۇن رايونىدا يېتەكچى
ئورۇندا تۇرغان. دېمەك، ئۇدۇن رايونىدىكى دىنىي ئېتىقادتا
تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولمىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، غەربىي قى-
سىمدىكى ئىسلام دىنى كۈچلىرىنىڭ كۈنسايىن قۇدرەت تېپىشىغا
ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىغا، بولۇپمۇ ئۇدۇن بەگلىكىگە
بولغان تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيدى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇدۇننى ئىشغال قىلغاندا،
بۇ جاي ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلاملىشىپ بولغانىدى. ئىسلام
دىنىنىڭ دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇ-
دۇندا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي بىلەن دىندا ئۆزگىرىش
بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت،
مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىسلام دىنى-

نىڭ ھېيت ـ بايراملىرى ۋە پائالىيەتلىرى بۇددا دىنىنىڭ بايراملىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، تەدرىجىي ئىسلاملىشىپ كەتتى.

ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ دەۋر سۈرۈش، خارابلىشىش ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان بولساق شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇدۇن بۇددا دىنىنى تارقىتىش ۋە كېڭەيتىشتە مۇھىم تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولغان، شۇڭا گۈللەنگەن چاغلىرىدا زور ھاياتىي كۈچكە، يۈكسەك قىممەتكە ئىگە بولغانىدى؛ ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى بىر خىل تارىخىي قىسمەت، شۇنداقلا تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇدۇندىكى بۇددا دىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىدە بىر خىل ئېغىر ئۈزۈكلۈك پەيدا قىلىپ، ئۇدۇننىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئاپتورلىرى: جاڭ ۋېنيا، لى شياۋچىن

# تۆتىنچى بۆلۈم ئىسلام دىنى

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئېتىقادى

ئىسلام دىنى VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان. ئۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە 1400 يىل بولغان، خىرىستىئان دىنىنىڭ تارقالغىنىغا 600 يىلدىن ئاشقانىدى. ئىسلام دىنى گەرچە باشقا دىنلارغا قارىغاندا كېيىنرەك دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋى دىنغا ئايلاندى.

«ئىسلام» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئىتائەت قى-

لىش» ، «تىنچلىق» دېگەنلىك بولىدۇ، مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد
قىلغۇچىلار «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ئەگەش-
كۈچى، ئىتائەت قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ
ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر تەخمىنەن مىلادىيە 570 - يىلى
مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدە دۇنياغا كەل-
گەندى. ئۇ كىچىكىدە ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشى
قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە، مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىدى.
12 ياشقا كىرگەندە تاغىسى ئۇنى سودا كارۋىنى بىلەن بىللە
پەلەستىن، شام قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باردى. شۇ جەرياندا
ئۇ ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى، ھەرخىل ئىپتىدائىي
دىن، بۇتپەرەسلىك، ئەپسانە، رىۋايەتلەر بىلەن پىششىق تونۇش-
تى، شۇ چاغلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان يەھۇدىي دىنى،
خرىستىئان دىنى ۋە ھەنىف دىنى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
راپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەلبىدە «بىر خۇدالىق» ئىدىيىسى
بىخ سۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە مەككىلىك باي
تۇل ئايال خەدىچەگە ياللىنىپ سودا ئىشى بىلەن شامغا باردى.
شۇ يىلى ئۇ ئۆزىدىن ئون بەش ياش چوڭ خەدىچە بىلەن توي
قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش بول-
دى. ئۇ تۇرمۇشىنى قامداش ئۇچۇن باشقىلارغا ياللىنىدىغان
غورىگىل تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ، مەككىدىكى ئېسىل بايلار قاتارى-
دىن ئورۇن ئالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 40 ياشقا كىرگەن-
دە ھەمىشە مەككىنىڭ شىمالىدىكى ھىرا تېغىدىكى بىر غارغا
بېرىپ، ئۆزى يالغۇز ھالدا ئىستىقامەت قىلاتتى. مىلادىيە
610 - يىلى رامىزان ئېيى (ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 - ئاي)
دا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىگە ئاللادىن ۋەھى كەلگەنلىكىنى،
ئاللانىڭ ئۇنى ئەلچى قىلىپ تاللىغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئەمرى
بىلەن يېڭى بىر دىن — ئىسلام دىنىنى تارقىتىدىغانلىقىنى جاكار-
لىدى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن باش ئىلاھ

ئاللانى بىردىنبىر ئىلاھ دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى، قۇدرەتلىك ئاللانىڭ پەرىشتە جەبرائىل ئارقىلىق قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ نامى بىلەن دىنني دەۋەت ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈپ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، قىيامەت كۈنى سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى، ياخشى ئىش قىلغان، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلغانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، يامان ئىش قىلغانلارنىڭ دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن يەنە كىشىلەرنى مۇشرىكلىك ۋە بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ، پەقەت بىرلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى.

622 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر بىر قىسىم ساھابىلىرىنى باشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. بۇ ھەرىكەت «ھىجرەت» (كۆچۈش دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىپ، كېيىن ھىجرىيە كالېندارى، يەنى ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بېكىتىلدى. يەھۇدىيلار بۇ يەردە داۋاملىق ئاللا، ۋەھى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ئاۋام ئىچىدە بىر خۇدالىق ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى ئورنىتىلغانىدى، شۇڭا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېڭى دىنى بۇ يەردە يىلتىز تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەدىنىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىني ۋە سىياسىي داھىيلىق ئورنى تىكلىنىپ، قورالىق قوشۇن تەشكىللەندى، ھەرخىل تۈزۈم ۋە تەرتىپلەر تۇرغۇزۇلدى، «ئۇممە» دەپ ئاتىلىدىغان، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار جامائەسى شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە تېز تارقالدى ھەمدە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى تېزلا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 630 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىنى بويسۇندۇرۇپ، قەدىمىي ئىبادەتخانا بولغان «كەئبە» ئىچىدىكى بۇتلارنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ، ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەج ـ تاۋاپ قىلىش مەركىزىگە

ئايلاندۇردى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىلادىيە 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندە، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى تولۇق بىرلىككە كېلىپ بولدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) ئىمان ئېيتىش، بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئاللا-نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق چۈشۈرگەن «ۋەھى» سىگە ئىشىنىشنى، يەنى ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانىڭ پەيغەمبەر-لىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈ-رۈش، ئاللانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى: ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللا-نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلىللا» دېيىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىسلام دىنى-نىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىدۇر. ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى «ئىمان ئېيتىش» دەپ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەس-تۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» تۇر. «قۇرئان كەرىم» 23 يىللىق دىنىي دەۋەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ئاللانىڭ ۋەھىسى سۈپىتىدە ئۇدۇللۇق نازىل بولغان، ئۇ جەمئىي 30 پارە، 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن: مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىش پائالىيىتى؛ ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئېتىقا-دى، پەرزلىرى ۋە چەكلىمىلىرى؛ سىياسىي بىلەن دىن بىرلەش-تۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار جامائەسى تۈرغۇزغان دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قانۇن - پەرمانلىرى؛ قەدىمكى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ھەدىس» بولسا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ـ ھەرى-كەتلىرى ۋە ئۇ ئېتىراپ قىلغان دىنىي سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ

ئومۇمىي خاتىرىسى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ كونكرېت شەرھىسى ۋە تولۇقلىمىسىدىن ئىبارەت. (2) بەش پەرز، ئۇ مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەت (ئىبادەت) لەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىمان ئېيتىش، يەنى ئاللانىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا ئىمان ئېيتىپ گۇۋاھلىق بېرىش. ئىككىنچىسى، ناماز ئوقۇش، يەنى ھەر كۈنى مەككىدىكى كەئبىگە يۈز كەلتۈرۈپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇش، ھەر يىلى روزا ھېيت نامىزى بىلەن قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇش. ئۈچىنچىسى، روزا تۇتۇش، يەنى ھەر يىلى ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 - ئايدا، بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلمان بىر ئاي روزا تۇتۇش (ھەر كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچە يېمەك - ئىچمەكنى، ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىشنى توختىتىش). تۆتىنچىسى، زاكات بېرىش، بۇ ئىسلام دىنى ئاللانىڭ نامى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئالىدىغان بىر خىل دىنىي سېلىق بولۇپ، ئادەتتە تاۋار مال ۋە نەق پۇلنىڭ 40تىن بىرىنى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 20دىن بىرىدىن ئوندىن بىرىگىچە بولغان قىسمىنى زاكات قىلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بەشىنچىسى، ھەج قىلىش، بۇ بەلگىلەنگەن شەرتكە توشقان ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەج قىلىپ قايتقان مۇسۇلمانلار ھاجى دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى پەرزدىن باشقا، تۇرمۇش جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بەزى چەكلىمىلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى بار، مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ھالال - ھارام مەسىلىسى، غۇسلى قىلىش ۋە سۈننەت قىلىش تەشەببۇسى، ئۆلۈمنى چاپسان ۋە ئاددىي - ساددا ئۇزىتىش تۈزۈمى قاتارلىقلار.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىگە كىرىشى

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇسا تىغ ئۇچىنى ئۇز ئەتراپىدىكى بۇددا ئەللەرگە قاراتتى. بۇ چاغدا شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن چېگرىداش بولغان ئۇدۇن ۋىسارا تەگرىخان خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىنىڭ غەربىي رايوندىكى مۇھىم پائالىيەت مەركىزى ئىدى. بۇددا دىنى مىلادىيە I ئەسىردە ئۇدۇنغا كىرىپ، ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شۇ جايدىكى ئاساسىي دىنغا ئايلانغان، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇددا دىنى تازا روناق تاپقانىدى.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىلگىرىكى تۇپ سىياسىتى قوشنا ئەللەر بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، تۇبۇتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئىدى. مىلادىيە 866 ـ يىلى ئۇدۇن پادشاھى ۋايجىرا ۋاھانا تۇبۇت كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ھەربىي تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ چېگرىنى قوغداش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويغانىدى. مىلادىيە 912 ـ يىلى ۋىسارا تەگرىخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ چېگرا مۇداپىئەسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. لېكىن، 942 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخان بالاساغۇن خانلىقىغا قارشى غازات ئېلىپ بارغاندا، ۋىسارا تەگرىخان قوشنا بەگلىك قاراخانىيلاردىن ئۆزىگە كېلىدىغان تەھدىتنى ھېس قىلمىغانىدى. بۇ ھال ئۇ چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىدە كېڭەيتىش بىلەن بەنت بولۇپ، غازات تۇغىنى تېخى چېگرا سىرتىغا قارىتىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش

مىلادىيە 962 ـ يىلى پارتلىغان.
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خانى ۋىسارا تەڭرىخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان سىياسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن لاداقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن باشقا، گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرى ۋە ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىكتىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە سىرتقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈمىدىدە ئۇلار بىلەن جىددىي ئالاقىلەشتى. مىلا-دىيە 960 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 971 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا 11 يىل ئىچىدە، ئۇدۇن ئېلى سۇڭ سۇلالىسى پايتەختىگە يەتتە قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇر-دى. 990 ـ يىلغىچە ئۇدۇن ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقە باغلىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ ئېغىر تەھدىتىدە تۇرغانلىقى ئۈ-چۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇدۇنغا ياردەم بېرەلمىدى.
مىلادىيە 969 ـ يىلى تەخت ۋارىسى بولغىنىغا ئۈچ يىل بولغان ئۇدۇن شاھى ۋايجرا سۇرا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كۆپ جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇدۇن قەشقەرگە ئۈچ يۈرۈش مۇداپىئە قوشۇنى ئەۋەتىپ (ھەربىر يۈرۈش قىسىم بىر چوڭ ۋەزىر ۋە 1800 لەشكەردىن تەشكىل تاپقان)، قەشقەردە بىر بۇددا ھاكىمى-يىتىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. قەشقەر ئىشغال قىلىنىپ بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تېزلا قەشقەر شەھىرى سىرتىغا كىرىپ، ئۇدۇن قوشۇنى-نىڭ شەھەرگە كىرىدىغان يولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇرۇش بەكمۇ شىددەتلىك بولدى.
كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار بىلەن ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا 40 يىلدىن ئارتۇق ئىركىشىش ئۇرۇ-شى بولدى.
قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوماندانى يۈسۈپ قادىرخان لەش-

كەر تارتىپ جەنۇبقا ئۆتۈپ، ئۇدۇن ئېلىنى بىر يىلدەك مۇھاسىـ
رىگە ئالدى، بۇ قېتىمقى مۇھاسىرە ئۇزۇن ھەم پاجىئەلىك
بولدى. ئۇدۇن قوشۇنى شەھەر سېپىلىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن
كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى تەڭ كې-
لەلمەي مەغلۇپ بولدى. مىلادىيە 1006 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان
ئۇدۇن ئېلىنى ئىشغال قىلدى.

قاراخانىيلار قوشۇنلىرى شەھەردە قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ
ئېلىپ باردى، ئىسلام دىنىغا يات بولغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنى
بار كۈچى بىلەن چەتكە قاقتى. ئۇلار بۇددىستلارنى ئىسلام دىنىغا
كىرىشكە مەجبۇرلىدى. بويسۇنمىغانلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چە-
قاردى ياكى ئۆلتۈردى. بارلىق بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ياكى
چېقىپ تاشلىدى، ياكى مەسچىت قىلىپ ئۆزگەرتتى. بۇددا دىنى
ۋە مانى دىنىغا ئائىت كۆپلىگەن كىتاب، ھۆججەت، بۇتلارنى
كۆيدۈردى. كۆپلىگەن سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى،
ھەتتا ئۇدۇن سېپىلىنىمۇ تۈپ - تۈز قىلىۋېتىپ، شەھەردىن
نەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا سۈرۈپ قويدى. ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا، شەھەر قولدىن كەتكەندە ۋايجىرا ساغراما ئۆلتۈ-
رۈلگەن، بىر قىسىم ئۇدۇن چېرىكلىرى نۇقتى رەشىت، چوقتى
رەشتىلەرنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىق رايونىغا
چېكىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. تاغلىق رايوندا ئىككى تەرەپ
قاتتىق ئېلىشقان، ئۇدۇن ئەسكەرلىرى قەيسەرلىك بىلەن مۇسۇل-
مانلار قوشۇنىغا زەربە بەرگەن، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن
قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇدۇن ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا پۈتۈن-
لەي ئۆلۈپ تۈگىگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى غازاتتىن پايدىلىنىپ ئۆز زېمىنىنى
كېڭەيتىۋالدى، قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى پۈتۈن
ئۇدۇن رايونىغا تارقاتتى. شىنجاڭ، ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگو تا
رىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئېچىنىشلىق
بولغان بۇ دىنىي ئۇرۇش كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى

هەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىتىپ، خوتەن خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى. ئۇدۇن زېمىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، بۇددا مۇخلىستلىرى يەنىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر مەجبۇرىي هالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى بۇددا مۇخلىسلىرى ئىسلام دىنىنى يەنىلا قوبۇل قىلمىغانىدى، قوبۇل قىلغانلارمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولمىغاچقا، كۆپ چاغلاردا ئىسلام دىنىدىن بەزىدە يېنىۋالسا، بەزىدە ئېتىقاد قىلىپ يۈردى. ئۇدۇنلۇق باش راهىب «يېزا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا: «يۈسۈپ قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن ئاۋام ئىسيان كۆتۈردى» دەپ يازغان. دېمەك، يۈسۈپ قادىرخان قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇندا بۇددا مۇخلىستلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇشى قوزغالغان. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇددا مۇخلىستلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش تاكى مىلادىيە 1062 - يىلىدىن كېيىن ئاندىن توختىغان. بۇنى مىلادىيە 962 - يىلىدىن هېسابلىساق، توپتوغرا 100 يىل بولغان بولىدۇ. مانا بۇ خەلق دەپ كېلىۋاتقان 100 يىللىق دىنىي ئۇرۇشتۇر. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى پۈتۈنلەي تىز پۈكتۈردى. ئىسلام دىنى تەدرىجىي هالدا پۈتۈن ئۇدۇن رايونىدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

## 3. ئىسلام دىنىنىڭ خوتەندە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

### 1) خوتەننىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇننى ئالغاندىن كېيىن «خوتەننىڭ هۆكۈمرانى» دەپ ئاتالدى. ئۇ 1025 - يىلى مەنسۇر خاننى

مەجبۇري تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى قاراخانىيلارنىڭ رەسمىي
خاقانىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگە-
شىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلدى،
يەنى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ھەر
جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بارغانلىكى كىشىنى پۇل بىلەن مۇكا-
پاتلىدى. ئەكسىچە، ئەسلىدىكى دىنىدىن يانغىلى ئۇنىمىغانلاردىن
نوپۇس بېجى ئالدى، ئۇلارنى كەمسىتتى ۋە چەتكە قاقتى. ھۆ-
كۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ زورلۇق بىلەن كېڭەيتىش ئار-
قىسىدا كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا يېڭى دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل
قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇددا دىنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بىر قىسىم ئۇدۇنلۇقلار
شىنزاڭ ۋە چىڭخەيگە قېچىپ بېرىۋالدى. XI ئەسىردە چىڭخەي
رايونىدىكى تۇبۇت ھاكىمىيىتىدە ئارغۇ دەيدىغان ئۇدۇنلۇق باش-
لىق بولغانىدى، ئۇ قېچىپ بېرىۋالغان ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ
كېيىنكى ئەۋلادى بولسا كېرەك. گېرمانىيىلىك ئالىم كىلىنكېت
شۇنداق دەيدۇ: بىز تىبەتلەرنىڭ تارىخىي ئەسىرلىرىدىن بولغان
«ساكلار شەجەرىسى» دىن خوتەندىن كەلگەن تەرجىمان راھىب ۋە
رەسساملارنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. مىلادىيە 1200 - يىلىدىن
بۇرۇن ئۇلار خوتەن ئۇسلۇبىدىكى سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد
قىلىنغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلىشنى خالىمىغان ئۇدۇنلۇق بىر تالاي بۇددا مۇخلىسلىرى
ئالتۇنتاغ بويلىرىغا قېچىپ بارغان. ئۇلار كېيىن تەدرىجىي ھالدا
ئەنشى ئۇيغۇرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئىزچىل ھالدا بۇددا دىنى-
غا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. ھازىر ئۇلار ئېلىمىزدىكى بىر ئاز
سانلىق مىللەت — يۇغۇرلارنى تەشكىل قىلغان.

مىلادىيە 1032 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان قازا تاپقاندىن
كېيىن، سۇلايمان ئارسلانخان تەختتە ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي،
قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي سۇلالە، شەرقىي سۇلالە دەپ ئىك-

كىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىككى تەرەپ زېمىن تالىشىپ قاتتىق
ئۇرۇش قىلدى. شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى گەرچە 12 خاننى
يولغا سالغان بولسىمۇ، دىنىي تەبلىغ ئېلىپ بېرىشقا مادارى
يەتمىدى، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىمۇ بايىنىڭ نېرىسىغا
ئۆتەلمىدى. شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقان خوتەن
بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارقىلىش ھالىتىدە كې-
تىۋاتاتتى. بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تازىلاش ئۈچۈن،
خانىدانلىق بىلەن دىنى ساھە ئورتاق ھەمكارلىشىپ ئۇدۇن دائى-
رىسىدە نۇرغۇن مەسچىتلەرنى سېلىپ، دىنىي مەكتەپ - مەدرى-
سىلەرنى ئېچىپ، قاۋۇل تارقاتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقىپ،
كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى كۈچەيتتى.
مىلادىيە 1141 - يىلى غەربىي لياۋلارنىڭ ئاتامانى يوللىغ
تاشىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەتۋەن ئۇرۇشىدا زور غەلىبىلەرگە
ئېرىشكەندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىس-
مىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. سىياسىي
ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، غەربىي لياۋ خانلىقى ئىسلام دىنىغا
قارىتا كەڭچىلىك سىياسىتى قوللاندى، ئىسلام دىنى كۈچا تەرەپ-
لەرگە يېتىپ كەلدى. غەربىي لياۋ خانلىقىغا قاراشلىق ئۇدۇن،
قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنى بارا - بارا سۇسلىشىپ،
ئاللىقاچان يوقىتىلغان ياكى مەخپىي ھالەتكە كۆچكەن بۇددا دى-
نى، نېستورى دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلار ئاستا - ئاستا
باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىنى
قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىسيان كۆ-
تۈرۈشكە قۇتراتقاندى، لېكىن غەربىي لياۋ خانى ئارسلانخان
تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. مىلادىيە 1211 - يىلى نايمان ئايمى-
قىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك غەربىي لياۋنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋال-
دى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەككىز يىلدا ئىسلام دىنىغا قارىتا
قاتتىق بېسىم يۈرگۈزدى. خوتەندە ئۇ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن

قايتىپ بۇددا دىنى ياكى نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر-
لىدى، كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى، ئىسلام كىتابلىرىدىن دەرس
سۆزلىشىنى چەكلىدى، ئۆزى بىلەن زاكونلاشقان ئىمام ئەلاۋۇ-
دىن مۇھەممەدنى مەدرىسىنىڭ دەرۋازىغا مىخلاپ ئۆلتۈردى. مانا
بۇ ئىسلام دىنى ئۇدۇنغا كىرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ھۆكۈم-
ران سىنىپنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشى ئىدى.
XIII ئەسىردە چىڭگىزخانغا قاراشلىق موڭغۇل قوشۇنلىرى
شىنجاڭغا كىردى، ئۇلار ئىسلام دىنىغا قارىتا قوغداش، كەڭچى-
لىك قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. مىلادىيە 1218 - يىلى
موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى جەبە 20 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ
كۈچلۈككە قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن ئۇدۇن، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەر چىڭگىزخانغا ئەل بولدى.
ھۆكۈمرانلارنىڭ يول قويۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرخىل دىنلار
تەرەققىي قىلدى.
2) خوتەننىڭ يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋردىكى ئىسلام دىنى
XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە
بولغان مەزگىلدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان
تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىلادى-
يە 1347 - يىلى چاغاتاي خاننىڭ ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈر-
خان شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن موڭغۇل
خانلىرىدىن بولۇپ قالدى، ئۇ 160 مىڭ موڭغۇلنى مەجبۇرىي
ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى قېدىر خوجا
ۋە كېيىنكى پۈشتى مۇھەممەت خان XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XV
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىدى-
قۇت رايونىنى زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. XVI
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل رايونىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈل-
دى. ئالتە ئەسىرلىك تەرەققىيات ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى كۈچ-
لىرى بۇددا دىنى كۈچلىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا

ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى.

چاغاتاي خانلىقىغا تۇغلۇق تۆمۈر ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى نۇرغۇن جايلار موڭغۇل دەۋرىدىكى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. قىدىر خوجا ھاكىمىيىتى دەۋرىگە كەلگەندە، خوتەندىن ئاقسۇغىچە بولغان رايونلار دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. خۇدايدادنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى تۇنجى ھاجى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىپلا قالماستىن، يەنە شەرىئەت بويىچە ئىش تۇتۇشقا باشلىغانىدى. 1447 - يىلى خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى ئابابەكرى خوتەنگە ھۇجۇم قوزغىدى. بىر يىل قاتتىق ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ سۈيىقەست ئىشلىتىپ، تاغىسىنىڭ ئەۋلادى بولغان خان نەزەر بىلەن قۇل نەزەرخاننى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. ئابابەكرى زالىملىقى بىلەن خوتەندە داڭق چىقاردى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى ئىخلاسمەن مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىپ، بىر قىسىم مولللارنى يىغىۋېلىپ، ئۆزىگە ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى قىلىۋالدى. ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت زوراۋانلىقى ئۈچۈن شەرىئەتتىن ئاساس ئىزدەشكە سالاتتى، دىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىدىغان نىقابىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇبادا مولللاردىن بىرەرى ئۇنىڭ رايىغا باقمىسا، ئۇ ھەرخىل بەتناملارنى توقۇپ چىقىپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتى. ئۇ مەزگىلدە، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دىننى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۆلىشى نەتىجىسىدە، خوتەندىكى ئىسلام دىنى كۈچلىرى تازا ئۆلغايدى. بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى بەزىبىر دىنىي زاتلار ھۆكۈمرانلارنىڭ ياساۋۇللى سالاھىيىتى بىلەن سىياسىي ساھەگە كىرىپ سىياسىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشقا باشلىدى.

مىلادىيە 1514 - يىلى چاغىتاي خانىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەئىدخان لەشكەر تارتىپ ئابابەكرىنى مەغلۇپ

قىلىپ، خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن سەئىدخان «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى «كاپىرلار» رايونىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. سېرىق ئۇيغۇر، بولور، دۆلپا قابىلىسىگە قارىتا جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغان ئۈچ قېتىملىق چوڭراق ھەرىكىتىدە سەئىدخانىنىڭ لەشكەرلىرى خوتەندىن ئۆتكەنىدى. «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئون نەچچە يىلغا سوزۇلغان بۇ جازا يۈرۈشىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى قوزغاشتا شەكسىز ھالدا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە ئولتۇردى. ئۇ دوغلات جەمەتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن «خوجىلار» نىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ ئالدى بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىپكە قول باغلاپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۈننىي مەزھىپىنى دۆلەت دىنى قىلىپ كەلگەن ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىشانلىق (سوپىلىق) نى ھۆكۈمەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، ئىشانلىقنىڭ ئۆۋەيس سۇلۇكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. شۇ چاغدا، پەقەت خوتەندىنلا نۇرغۇنلىغان موللىلار يەكەنگە بېرىپ خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاشقانىدى. كېيىن ئابدۇرەشىدخان بۇخارادىن كەلگەن خوجا مەختۇم ئەزەمنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ئىشانلار ئىچىدىكى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىغا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى.

### 3) خوتەننىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

مىلادىيە 1680 - يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسى ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، قۇرۇلغىنىغا 164 يىل بولغان يەكەن خانلىقىنى ھالاك قىلدى. ئاپاق خوجا غالداننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋاكالەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن،

ئاخىرى ئىسلام دىنى بىلەن خوجىلارنىڭ كۈچى بىرلەشكەن ھۆ-
كۈمرانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئاپاق خوجا ئىسلام شەرئىيىتى
بىلەن ئىشانلارنىڭ «تەرىقەتچىلىك» يولىغا ئاساسەن، قارا تاغلىق-
لارنى ھەدەپ نەزەربەنتكە ئالدى ۋە قىرغىن قىلدى. باج -
سېلىقلارنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى ئەزدى
ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. خوتەننىڭ كۆپ جايلىرى قارا تاغلىقلار-
غا تەۋە بولغاچقا، ئۇ يەردىكىلەر تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ مۇشكۈل
ئەھۋالدا قالدى. ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئاران 15 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ غۇلاپ چۈشتى. لېكىن، ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى بىر زامانلارغىچە شىنجاڭنى پارچىلاشتىن ئىبارەت
يامان نىيىتىدىن يانمىدى.

خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن دۆلەتنىڭ بىرلىكى-
نى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرى ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا
قارشى تۇرۇپ كەلگەندى. مىلادىيە 1757 - يىلى چوڭ -
كىچىك خوجىلار «مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش» بايرىقىنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىپ، «كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش» شوئارى بىلەن،
ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى «ئىسلام دۆلى-
تى» قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى ئېلىپ
باردى. ئېقىمغا قارشى بۇ ھەرىكەت خوتەن ھاكىم بېگى خوجىس
ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىسيانني تىنچىتىش ھەرىكىتىنى
چىن كۆڭلىدىن قوللىدى. خوتەندىكى مىڭلىغان خەلق دۈشمەن
بىلەن قەيسىرانە ئېلىشىپ، خوتەن شەھىرىنى قوغداپ قالدى.
جاھانگىر خوجا ئىسيان كۆتۈرگەندە، خوتەن خەلقى قەتئىي قارشى
تۇرۇپ، جاھانگىر خوجىنىڭ خوتەندە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ياقۇپ
قاتارلىق توققۇز ئادىمىنى تۇتۇۋالدى. مىلادىيە 1827 - يىلى
چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ياڭ فاڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈ-
چۈن لەشكەر باشلاپ خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن خەلقى چىڭ

سۈلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، سېپىلىنىڭ دارۋازىسىنى ئېچىپ چىڭ سۈلالىسى ئەسكەرلىرىنى قارشى ئالدى. مىلادىيە 1866 - يىلى 12 - ئايدا قوقانلىق ياقۇپ بەگ بۇزرۇك خوجا نامىدا خوتەننىڭ قازىسى ھەبىبۇللاخان خوجىغا ئىمام جەفرى سادىق مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن دەپ مەكتۇپ يوللاپ، ئالدامچىلىق ۋاسىتىسى بىلەن خوتەن شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. خوتەن خەلقى «ئەنجانلىقلارنى ئۆلتۈرەيلى» دېگەن شوئارنى توۋلاپ باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى، جەڭگە ئاياللارمۇ قاتناشتى، توپتوغرا بىر ئاي ئېلىشىش جەريانىدا، 50 مىڭدىن ئارتۇق خوتەن ئاممىسى ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىش يولىدا قۇربان بولدى.

مىلادىيە 1867 - يىلى ياقۇپ بەگ قىلىچ ھەم دىنىي ئالدامچىلىق بىلەن ئاتالمىش «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرۇپ، نىيازنى خوتەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆزىنى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى تىز پۈكتۈرىدىغان، قۇل قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بىر تەرەپتىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتىپ، يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارغا سىياسىي جەھەتتە چوڭ ئىمتىياز، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي نەپ بېرىپ، ئۇلارنى رازىمەنلىك بىلەن غالچىلىق قىلدۇرماقچى بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلقنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەسچىت، خانىقا، مازار قاتارلىق دىنىي قۇرۇلۇشلارنى كۆپلەپ سالدۇردى، خوتەندىكى چوڭ جامە مەسچىتى، ئىمام جەفرى سادىق مازىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ساختا مازارلارنى رېمونت قىلدۇردى ياكى يېڭىدىن ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەكەن خانلىقىدىن

كېيىن يەنە بىر قېتىملىق مازار تاۋاپچىلىقى دولقۇنى كۆتۈرۈل-
دى. يەنە بىر جەھەتتىن، ياقۇپ بەگ شەرىئەت تۈزۈمىنى يولغا
قويۇپ، يېزا كەنتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قازىخانىلارنى تەسىس قىل-
دى، ئۇنىڭ ئاستىدا ساقچىخانا ۋە رەئىسلىك تۈزۈمىنى ئورنات-
تى. ئۇلار خەلق ئۈستىدىن ھەرخىل ھۆكۈملەرنى خالىغانچە
چىقىرىپ جازالىدى، «شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلدى» دېگەن
باھانە بىلەن دەررە جازاسى بەردى، ھەتتا «خىلاپلىق قىلىش»
قىلمىشىنى تەكشۈرىمىز دەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە خالىغانچە
باستۇرۇپ كىردى، چۈمبەل ئارتمىغان ئاياللارنى دەررە بىلەن
ئۇرۇپ زەخىملەندۈردى، ھەتتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بولۇپمۇ
خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ مال - مۈلكىنى
تالان - تاراج قىلىپ، كەڭ ئاممىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.
مىلادىيە 1877 - يىلىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زو
زۇڭتاڭ قوشۇنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئىككىنچى يىلى
1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خوتەندىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بىلەن،
ياقۇپ بەگ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار
قىلدى. مىلادىيە 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
شىنجاڭنى ئۆلكە دەپ رەسمىي جاكارلىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بول-
غاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى يەنىلا 1759 - يىلى شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن دىنىي سىيا-
سەتنى يولغا قويۇپ، «ئىلتىپات بىلەن تەھدىتنى تەڭ ئىشلى-
تىش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەگلىك تۈزۈ-
مىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن
سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ئىمام، ئاخۇنۇملارنىڭ مەمۇرىي ئىشلار
ۋە قانۇن ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىنى، بەگ بولغانلارنىڭ دىنىي
ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماسلىقىنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن، خو-
جىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئىمام، ئاخۇنۇملارنىڭ
ھوقۇقى چەكسىز بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. تۇڭچى خان

تەختكە چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمام، ئاخۇنۇملارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن «دىنىي گۇناھ توقۇيدىغان» ، «قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدۇرىدىغان» ھەرىكەتلىرىنىمۇ قانۇنسىز دەپ قارايدىغان بولدى. لېكىن، قانۇن خادىملىرى كەمچىل بولغاچقا، قازىلار يەنىلا مەھكىمە شەرئىدە دەۋا ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىۋەردى، شۇڭا دىنىنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋالى تولۇق تۈگىمىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ ھەممىلا يېرىدە دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. بۇ شۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئوقۇپ ساۋاتلىق بولىدىغان بىردىنبىر جاي بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى توسىمىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، ليۇ جىنتاڭ زو زۇڭتاڭنىڭ ھەقسىز مەكتەپلەرنى كۆپ ئېچىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خوتەننىڭ ھەربىر ناھىيىسىدە بىردىن خەنزۇچە مەكتەپ تەسىس قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنى كىرىپ ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ ئەمەلىيەتتە خوتەندە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش ۋەزىيىتىگە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

4) خوتەننىڭ مىنگو دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللەردىن ھەرخىل ئىسلام ئىدىيىۋى ئېقىمى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. ئاساسەن، چەت ئەلدىن كەلگەنلەر، يەرلىك خەلق ئىچىدىن ھەجگە بېرىپ قايتىپ كەلگەنلەر ياكى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى ئەقىدىلىرىنى خوتەن رايونىغا ئېلىپ كىردى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، نۇرغۇنلىغان ھىندىلار، ئافغانلار ۋە ئۆزبېكلەر خوتەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. تۈركىيىلىك ئىسمائىل ھاجى خوتەنگە كېلىپ مەكتەپ ئاچتى. ئۇلار پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە ئىسلام ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى ئىدىيىۋى ئېقىمىنى خوتەنگە ئېلىپ كىردى. قاغى-

لىقلىق تەجەللى ھەزرەت غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادا بىر قانچە يىل
ئوقۇغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ گۇما ناھىيىسىدە يەتتە يىل
تۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن تېۋىپلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن
شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم خوتەندە «يېڭىچە»
ئىسلام قارىشىنى تەشۋىق قىلدى. 20 ـ يىللاردا پانئىسلامىزم-
چى، پانتۇركىست مەسئۇت، سابىت داموللا يازغان كىتابلار
خوتەندىكى دىنىي ساھەدە ئېقىپ يۈردى. قەشقەردىكى دىنىي ئۆلى-
ما ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قول يازمىلىرى تەشۋىق قىلىنىپلا
قالماستىن، يەنە خوتەندىكى بەزى مەسچىتلەرگە چاپلاندى. قارا-
قاشلىق مەتنىياز مەۋلىۋى قاتارلىق مەككىگە ھەجگە بېرىپ ۋە
ھىندىستاندا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم دىنىي شەخسلەر
خوتەندە دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، تالىپلارغا «پاك» ئىسلام ئەقىدى-
سىدە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق ۋاھابىي ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا خوتەن مۇ-
سۇلمانلىرىنى قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.
شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھوقۇق
تۇتۇپ، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئۆزگە تارتىش بىلەن چەكلەش
سىياسىتىنى قوللاندى. دىنىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشما-
لىقىنى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ پەقەت مەسچىت ئىچىدىلا ئېلىپ
بېرىلىشىنى بەلگىلىدى، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» تىن
باشقا دىنىي كىتابلارنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىدى، مەككىگە
ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ سانىغا چەك قويدى. يېڭى دىن، يېڭى
مەزھەپلەرنى پەيدا قىلىشنى، خالىغانچە مەسچىت سېلىشنى، را-
يون ئاتلاپ تەبلىغ قىلىشنى چەكلىدى. «ئۆزگە تارتىش» جەھەتتە
يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تەمىنات بەردى. مەسىلەن،
خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى فېئودال ۋاڭ ـ خوجىلارغا ياڭ زېڭ-
شىن نەپىقە بەردى ۋە بېيجىڭغا بېرىشتىكى يول خىراجىتىنى ھەل
قىلىپ بەردى. «چەكلەش» جەھەتتە، ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى

دىنىي مەزھەپلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ ھاكىمىيەتكە تەھدىت سال-
ماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرىگە كۆز - قۇلاق قىلىپ
قويدى. مەسىلەن، خۇيزۇلاردىن پايدىلىنىپ، باشقا مىللەتلەرنى
ئىسكەنجىگە ئالدى. «شىنجاڭ خۇيزۇلار ئۇيۇشمىسى» گە تايىنىپ،
كېرىيە، لوپ، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى گېلاۋخۇي
تەشكىلاتلىرىنى باستۇردى. بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىن پانئىسلامىزم
ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشىغا قارىتا يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار تۇر-
دى ۋە ئۇنى ھەر تەرەپتىن چەكلىدى. چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى
ۋە دىنىي زات تەكلىپ قىلىشنى چەكلىدى، ھەر دەرىجىلىك
ئەمەلدارلاردىن «سىياسىينى ياخشىلاش» نى ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈ-
تۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مىلادىيە 1916 - يىلى تۈركىيىلىك
مۇدەررىس ھاجى ئەلى ئىككى يىلدىن ئارتۇق قەشقەر، خوتەن
قاتارلىق ئون نەچچە ناھىيىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرسىمۇ بايقالمى-
غان، كېيىن ھاجى ئەلى بارىكۆلگە بارغاندا ياڭ زېڭشىن تەرىپى-
دىن قولغا ئېلىنغان ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەرنى «قاتتىق ئە-
يىبلىگەن» .

مىلادىيە 1928 - يىلى 7 - ئايدا، پەن ياۋنەن سىياسىي
ئۆزگىرىش قىلىپ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى، جىن شۇرېن ئۆلكە
رەئىسى بولدى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن بەش يىل ئىچىدە ئىسلام
دىنىغا نىسبەتەن «بىردەك چەتكە قېقىش» سىياسىتىنى قوللان-
دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆپرەك يۇرتداشلىرى ۋە ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، دۈشمىنىنى كۆ-
پەيتىۋالغاچقا، ھاكىمىيىتى تەۋرەپ قالدى. مىلادىيە 1931 -
يىلى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭغا ھەرقاي-
سى جايلار ئاۋاز قوشتى. خوتەندىكى بەزى ئىسلام ئەسلىي دىن
تەرىققەتچىلىكى رادىكال ئۇنسۇرلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆ-
لەتنى پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن

قوٗزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قىلغان ئىدى. مىلادىيە 1932 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قاراقاش ناھىيىسىدىكى مۇدەررىس مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت، مەتنىياز ئەلەم، مۇپتى روزى، مۇھەممەت داموللا، ئاتۇشلۇق سابىت دا. موللا قاتارلىق ئەكسىيەتچى موللىلار قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈ. رۈش ئۈچۈن مەخپىي تەشكىلات قۇردى. مىلادىيە 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا قاراقاش، كېرىيە ئالتۇن كانلىرىدىكى كانچىلار قوزغى. لاڭ كۆتۈردى؛ 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇھەممەت ئىمىنلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاتالمىش «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى. بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھاكىمىيىتى ئىدى. 15 ئايدىن كېيىن ما خۇسەن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا مۇھەممەت ئىمىن قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى مەتنىياز ئەلەم قاتارلىقلار تەسلىم بولدى، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. «خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتى» ئاخىر بەربات بولدى.

«12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شېڭ شىسەي دۇبەن بولدى. يېڭىدىن تەختكە چىققاندا ئۇنىڭ ئورنى مۇقىم بولمىغاچقا خوتەنگىمۇ قارىيالمىدى. تاكى مىلادىيە 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ما خۇسەن قوزغىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى خوتەنگە يېتىپ باردى. شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دىنىي جەھەتتە «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىلادىيە 1943 ـ يىلغىچە بۇ سىياسەت خوتەندە بىر قەدەر ياخشى ئىجرا قىلىنىپ، ئىلغار دىنىي زاتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ مەزگىلدە، خوتەندە ئىشلەۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشۋىق ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، خوتەن. نىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ئىسلام دىنى زاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا قىزغىن ئىشانە توپلاي-
دىغان تەسىرلىك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. 1939 ـ يىلى 1 ـ
ئايدىن 3 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىدە 3
مىليون 80 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل، يەنە ئالتۇن ـ كۈمۈش
قاتارلىق ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى. بەزى خەۋەرلەرگە قارى-
غاندا، كېيىن يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئال-
دىنقى سېپىگە ئون دانە «شىنجاڭ ماركىلىق» ئايروپىلان ئىئانە
قىلىنغان.

30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارغىچە مەھكىمە شەرئى بىلەن
دىنىي مەكتەپلەر كۈنسايىن ئاجىزلىششقا باشلىدى. شېڭ شى-
سەي ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھا-
كىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنى-
شىغا ئەگىشىپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋالىرى ئۇس-
تىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ
قىلىنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى نوپۇزىمۇ
قالمىدى. مىلادىيە 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خوتەن رايونىدا
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق مەدەنىيەت
ئاقارتىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، تارىختا مەسچىت ۋە مەدرىسى-
لەر ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋەخپە يەرلەر ۋە ئۆشرە ـ زاكاتلار
يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىل-
دى. بۇنىڭ بىلەن مەسچىت ـ مەدرىسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنبە-
سى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا خوتەندە
ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا ئىككىلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 300
دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. خوتەن مائارىپ ئىدارىسى ۋە
مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، قىسقىغىنە
ۋاقىت ئىچىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر كۆپلەپ قۇرۇ-
لۇشقا باشلىدى. مىلادىيە 1939 ـ يىلىغا بارغاندا، ئالتە ناھىيىدە

ھۆكۈمەت ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 22 مىڭ 304 كە يەتكەن. خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە دىن دەرسىدىن باشقا، تىل، ھېساب، تەنتەربىيە، تەبىئەت ساۋاتلىرى ۋە ۋەزىيەت ـ سىياسەت دەرسلىكلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. شۇڭا، ئىبراھىم ھاجى (مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەتنىڭ ئۇچىنچى ئوغلى) قاتارلىق دىنىي ساھەدىكى رادىكاللارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي ئەنئەنە قارىشى ئوتتۇرىسىدا 30 ـ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئېلىشىشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى.

مىلادىيە 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشتى. گومىنداڭ شىنجاڭنى بىۋاستە باشقۇرۇشقا باشلىدى. ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولغاندا، «جايلاردىن ھال سوراش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېڭ شىسەي تۈرمىگە تاشلىغان دىنىي ساھەدىكى مەشھۇر زاتلارنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىسلام دىنى ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ قېلىش ئىدى. ئۇ قاراقاشلىق دىنىي زاتلاردىن قۇربان داموللا بىلەن تۇرسۇن دامولىنى قوبۇل قىلغاندا: «ئۈچ مەسلەك دىننى قوغدايدۇ، ماركسىزم دىننى يوقىتىدۇ» دېگەن. جاڭ جىجۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن «تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق»نى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي سىياسەتنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى. قېرى پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىست ئۇنسۇرلىرىدىن مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت، ئەيسا قاتارلىقلار 30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىشنى زادى توختاتمىدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بۇ ئۈچەيلەن جاڭ جىجۇڭ بىلەن

شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، «مۇستە-
قىللىقتىن تۆۋەن، مۇختارىيەتتىن يۇقىرى يۈكسەك ئاپتونومىيە
قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پانئىسلامىزم، پانتۈر-
كىزم ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن
ھەزرەت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش
خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە، كۆپ قېتىم خوتەنگە
كېلىپ بەزىبىر دىنىي زاتلار ۋە ياشلارنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ دىن-
دىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى پارچىلاشتەك ئەكسىيەتچىل تەشەببۇس-
نى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتورى: جاڭ جىكاڭ

# ئالتىنچى باب

# خوتەننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

قەدىمكى ئۇدۇن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر ئىدى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى مۇھىم جاي ۋە يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن ھەمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ دەلىللىشىچە، يىن، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XI ئەسىرلەرگىچە)، ئۇدۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرغان. ئۇ چاغلاردا «كۇئېنلۈن قاشتېشى» ئۈزۈلمەي ئىچكى جايلارغا توشۇلۇپ تۇرغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىردە، رىۋايەتتە ئېيتىلغان جۇمۇۋاڭ (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1001 ـ يىلىدىن

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 947 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۇدۇندا ئىز قالدۇرغان. ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرى (مىلا-دىيىدىن ئىلگىرىكى 770 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىللىرىغىچە) دە يېزىلغان دۆلىتىمىزنىڭ كلاسسىك كى-تابلىرىدىن «تاغ ـ دەريا دەستۇرى»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە، كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى بەزى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر توغرىسىدا بىر قانچە ئەپسانىۋى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ تو-نۇشتۇرۇشلار ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، تاغ بولسا تاغنىڭ، سۇ بولسا سۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ يەر-دىكى گۈزەل خوتەن قاشتېشى، يەنى «كوئېنلۇن قاشتېشى» ئال-لىقاچان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقالغان.

ئاپتور: يىن خوڭمېي

# ئىككىنچى بۆلۈم ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى (خەن سۇلالىسى جىيەنيۈەنىنىڭ 3 ـ يىلى) پادىشاھ خەن ۋۇدى ليۇچې جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇ قايتىپ كېلىشىدە جەنۇبىي يولدىن، يەنى ئۇدۇن بىلەن ئۇزۇنتات (بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) دىن ئۆتكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ خەن ۋۇدىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىپ: «فەرغانىنىڭ شەرقى ئۇزۇنتات، ئۇدۇن ئىكەن، ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى دەريالار غەربكە ئېقىپ غەربىي كۆلگە قۇيۇلىدىكەن، شەرقىدىكى دەريالارنىڭ سۇ-

يى شەرققە ئېقىپ، تۇز كۆل (لوپنۇر) گە قويۇلىدىكەن» دېگەن.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى (خەن سۇلالىسى يۈەنـ شۇنىڭ 4 - يىلى) خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننى ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. جاڭ چيەنگە كەپتاۋول سانـ غۇن دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۇ 300 ئادەم بىلەن، ھەر بىرىگە ئىككىدىن ئات بېرىپ، نەچچە ئون مىڭ تۇياقتىن قوي، كالا ۋە نەچچە ئون مىڭ سەر ئالتۇن ئېلىپ داغدۇغىلىق ھالدا غەربىي يۇرتقا قاراپ يولغا چىققان. نۇرغۇن ياردەمچى ئەلچىلەرنى ھەر قايسى بەگلىكلەرگە ئەۋەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن، ئۇزۇنتاتقا ئەۋەتكەن ياردەمچى ئەلچىلەر نۇرغۇن سوۋغىلارنى ئېلىپ ئۇزۇن يول بېسىپ، ئۇدۇنغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىققان ھەمدە ئۇدۇن خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئېلىپ قايتقان. ئۇزۇنتات بەگلىكى ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئىچكى جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇپ يولغا سالغان. شۇنىڭـ دىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۇدۇن ۋە ئۇزۇنتات ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت باشلانغان.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى (خەن سۇلالىسى تەيـ چۇنىڭ 1 - يىلى) خەن سۇلالىسى لى گۇاڭلىنى سۇترىشىنا سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ فەرغانىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىـ دۇ. لى گۇاڭلى ياخشى ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، تولۇق غەلىبە قىلىدۇ. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۆز باللىرىنى پايتەختتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. لى گۇاڭلى قايـ تىشتا قوشۇنلىرىنى باشلاپ كۇسەن (بۈگۈنكى شىنجاڭ كۇچار ناھىيىسى) دىن ئۆتكەندە، ئۇزۇنتات شاھزادىسى لەيدەننىڭ كۇـ سەندە گۆرۈدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ، ئۇ كۇسەن پادىشاھىـ نى ئەيىبلەپ: «غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىـ سىغا بەيئەت قىلغان تۇرۇقلۇق، كۇسەننىڭ ئۇزۇنتاتتىن گۆرۈ

ئىلىشقا نىمە ھەددى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ۋەتىنى شاھزا-
دىسىنى پايتەختكە ئېلىپ كېتىدۇ، لەيدەن پايتەختتە ساياھەت قىلى-
دۇ ۋە ئوقۇيدۇ. لەيدەن چاڭئەندە ئالىي ئىززەت - ھۆرمەتكە
ئېرىشىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى پادىشاھ خەن
جاۋدى ئۇنى تۇپپىشى سانغۇنلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇ مەركىزىي
سۇلالە ئوردىسى نامىدىن بۇگۇر، لوپنۇر (بۇگۇنكى بۇگۇر،
كورلا ئەتراپى) لەردە بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ،
كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئەلچىلەرنى تەمىنلەش ۋە قوغداشقا
مەسئۇل بولىدۇ. غەربىي يۇرتلۇق ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىدىن
بولغان لەيدەن ئەڭ دەسلەپ ئالىي مەنسەپكە تەيىنلىنىپ يۇرتىغا
قايتۇرۇلغان كىشىدۇر.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن سۇلالىسى شېن-
جۆنىڭ 2 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى
قۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرتتىكى بىر قانچە بەگلىك باشقۇرۇلىدۇ
ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش لىنىيىلىرى قوغدىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇدۇن ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر رەسمىي ھالدا
خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇدۇندىكى شە-
ھەر بەگلىكلىرىنىڭ خان، ئەمىرلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەل-
دارلىرىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تىزىملىكىگە
كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلار خەن بەلگىسى تاقاپ، خەن سۇلالىسى يەر-
لىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى بولىدۇ. شۇ چاغلاردا يىپەك يولى
راۋان بولۇپ، ئۇدۇن جەنۇبىي يولدىكى مۇھىم جاي، جۇڭگو
بىلەن غەرب سودىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بازىرى بولۇش سۈپىتى
بىلەن، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋاڭ ماڭ
ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئىچكىرىگە قارشى يول تۇتقانلىقتىن،
غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى

بىر مەھەل ئۇزۇلۇپ قالىدۇ. ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرى بېسىپ
كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى قايتا دەپسەن-
دە قىلغاندا، يەكەن خانى، ئۇدۇن خانى قاتارلىقلار بىرلىشىپ،
ھۇن ئاقسۆڭەك كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا بىللە تاقابىل تۇرۇپ،
ئىچكى جايلارغا قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن غەربىي يۇرت
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى قوغداپ قالىد-
دۇ. شۇ چاغلاردا، يەكەن جەنۇبىي يولدىكى قالتىس جاي دەپ
ئاتىلاتتى. يەكەن خانى كاڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆت-
كەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسى تەختكە ئولتۇرغاندىن كې-
يىن، قوشنا بەگلىكلەرنى بوزەك قىلىشقا باشلايدۇ. ئالدى بى-
لەن، ئۇ ئۇدۇن خانى يۈي لىننى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، ۋېيىسى-
نى خان قىلىپ تىكلەيدۇ، كېيىن يەنە ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئۇنى
تەڭلىكتە قويىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ۋېيىسى ئۆلگەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ ئوغلى رۇڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قېچىپ كېتىدۇ،
خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا پاكلىق بېگى دېگەن مەنسەپ
بېرىلىدۇ. كېيىن بىر قانچە قېتىملىق توپىلاڭلار داۋامىدا،
ئۇدۇن ئاقسۆڭىكى ھۇمبا (خان جەمەتىدىن) غەربىي يۇرتتا تۇ-
رۇشلۇق خەن ئەمەلدارلىرىدىن بولغان خەن رۇڭنىڭ ياردىمىدە
ئۆزىنى خان دەپ جاكارلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەكەندىكى
قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ جىيەنى گۇاڭدې
ئۇدۇن خانى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن بارغانسېرى قۇد-
رەت تېپىپ، جەنۇبىي يولدا دەۋر سۈرىدۇ. «كېيىنكى خەننامە»
دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا، نىيا بەگلىكىدىن تارتىپ،
غەربىي شىمالدىكى سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر) گىچە بولغان جاي-
لارنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى ئۇنىڭغا تەۋە بولغان بولۇپ،
تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇ-
رۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانىكەن.

شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇدۇن، يەكەن قاتارلىق بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇرۇقچىبەگ رەھبەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، پادىشاھ گۇاڭ ۋۇدى (ليۇشيۇ) دۆلەت كۇچىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۇرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ. مىلادىيە 93 ـ يىلى، ھۇنلار ئەسكەر چىقىرىپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇدۇن خانى گۇاڭدې يەككە ـ يېگانە، ياردەمسىز قالغانلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شاھزادىسىنى گۆرۈگە قويىدۇ ھەمدە ھۇنلارغا يىلمۇيىل يۇڭ توقۇلما قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ. ھۇنلار يەنە ئۇدۇنغا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى نازارەت قىلىدۇ. يەنە شۇ يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن، بەن چاۋنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىدۇ. بەن چاۋ پىشامشانغا كېلىپلا «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولماس» دېگەن شىجائەت بىلەن، ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ پىشامشاننى خەن سۇلالىسىگە تەۋە قىلىدۇ، ئاندىن ئۇدۇنغا كېلىدۇ. ئۇدۇن خانى گۇاڭدې ھۇنلارنىڭ نازارىتىدە تۇرغانلىقتىن، بەن چاۋ قاتارلىقلارغا «سوغۇق مۇئامىلە» قىلىدۇ. ئۇدۇن شۇ چاغلاردا باخشىغا ئىشىنەتتى. ھۇنپەرەس باخشى گەپ ئويدۇرۇپ: «تەڭرى راۋا كۆرمىسە، نېمىشقا خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغۇلۇق؟ خەن ئەلچىسى دەرھال ئۆزىنىڭ قارا تۇمشۇق سېرىق ئېتىنى ماڭا نەزىر قىلسۇن!» دەيدۇ. ئۇ بەن چاۋنىڭ ئېتىنى نەزىر قىلدۇرۇش نامى بىلەن ئۇدۇن خانىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇدۇننىڭ خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشىنى توسماقچى بولىدۇ. پادىشاھ گۇاڭدې بەن چاۋنىڭ ئېتىنى ئەكى-

لىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بەن چاۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تې-
پىپ، يالغاندىن ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاتنى باخشى
ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كەتسۇن، دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. باخشى
يېتىپ كېلىشىگىلا، بەن چاۋ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ گۇاڭدې
خانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. گۇاڭدې بەن چاۋنىڭ پىشامشاندا خۇن
ئەلچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان
بولغاچقا، خۇنلارنىڭ ئۇدۇندىكى نازارەتچى ئەمەلدارلىرىنى ئۆل-
تۈرۈپ، خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىپ، بەن چاۋ بىلەن ھەم-
كارلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش نىيىتىگە
كېلىدۇ.

مىلادىيە 76 ـ يىلى خەن سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدى ئۆل-
گەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ چېگرا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قۇربى
يەتمەيدۇ. خۇنلار يەنە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. بەن چاۋ بولسا
ياردەمسىز، يېگانە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمدىلا تەختكە ئولتۇر-
غان خەن پادىشاھى لىۋدا بەن چاۋغا تەۋەلىكىدىكى بارلىق خەن
ئەمەلدارلىرىنى لوياڭغا قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈ-
شۈرىدۇ. بەن چاۋلار قايتىپ ئۇدۇنغا كەلگەندە، پادىشاھ گۇاڭدى
خۇنلارنىڭ قولىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئوغلىنىڭ خەۋپكە ئۈچرى-
شىغا قارىماي، بەگلىك ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالىرىنى باشلاپ بەن
چاۋنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالىدۇ. خاننىڭ قول
ئاستىدىكىلەر ھۆركىرەپ يىغلىغان ھالدا: «خەن ئەمەلدارلىرىنى
ئۆز ئاتا ـ ئانىمىزدەك كۆرىمىز. كۆڭلىمىزنى ياندۇرمىغايلا»
دېيىشىدۇ. ئۇلار «بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ
ماڭدۇرمايدۇ» . گۇاڭدې ۋە كەڭ ئاۋامنىڭ بىردەك تەلەپ قىلىد-
شى ۋە ئارزۇسى بويىچە بەن چاۋ قايتىپ كەتمەي قېپقېلىپ،
ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش
نىيىتىگە كېلىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قورۇق-

چىبەگلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان غەربىي يۇرت دورغاپ بېگى ئۇدۇنغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ئۇدۇن دائىم ئەمەلدارلىرىنى ئىچكى جايلاردا ساياھەت ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇش يەنە داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، ھەرقايسى بوستانلىق شەھەر بەگلىكلىرى يەنىلا خەن سۇلالىسى مەركىزىي پادىشاھلىقىغا قارايدىغان بولىدۇ. غەربىي يۇرت دورغاپ بەگ مەھكىمىسى ئۇدۇنغا يۆتكىلىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئەتراپلىرىدا سىياسىي مەركەز بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ. ئەسلىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ چاغدا ئۇدۇنغا يىغىلىپ، نىيا بەگلىكى قاتارلىق جايلار ۋە شۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ۋە ئىناق ئۆتۈپ، بىللە دېھقانچىلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلار قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆپلەپ خاتىرىلەنگەن:

بىر تۇياق (...) كالا قانبىدۇدىكى چىن (خەنزۇ) لار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

بىر تۇياق (...) كالا ئۇدۇندىن كەلگەن ئەلچىلەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

بىر تۇياق (...) كالا جىمتونا (چەرچەن) دىكى چىن (خەنزۇ) لار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

# ئۈچىنچى بۆلۈم ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خوتەن

ئۈچ پادىشاھلىق، ئىككى جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە مەركىزىي سۇلالە ھاكىمىيىتىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، غەربىي يۇرتقا قاراشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 36 شەھەر بەگلىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە پارچىلىنىپ، 55 بەگلىككە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ پارچىلىنىپ 100 دىن ئارتۇق بەگلىككە يەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەر قايسى بەگلىكلەر ئۆزئارا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ساۋ، ۋېي دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتتا تەخمىنەن 30 دەك بەگلىك قالدى، ئۇلار بەش چوڭ ھاكىمىيەتكە تەۋە بولۇپ، ئۇدۇنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى رۇڭلۇ، ئۇزۇنتات، چۈرى، گۇمىلار ئۇدۇننىڭ قارمىقىدا بولدى. بۇ چاغدىكى غەربىي يۇرت بىلەن ساۋ، ۋېي سۇلالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا قويۇق بولۇپ كەلدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەندەك: «كۇسەن، ئۇدۇن، سۇغدىيانا، ئۇيسۇن، سۇلى، ياۋچىلار، پىشامشان، قاڭقىل تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر يىلى ئوردىغا ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى، خۇددى خەن دەۋرىدىكىگە ئوخشاش». ئۇدۇن خانى ئۆزلۈكىدىن ساۋ، ۋېي سۇلالىلىرىگە ئات سوۋغا قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. مىلادىيە 222 - يىلى (ۋېي سۇلالىسى خۇاڭچۇنىڭ 3 - يىلى) ساۋپېي پىشامشان، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى ئوردىغا ئولپان ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن «ھال سوراش» قا ئەلچى ئەۋەتىشكە يارلىق چۈشۈردى. ساۋ، ۋېي سۇلالىلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئۇتۇغات ۋە مۆھۈر بەردى. نىيەدىن تېپىلغان ئىككى پارچە پۇتۇكنىڭ دەلىللىشىچە، جىن

سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇدۇن خانى قاتارلىقلارغا جىنغا سادىق مۇھاپى-
زەت ئەمەلدارى، كاھبەگ، تارخان قاتارلىق ئوتۇغاتلار بېرىلگەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى غەربىي
يۇرتتا بۇددا دىنى گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. ئۇدۇن جەنۇبىي يولدى-
كى بۇددا مەركىزى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ نەزىرى-
دە ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇقەددەس جايى
ئىدى. غەربكە بۇددا نومى ئېلىشقا كەلگەنلەر ئۇزۇن يول بېسىپ،
بۇ يەرگە كېلىپ مۇقەددەس جايىنى تاۋاپ قىلىپ، بۇددا نوملىرىنى
تەتقىق قىلغانىدى. تارىختا ئۇدۇنغا ئەڭ بالدۇر نوم ئالغىلى
كەلگەن ئادەم جۇ شىشىڭ ئىدى. ۋېي سۇلالىسى گەنلۇنىڭ
5 - يىلى (مىلادىيە 260 - يىلى) جۇ شىشىڭ قاتارلىقلار
«تويىن كالامى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن، مىڭ-
بىر جاپالارنى تارتىپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كېلىدۇ.
ئۇدۇندا سانسكرىت يېزىقىدىكى مەھايانە مەزھىپىنىڭ دەستۇرى
«پراجنىيە پارەمىتا» دېگەن كىتابنى تېپىپ، شاگىرتى ئارقىلىق
لوڭايغا ئەۋەتىدۇ. ئۆزى ئۇدۇندا قېلىپ، نوم تەھسىل قىلىدۇ،
80 يېشىدا بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.
مىلادىيە V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، داڭلىق راھىب فاشيەن غەربكە
سەپەر قىلىپ ھىندىستاندا نام - شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن،
ئۇدۇنغا كېلىپ ساياھەتتە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «بۇددىزىم ئەللى-
رىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇدۇندىكى بۇددا دىنىنىڭ گۈل-
لىنىش ئەھۋالىنى بايان قىلغان. ئۇ: «بۇ ئەلنىڭ زېمىنى،
خەلقى سەمىمىي ئىكەن» دەپ يازغان. ئەينى چاغدا ئۇدۇن ئۇ-
رۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىمىغانلىقتىن، ھەقىقەتەن گۈللەنگەن
مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغانلىقتىن، مەركىزىي سۇلالە ئوردى-
سى غەربىي چېگرانى باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالغانىدى. كېيىن-
كى ۋاقىتلارغا كەلگەندە غەربىي يۇرتتىمۇ ئۇرۇش ئوتى كۆتۈرۈ-

لۇپ، ئۇدۇننى دائىم پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تۇردى. ۋايجىرا
جەمەتىنىڭ ئۇردىسىمۇ خەۋپ ئىچىدە قالدى. مىلادىيە 436 -
يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپەننىڭ 2 - يىلى) تۇيغۇنلار-
نىڭ ئاقساقىلى ئامونوشاد قوشۇن تارتىپ غەربىي تەرەپتىن ئۇدۇن-
غا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، پۇقرالارنى
ئېغىر كۆلپەتكە قويىدۇ. «ۋېينامە. تۇيغۇنلار تەزكىرىسى» دە
خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى بالايىئاپەتتە، ئۇدۇن پادىشاھى ئۆل-
تۈرۈلىدۇ، نەچچە ئون مىڭلىغان پۇقرا جېنىدىن ئايرىلىدۇ.
زاڭزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ مۇشۇنداق خاتىرىلەر
قالدۇرۇلۇپ: زور كۆلەمدىكى قوشۇن ئۇدۇنغا بېسىپ كىردى.
ئۇرۇش ئوتى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس
جايى نيۇتۇشەن تېغىغىچە تۇتىشىپ، بۇتخانىلەرنى كۆلگە ئايلاندۇ-
رۇۋەتتى، دەپ ئېيتىلغان.

ئامونوشاد قوشۇن تارتىپ ئۇدۇندىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا يۈرۈش
قىلىدۇ، تەيپىڭ جىنجۈننىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 442 - يىلى)
قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇن ئاندىن تەدرىجىي تىنچلىنىشقا
باشلايدۇ. جەنۇبىي يولدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي
رايوننىڭ قاتناش ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن تارىخىي خاتىرىلەرگە
يېزىلىشقا باشلايدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ توقبات خۇڭ
دەۋرىدە، پېرسىيە پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى كۆندۈرۈلگەن پىل
ۋە قىممەتلىك سوۋغىلارنى ئېلىپ ئۇدۇندىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا
ئۇدۇن خانى چورىن زاڭزۇچە يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن 35 -
ئەۋلاد پادىشاھ ۋايجىرا سانگرانا (VIJAYA — SANGRANA)
بولۇپ، ئۇ يەتتە يېشىدىلا تەختكە چىققان، كامالەتكە يەتكەن
پادىشاھ بولغاچقا، دۆلەتنىڭ كۈچىنى پائال قۇدرەت تاپقۇزغان.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شيەن ۋېندى پادىشاھىنىڭ ئاخىرقى يىللىد-
رى (مىلادىيە 470 - يىلى) ئەتراپىدا جورجانلار ئۇدۇنغا قور-
شاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇدۇن خانى ئەلچى سۇمۇكخانى شىمالىي

ۋېي سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئىفتا-
لىتلار كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇدۇن ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا
قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مىلادىيە 520 ـ يىلى سوڭ يۈن كوئېند-
لۇنىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن ئۆتكەندە، ئېفتالىتلارنى «شەرق-
تە ئۇدۇن، غەربتە پارسقىچە 40 نەچچە بەگلىكنىڭ قۇتلۇقلىغان»
لىقىنى كۆرگەن. مىلادىيە 567 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، غەربىي
تۈركلەرنىڭ خاقانى ئىستەمى ئىفتالىتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن،
بۇ خىل ۋەزىيەت ئاندىن ئاياغلىشىدۇ.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ باردى ـ كەلدىسى قويۇق
بولغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن سودىگەرلەر، راھىبلار
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. چېگرادىكى ئۇ-
رۇش مالىمانچىلىقىدىن بىزار بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاناھ-
لانغىلى بارغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇدۇن، قوچو، قاراشە-
ھەر، كۇسەن، سۇلى، كاۋانتا، جوجوف، پىشامشان قاتارلىق
جايلار دائىم ئىچكى جايلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي،
غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇئەي-
يەن تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. شىمالىي ۋېي دەۋرد-
دىكى لوياڭ شەھىرىدە مەخسۇس چېگرا رايونلاردىن كەلگەن ئە-
مەلدارلار، سودىگەرلەر قونالغۇ قىلىدىغان سارايلار سېلىنغان.
«لوياڭدىكى ساڭراملار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» دە يېزىلىشى-
چە، غەربىي يۇرتلۇقلار ئولتۇرىدىغان جاي «يەنزى سارىيى» دەپ
ئاتالغان بولۇپ، «رەت ـ رەت ئۆيلەر سېلىنغان، يېشىل قارىغاي-
لار بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن، مەجنۇنتاللار ساڭگىلاپ تۇر-
غان» ، لوياڭ شەھىرىنىڭ ئاۋات رايونلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

**ئاپتور: يىن خۇڭبې**

# تۆتىنچى بۆلۈم  سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى خوتەن

مىلادىيە 581 ـ يىلى، ياڭ جيەن سۇي سۇلالىسىنى قۇرۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ چاغدا، سۇي سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا شىمالىي چۆللۈكتىكى تۈرك خاندانلىقى (شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار ئىدى. غەربىي تۈركلەر غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىۋېلىپ، يىپەك يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا توسالغۇ بولغانىدى. غەربىي تۈركلەر غەربىي يۇرت خەلقلىرىگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغانلىقتىن، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ، پۇرسەت بولسىلا قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسىلەن، غەربىي تۈركلەرنىڭ خانى تاردو جيۇچۇەنگە پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئۇدۇنلۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

تۈرك خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئېغىر ئىدى، «قەبىلىلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى يەكلەش، بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىش، قان تۆكۈلۈشتەك ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى»، شۇڭا پادىشاھ سۇي ۋېندى ئالدى بىلەن تۈرك خاندانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى. سۇي ۋېندى تەختتە تۇرغان ۋاقىتتا شەرقىي تۈرك خاندانلىقى مەغلۇپ قىلىنغان، غەربىي تۈرك خاندانلىقىمۇ ئېلىپلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى بىلەن خېلىلا ئاجىزلاپ قالغان، سۇي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ شەرتى پىشىپ يېتىلگەنىدى، پادىشاھ سۇي ۋېندى دۇ شىڭمەن، ۋېي جيې قاتارلىق كىشىلەرنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پېي جۈنى جاڭيېگە ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىن كەلگەن سودى-

گەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار چاڭ-ئەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مىلادىيە 603 ـ يىلى، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭ گۇاڭ تۇيغۇنلارغا جازا يۇرۇشى قىلىپ، خېشىغا بارغاندا، ئۇدۇن خانى ۋايجىرا، قوچو خانى چۈبۇيا، قارا شەھەر خانى ئارجونا تۇركەش، كۇسەن خانى سوۋارنا سۇنىچ، سۇلى خانى ئامجۇ، ئىۋىرغۇل خانى تۇتۇق شات ۋە سوغدىيانا، شاش شەھىرى، كۇشان قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرى ياكى ئەلچىلىرى ياڭ گۇاڭ بىلەن كۆرۈ-شۇپ، دوستلۇقىنى بىلدۈردى.

سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) ئۇدۇن، كۇسەن، سۇلى، بۇخارا، كېبۇت ئۆرەتۆپە، كۇشان، مارۇ قاتارلىق بەگلىكلەر چاڭئەنگە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتكەن. شۇ مەزگىلدە، ئۇدۇن كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولغان. لېكىن، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قې-لىپ، ئۇدۇنغا تېخىمۇ كۆپرەك ياردەم بېرەلمىدى.

غەربىي يۇرت ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە كونسايىن كۆپە-يىپ كېتىۋاتقان غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، سۈي سۇلالىسى مەخسۇس بىر ئاپارات — غەربىي يۇرت دورغاپ بېگى تەسىس قىلدى.

مىلادىيە 618 ـ يىلى، سۈي سۇلالىسى ھالاك بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەز-گىللەردە، ئىچكى ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربىي يۇرتقا كۆڭۈل بۆلەلمىدى. جېنگۇەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 632 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، قاشتېشى بەلباغ سوۋغا قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن

باشلاپ، ئۇدۇن بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆنسايىن قويۇقلاشتى. جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى (مىلادىيە 639 - يىلى) ئۇدۇن خانى يەنە ئوغلىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، بىر جەھەتتىن، ئۇدۇننىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن، تاڭ سۇلالىسىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى (مىلادىيە 646 - يىلى) 1 - ئايدا، غەربىي تۈرك خاقانى ئىل بىلگە شىر تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغاندا، قۇدىلىشىشنى ئىلتىماس قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭغا قوشۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي تۈركلەردىن كۈسەن، ئۇدۇن، سۇلى (قەشقەر)، جوجوف ۋە پامىردىن ئىبارەت بەش بەگلىكنى تويلۇق ھېسابىدا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇن قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈيغونلارنىڭ ئاقسۆڭەك ھاكىمىيىتىنى داۋاملىق تىنچىتىش ئۈچۈن، كاڭ يەندىيەن قاتارلىق ئەلچىلەرنى پىشامشان ئەتراپىدا تۇرۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا قوچو خانى چۇ ۋېنتەي، قاراشەھەر خانى ئارجونا تۈركەش، كۈسەن پادىشاھى سوۋارنا سۇۋاپ، سۇلى خانى پىخوپىجىر، ئۇدۇن خانى ۋايجرا قومى قاتارلىقلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ ياكى ئۆزلىرى تاڭ سۇلالىسىغا بېرىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى (مىلادىيە 640 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى قوچو ئايمىقىدا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭغا ئەنشىدىكى تۆت قورغان، يەنى سۇيئاب،

ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن قورغانلىرى قارايتتى. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان داڭلىق ھەربىي ئورگىنىدۇر. جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيە 646 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى سىر تاردۇش خاندانلىقىنى تىنچلاندۇردى، شىمالىي چۆللۈكتىكى كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇ يەردە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە دورغاپبەگ مەھكىمىسى، ئايماق قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تەدبىر غەربىي يۇرتتا زور زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى، ھالبۇكى، غەربىي تۈركلەر ئىچىدىكى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنە كۇسەن خانى باھارپۇسپانى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىشقا قىستىدى. جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى (مىلادىيە 647 ـ يىلى) لى شىمىن ئالىي باش بوغ ئاشناشىر ۋە چۆبە قالى قاتارلىقلارنى كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇدۇن خانى ۋايجىراسىن دەرھال ئوغلى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا 10 مىڭ 300 تۇياق تۆگە تەقدىم قىلىپ، زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ قوشۇنلىرى غەربىي تۈركلەر ۋە كۇسەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاشناشىر تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى نامىدىن باھارپۇسپانىڭ ئىنىسى يابغۇنى كۇسەن خانى قىلدى. قوشۇننىڭ دورغاپ بېگى سىرۋانبا ئاشناشىرغا: «كۇسەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىۋالساق، غەربىي يۇرتتىكىلەر ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، يالغاندىن ئاتلىق قوشۇن بارغان قىلىپ، ئۇدۇن خانىنى ئاستانىغا بېرىشقا مەجبۇر قىلىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى. ئاشناشىر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، سىرۋانبانى 50 نەپەر ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئۇدۇنغا ئەۋەتتى. سىرۋانبا ئۇدۇنغا بارغاندىن كېيىن، ئۇدۇن خانىغا تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ۋايجىرا سىنغا سۇلالە تەڭرىقۇتى بىلەن كۆرۈشۈپ، تاڭ

سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ۋايجىر-
سېن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئىنچىل ئۆتۈپ كەلگەچكە،
ئاللىبۇرۇن بەيئەت قىلىش كويىدا ئىدى. شۇڭا، ئۇ سىرۋانبا
بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىنغا:
«خەن ۋۇدى پادىشاھ بولغاندىن تارتىپ، مەركىزىي سۇلالە چۇ-
شۇرگەن پەرمان ۋە بەلگىلەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلاپ كېلىۋاتىد-
مىز، ھەر دائىم ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن ھەمدەم بولۇشنى
ئويلايمىز» دېگەنلەرنى بايان قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي لى شىمىن
ئۆلۈپ، گاۋزۇڭ خان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. تاڭ گاۋزۇڭ
ۋايجىرا سېنغا ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى، ئوغلى يابغۇ-
زاتقا توپبېشى سانغۇنى دەپ ئەمەل بەردى ھەمدە ئالتۇن كەمەر،
كىمخاب تون، 60 توپ دۇردۇن، بىر قورۇ - جاي ۋە باشقا
كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىنئام قىلدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن
ۋايجىرا سېن ئۆز بەگلىكىگە قايتتى، ئوغلىنى چاڭئەندە قالدۇردى.

ئۇدۇن بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تەۋەلىك مۇناسى-
ۋەت بولغانلىقتىن، ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سېن تاڭ سۇلالىسىغا
ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلدى. جېنگۇەنىڭ 23 - يىلى
(مىلادىيە 649 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭنىڭ جەسىتى جاۋلىڭ قەب-
رىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان چاغدا، ئۇدۇن قاتارلىق 14 بەگلىك-
نىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان باشلىقلىرىنىڭ تاش ھەيكىلى
قاتار تىزىلدۇرۇلۇپ، لى شىمىنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ قىلىندى.

ئۇدۇن گەرچە تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولغان بولسىمۇ، غەر-
بىي تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى تېخى غەربىي يۇرتتا تەلتۆكۈس
تۈگىمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇدۇن ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسى
بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. گاۋزۇڭ يۇڭخۇي-
نىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 655 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋايجىرا
سېن يەنە پايتەخت چاڭئەنگە كەلدى. گاۋزۇڭ لى جى لوياڭ
شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپ، نەغمە كۆرگەندە ئۇدۇن خانى ۋايجىرا

سىن بىللە بارغانىدى. تاڭ سۇلالىسى شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى. لېكىن، ئۇدۇن يەنىلا تۈبۈتلەر، غەربىي تۈركلەرنىڭ پاراكەندىلىكىگە ئۇچراپ تۇردى. تاڭ سۇلالىسى شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 660 - يىلى) غەربىي تۈركلەر ئۇدۇننى ئىشغال قىلىۋالدى. تاڭ سۇلالىسى لۇڭسونىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 663 - يىلى) 12 - ئايدا، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۇنەس قەبىلىسى ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھىراۋۇلى گاۋشيەن لەشكەر تارتىپ كۇنەس قەبىلىسىنىڭ زېمىنىگىچە ھۇجۇم قىلىپ باردى. ئۇدۇن شۇندىلا تىنچلاندى. بۇ چاغدا، تۈبۈتلەر كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغانغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى لىن دېنىڭ 2-يىلى (665- يىلى) 3 - ئايدا سۇلى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ كۇنەس قەبىلىسى تۈبۈتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇدۇنغا پاراكەندىچىلىك سالدى. تاڭ سۇلالىسى قوچو ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى سۇي جىبىيەن، سولقانات سانغۇن ساۋ جىشۇلارنى ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى چېكىندۇردى.

گاۋزۇڭ شاڭيۇەننىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 674 - يىلى) پايتەختتە پاناھلىنىپ، كېيىن ئۇدۇن خانى بولغان ۋايجىرا سىن توسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، «بالا - چاقىلىرىنى ھەمدە يەتتە نەپەر ئاقساقىلىنى باشلاپ ئوردىغا كەلدى». ۋايجىرا سىن باشچىلىقىدىكى چوڭ كۆلەملىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ پايتەختكە كىرىشى ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم پائالىيەت ئىدى. ئىككىنچى يىلى، غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تاڭ سۇلالىسى ئاخىرى تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچىنى تازىلىدى. چېگرا رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش

ئۇچۇن، گاۋزۇڭ شاڭيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 675 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇدۇندا كىبرىيە تۇتۇق مەھكىمە-سى تەسىس قىلدى. ئۇدۇن خانى ۋايجىرا شىيۇڭ ۋالىيلىققا تەيىن-لىنىپ، مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. تاڭ سۇلا-لىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە ئۇدۇندا ئامانلىق ساقلاش مەھكە-مىسى قۇرۇپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، چېگرانىڭ بىخە-تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، غەربىي تۈركلەر ۋە تۈبۈتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا تاقابىل تۇردى. كىبرىيە تۇتۇق مەھكە-مىسى غەربىي شىمالدا سۇلى، شەرقتە شاجۇغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ باشقۇرىدىغان زېمىنى بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ زېمىنىغا بارا-ۋەر كېلەتتى. دەسلەپتە بەش ئايماق تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىن ئون ئايماققا ئۆزگەرتىلدى. ئايماق نامى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۇدۇن چېگراسى ئىـ-چىدىكى بەزى ئاتاغلىق شەھەر ـ بازارلار ئايماق تۇرۇشلۇق جايلار بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدىكى شەھەر ـ بازارلار: ئۇدۇن شەھـ-رىنىڭ غەربىدىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتا گۇچېڭ بازىرى بار؛ 390 چاقىرىم يىراقلىقتا جىران بازىرى بار؛ غەربىي جەنۇبىدىن 380 چاقىرىم يىراقلىقتا گۇما بازىرى بار؛ جەنۇبىدىن 600 چاقىرىم يىراقلىقتا ھونۇ بازىرى بار؛ شەرقىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا كەنجۇت بازىرى بار. كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرى-دىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇدۇن پادىشاھلىق شەھىرىنىڭ شەرقىدە ئەنجۇن ئايمىقى، گەنجۇ ئايمىقى بار ئىدى؛ شەرقىي جەنۇبىدا يىنجۇ، لۇجۇ، مىجۇ ئايماقلىرى بار ئىدى؛ جەنۇبىدىن 1300 چاقىرىم يىراقلىقتا يۇجۇ ئايمىقى بار ئىدى. بۇلار بەلكىم تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىبرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى قارمىقىدىكى ئايماقلار بولسا كېرەك.

گاۋزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (683 ـ يىلى) تۈبۈتلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۇلار «قارا شەھەرنىڭ غەربىدىكى شەھەر ـ قورغانلارنىڭ بىرسىـ
ـنىمۇ ئالالمىدى.» چۇيگوڭنىڭ 2 ـ يىلى (686 ـ يىلى) تاڭ
سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى زەربىدار قوشۇنلىرى ئەنشىدىكى
تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى. 687 ـ يىلى، ئۇدۇن خانى ۋايجىرا
شىيۇڭ يەنە بىر قېتىم چاڭئەنگە بېرىپ، ئايال پادشاھ ۋۇ زېتيەن
بىلەن كۆرۈشتى. كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك
بۇ ۋالىيسى شۇنىڭدىن تارتىپ چاڭئەندە تۇرۇپ قالدى. كېيىن
ئۇ، ئۇدۇنغا قايتمىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈبۈتـ
لەر دائىم ئۇدۇنغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. ۋۇ زېتيەن
چاڭشۇنىڭ 1 ـ يىلى (692 ـ يىلى) باش بۇغ ۋاڭ شياۋجيې
لەشكەر تارتىپ ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى. كېيىن
تۈبۈتلەرنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى سەۋەبىدىن، غەربىي يۇرت
مۇقىملىققا قاراپ يۈزلەندى. تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى
(744 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سامپاۋا ئۇدۇن قورغىنىدا
مۇھاپىزەتچىلەر ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى
گاۋ شيەنجىغا ھەمدەم بولۇپ جەڭ قىلىپ، تۈبۈت قوشۇنلىرىنىڭ
پاراكەندىچىلىكىنى كـۆپ قېتىم مـەغلـۇپ قىلدى. مىلادىيە
755 ـ يىلى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەنلۇك ـ سۆيگىن توپىلىڭى
يۈز بېرىپ، پۈتۈن دۆلەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ۋايجىرا سامپاۋا
ئىنىسى ۋايجىرا بوخا ئىنچۇغا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى
تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى 5000 لەشكەرنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىـ
ـنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە
باردى. تاڭ پادشاھى لى شياڭ خېيىمخەتەرگە قارىماي، ئون
مىڭ چاقىرىملاپ يول بېسىپ، دۆلەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن ۋايجىرا سامپاۋاغا ئاپىرىن ئوقۇدى.
ئۇنى كاتتا مۇراسىم بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوردا مۇپەتتىش
مەنسىپى بېرىپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى.
ئەنلۇك ـ سۆيگىن توپىلىڭىدىن كېيىن، ۋايجىرا سامپاۋا

چاڭئەندە تۇرۇپ قالدى. تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا ۋۇدى خانى دېگەن
ئوتۇغاتنى بەردى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋايجىرا قىر لۇڭجۇ ئايمىقىنىڭ
ئايماق بېگى بولدى. ئىنىسى ۋايجىرا بۇخان ئىنچۇ تاشقى ئىشلار
كاتىپى بولۇپ، ئۇدۇننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك
قىلدى. ئۇ مەركەزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا
قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى-
نى ساقلىدى.

تەخمىنەن VIII ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، تۇبۇت ھاكىمىيە-
تى غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆجۈمىنى كۈچەيتتى، ئەنشى، بەشبا-
لىق قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار قەيسەرلىك بىلەن
قارشىلىق كۆرسەتتى. تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەننىڭ 5 ـ يىلى
(مىلادىيە 789 ـ يىلى)، راھىب خۇي چاۋ بەشبالىقتىن ئىچكى-
رىگە قايتتى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققانلاردىن بەشبا-
لىق ئوردا ئىشلىرى ئەمەلدارى نيۇشىن بىلەن ئەنشىنىڭ ئوردا
ئىشلىرى ئەمەلدارى بار ئىدى. خۇي چاۋ ئەنشى، بەشبالىق
قاتارلىق جايلاردا ئىككى يىلدىن كۆپرەك تۇرغان، ئۇنىڭ ئېيتى-
شىچە، ئەينى چاغدا، غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق ھەربىي ۋە
مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن: سۇلى پادىشاھى پېي لېڭلېڭ، باسقا-
ۋۇل لۇياڭ، ئۇدۇن خانى ۋايجىرا بوخان ئىنچۇ، باسقاۋۇل جېڭ
جۈي؛ ۋېيرۇڭ شەھىرى (بۈگۈنكى ئاقسۇ) نىڭ باسقاۋۇلى سۇ-
سېن؛ ئۇچتۇرپاننىڭ باسقاۋۇلى مەي چۈەن؛ ئەنشىنىڭ ياندىش
قورۇقچى بېگى گوشىن، كۇسەن خانى بەي خۈەن؛ قارا شەھەر
خانى لۇڭ رۇلىن، باسقاۋۇل ياڭ بەييۇ، بەشبالىق ھېراۋۇلى
ياڭ شىگۇ قاتارلىقلار ئىكەن.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

# بەشىنچى بۆلۈم ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

تاڭ سۇلالىسى هالاك بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئوداللىق بۆلۈنمە هالەتتە تۇردى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىمۇ بىر قانچە هاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراخانىيلار، ئۇدۇن ۋە ئىدىقۇت قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار زور كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۇدۇننىڭ شىنفۇ ئايمىقىغا كەلدى. 100 يىللىق راۋاجلىنىش ئارقىلىق، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۇدۇندىكى ئاساسىي مىللەتكە ئايلاندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاهلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولغان دەۋرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى ئۆزىنى ئەسلىدىنلا تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەيتتى. دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيدە بىر پارچە تام رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تېۋىنغۇچى يېنىدىكى ئىزاهاتتا: «بۈيۈك سۇلالە ئالتۇن قاشتېشى بەگلىكىنىڭ تەڭرى مەلىكىسى ۋىسارا خان ئۈچۈن تېۋىنماقتا» دەپ يېزىلغان؛ يەنە بىر پارچىسىنىڭ ئىزاهاتىغا: «بۈيۈك سۇلالىنىڭ ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن بەگلىكى تەڭرى خانىنىڭ ئۈچىنچى قىزى تەڭرى مەلىكىسى يېڭىدىن تەيفۇ ئەمەلى بېرىلگەن ساۋ يەنلۇي ئۈچۈن تېۋىنماقتا» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە دېيىلگەن «بۈيۈك سۇلالە» ئېنىقكى تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ۋىسارا خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاهلىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يىلنامىلارنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىكى تۇڭچىڭنىڭ 1 ـ يىلى لياڭ چيەنخۇانىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 914 ـ يىلى) نى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا

قارىغاندا، ۋىسارانىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن ۋاقتى
بەش دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن كېيىن ئەمەس. ئۇنىڭ
ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىدە دەپ ئاتىشى تامامەن ئەقىلغا
مۇۋاپىق.

ۋىسارا خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن
بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى جىن تيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە
938 - يىلى) رەسمىي باشلانغان. شۇ يىلى ۋىسارا تەڭرىخان
ما جىرۇڭنى جىن سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.
جىن سۇلالىسى يىراقتىن كەلگەن ئەلچىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋا-
لىدۇ ھەمدە ما جىرۇڭغا بەگلىك چوڭ سانغۇنى دەپ ئۇنۋان
بېرىدۇ، جاڭ كۇاڭيې، گاۋ جۈخۈيلارنى ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە
ئەۋەتىدۇ، ۋىسارا تەڭرىخانغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ
خانى دەپ ئۇنۋان بېرىدۇ. جاڭ كۇاڭيې، گاۋ جۈخۈي قاتارلىق
كىشىلەر كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنفۇنىڭ 7 - يىلى
(مىلادىيە 942 - يىلى) ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىدۇ، ئۇلار بۇ
قېتىمقى سەپىرى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرىدۇ. ئۇدۇن خاندانلى-
قىنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى سەل كېيىنرەك باشلىنىدۇ. مىلادىيە 989 - يىلى
(لياۋ سۇلالىسى تۇڭخېنىڭ 7 - يىلى) ئۇدۇن ئەلچىلىرى تۇنجى
قېتىم لياۋ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرىدۇ. لياۋ سۇلالىسى ئۇ-
دۇندا مەھكىمە تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ.

مىلادىيە 962 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جيەنلۇڭنىڭ 3 -
يىلى)، ۋىسارا تەڭرىخان سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئول-
پان تاپشۇرىدۇ. شۇ يىلى ئۇدۇن مانى دىنى راھىبلىرىمۇ سۇڭ
سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇدۇندا بۇددا دىنى
ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ۋىسارا تەڭرىخان ئۆزىمۇ تەقۋادار
بۇددىست ئىدى. ۋىسارا خانلىقىنىڭ گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىنىڭ
ھۆكۈمرانى بولغان ساۋ جەمەتى بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قو-

يوق ئىدى. ۋىسارا جەمەتى بىلەن ساۋ جەمەتى شۇ چاغلاردا قۇدىلىشىپ ئۆتكەن. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام سۈرەتلىرىدىن شۇ چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شاجۇ ئايمىقىدا تەسىس قىلىنغان بەيئەتچىلەر قوشۇنى ھىراۋۇلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايوندا قۇرغان بىر ئورگىنى ئىدى. بۇنىڭدىن ۋىسارا خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خېلى قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ دەۋر ئۇدۇن تارىخىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ. قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەر رايونلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. توپىلاڭ ئۇدۇننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە غەلىبە قىلىدۇ. مىلادىيە 974 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى كەيباۋنىڭ 4 ـ يىلى)، ئۇدۇنلۇق راھىب جىشياڭ ئۇدۇن خانىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ بېرىپ، سۇڭ سۇلالىسىگە ئۆزلىرىنىڭ سۇلىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى لەشكەر چىقىرىپ باستۇرغانلىقتىن، قەشقەرنىڭ بۇددا مۇخلىسلىرى ئۇدۇنغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇدۇنغىچە قوغلاپ بارىدۇ. جەنۇبتىكى تۇبۇتلەر ۋە شىمالدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇدۇننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ياردەم بېرىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 24 يىل داۋاملىشىدۇ. مىلادىيە 1001 ـ يىلىغا كەلگەندە (مىلادىيە 1006 ـ يىلى دەيدىغانلارمۇ بار) بۇغراخان ھەسەننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇننى ئىشغال قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇدۇن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

مىلادىيە 1009 ـ يىلى ئۇدۇن قاراخانىيلار خانى بويلاساغۇن قاتارلىقلارنى سۇڭ سۇلالىسىگە سوۋغا ئاپىرىشقا ئەۋەتىدۇ ھەمدە سۇڭ سۇلالىسىگە ئۇدۇندىن تارتىپ دۇنخۇاڭغىچە بولغان يوللار-

نىڭ راۋان ئىكەنلىكىنى، بۇ يوللاردا سەپەر قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ
ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇنغا ئەلچى
ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن، شۇ چاغلاردا بۇ رايونلار-
نىڭ بىر قەدەر مۇقىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.
1025 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى تيەنشىڭنىڭ 3 - يىلى) دىن
كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان ئاستا - ئاستا قاراخانىيلار پادىشاھلى-
قىنىڭ خاقانى (ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1031 -، 1032 -
يىللىرىغىچە) بولىدۇ.

ئاپتور: يىن خۇڭخېي

# ئالتىنچى بۆلۈم يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن

يۈەن سۇلالىسى جىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىنى داۋاملاش-
تۇرۇپ، «ھەممە بىر ئائىلە» بولۇش ۋەزىيىتى ئاستىدا «ئىچكى
جەھەتتە ھەممە ئۆزىنى قوغداش، تاشقى جەھەتتە تىرىشچان بو-
لۇش، ھەممە جايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ لەشكىرىي لاۋازىمەتنى
قامداش» نى يولغا قويدى. كونا تۈزۈملەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەر-
دىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈ-
تۈن دۆلەت مىقياسىدا «پۇقرالارنى كۆچۈرۈش - چېگرىنى ئاۋات-
لاشتۇرۇش» ۋە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى يولغا
قويدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى لەش-
كەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ئۆز جايىدا ھەل قىلىش ئىدى.
بۇنىڭ بىلەن، زور تۈركۈمدىكى چېگرا رايون ئەمگەكچى خەلقى
ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلدى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ دېھقانلار ۋە

قول ـ ھۈنەرۋەنلەر ئۈزۈلمەي غەربىي يۇرتقا كېلىپ، شۇ يەردە-كى ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىللە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇل-لاندى. خەنزۇلار بىلەن باشقا ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى مۇشۇ شەكىلدە تەدرىجىي قويۇقلىشىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پەيدىنپەي يۇ-قىرى كۆتۈرۈلۈشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. تارىخىي ماتېرى-ياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى چىڭگىزخان دەۋرىدىلا باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بەشبالىقتا غەربىي يۇرتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە تەسىس قىلىنغانىكەن.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى تەشكىللىشى قاتتىق بولغان. خوتەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا خوتەن ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بوز يەر ئۆز-لەشتۈرۈش ئورگىنى قىلىنغان، قارىمىقىدا تۇمەنبېشى مەھكىمى-سى تەسىس قىلىنغان، ئەمىرلەشكەر ۋە تۇمەنبېشى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرغان. ئۇلارغا 3 ـ دەرىجىلىك ئەمەل بېرىلگەن. ھەر قايسى جايلاردا مىڭبېشى، يۈزبېشى ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان، ئۇلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئىدى. ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ئىچى-دىكى ئاساسىي قوشۇن خەنزۇ لەشكەرلەر ۋە يەرلىك قوشۇنلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار تې-رىقچىلىق تەجرىبىسىگە مول ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا پىششىق ئىدى. ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى-لەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئاتلىق لەشكەرلەر بولۇپ، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئىككى بۆلۈك ئادەملەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزئارا يار-دەمدە بولغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كېرەكلىك يەر، دېھقان-

چىلىق سايمانلىرى، ئۆكۈز، ئۇرۇقلۇق، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن، يىغىۋېلىنغان ئاشلىق قاتارلىقلارمۇ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ھەربىي ئاشلىق قىلىنغان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ھەر ئايدا ئايلىق مائاش ئېلىپ تۇرغان.

يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 15 - يىلى (مىلادىيە 1279 - يىلى) خوتەندىكى باش تۈمەنبېشى ئالاۋۇدۇن خەنزۇ لەشكەرلەر، يەرلىك لەشكەرلەرنى تەشكىللەپ، خوتەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشلىغان. لېكىن، كېيىن خوتەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈزۈلۈپ قالغان. جىيۈەننىڭ 19 - يىلى (مىلادىيە 1282 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى خوتەننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم يەرلىك قوشۇنلار جىيۈەننىڭ 26 - يىلى (مىلادىيە 1289 - يىلى) غىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوشۇنى كۆسەن تارىم (بۈگۈنكى كۇچار دائىرىسى ئىچىدە) قاتارلىق جايلارغا يۆتكەلگەن. جىيۈەننىڭ 25 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەندە تۇرۇشلۇق 310 نەپەر چېگرا لەشكىرىگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەن، قەشقەردىن 1050 نەپەر ھۈنەرۋەننى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە يۆتكىگەن.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا، خەنزۇ لەشكەرلەر ۋە يەرلىك لەشكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ئەمگەكچى خەلق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچكى جايلارنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئېلىپ كېلىپ، خوتەن رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دۆلىتىمىزنىڭ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى يۈەن سۇلا-

لىسى دەۋرىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئۇ دەسلەپتە غەربىي رايوندىن شەنشى، گەنسۇلارغا كىرگەن. خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار مول تېرىقچىلىق تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، يۈەن دەۋرىدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئاگرونوم لۇ مىڭشەن يازغان «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دا، 3 - ئايدا كېۋەز تېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «ئالدى بىلەن چىگىت سۇغا چىلىنىدۇ، ئاندىن ئوت - چۆپنىڭ كۈلى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇرۇق بىخلىنىشقا باشلىغاندا مۇنبەت تۇپراققا سېلىنىدۇ، تۇپ ئارىلىقى بىر چى بولىدۇ، ھەر بىر كاتەككە بەش تالدىن يەتتە تالغىچە ئۇرۇق سېلىنىدۇ، ئۇرۇقلار ھەممىسى ئۈنۈپ چىققاندا تاقلىۋېتىلىدۇ، يەر بوشىتىلىپ ئوت - چۆپلەر ئوتۇۋېتىلىدۇ، كېۋەز غولى يېتىلگەندە ھارام پۇتاقلىرى ئېلىۋېتىلىپ، غوزا ئالماسلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. 8 - ئايغا كەلگەندە پاختا يىغىۋېلىنىدۇ». لۇ مىڭشەن يېزىپ قالدۇرغان بۇنداق كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ھازىرمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزنىڭ كېۋەز تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇمۇ دۆلىتىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ قويۇق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان تىپىك پاكىت.

بۇ يەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شۇ چاغدىكى دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىمىزغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغىمۇ پايدىلىق. يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 14 - يىلى (مىلادىيە

1277 - يىلى) ئىدىقۇتنىڭ بېگى قوچقارخوجا بىر قانچە قېتىم دۇۋانىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ، گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتكەن، ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، فامىلىسىنى جاڭ قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مىلادىيە 1329 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنتۇڭ، شەنياڭ ناھىيىلىرىگە كۆچكەن 800 ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئاچارچىلىققا ئۇچرىغاندا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى ئۆلكىسىدىن 13 مىڭ يامبۇ، 5500 دادەندىن كۆپرەك بۇغداي ئاجرىتىپ قۇتقۇزۇشنى بۇيرۇغان. شۇ ۋاقىتتا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭشياڭفۇ دېگەن يېرىگىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەن.

خېنەن ئۆلكىسىدە ھازىرمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كەلگەن ئۇيغۇرلار بار. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 600 ئائىلىدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ ناھىيىسىگە بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ھازىر خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شېڭچى ناھىيىسىدە ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت بار. 1982 - يىلدىكى مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە 131 ئائىلىلىك 594 نەپەر ئۇيغۇر بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ جەمەت يادنامىسىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ 1 - ئەۋلاد ئاتا - بوۋىسى ساجىن ھەيىيار غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خېنەن ئۆلكىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بەش ناھىيىدە داروغاتچى (بۇ موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، باسقاۋۇل، باش ئەمەلدار، ئەمەلدار دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ) بولغان، كېيىنكى ئەۋلادلىرى شېڭچى ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، مومىسىنىڭ فامىلىسى بويىچە لىيۇ فامىلىسىنى قوللانغان. ھازىر خېنەن ئۆلكىسى بويىچە 720 نەپەر ئۇيغۇر بار. يۈەن سۇلالىسى

جىيۇەننىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 1285 ـ يىلى) ئىدىقۇت
جەمەتىدىن بولغان شۈشۈ تېكىن 1000 ئائىلىلىك ئۇيغۇر لەش-
كەرنى باشلاپ خاسجاڭ (دالى، يۈننەن ئۆلكىسىنىمۇ كۆرسىتى-
دۇ) نى مۇھاپىزەت قىلغان. يۈەن سۇلالىسى يەنيۇنىڭ 3 ـ يىلى
(مىلادىيە 1316 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋۇمىڭ
ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ،
ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك خەنزۇ قوشۇنلىرىدىكى 5000 ئادەمنى بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە يۆتكىگەن. 1982 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكى-
سىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خۇنەن ئۆلكىسىدە 4446 نەپەر ئۇيغۇر
بار، ئۇلار ئاساسەن چاڭدې رايونىدا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاش-
قان، بولۇپمۇ تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ئەڭ مەركەزلەشكەن بولۇپ،
3666 نەپەر ئۇيغۇر بار. ئۇلار يۈەن سۇلالىسى جىيۇەننىڭ 4
ـ يىلى (مىلادىيە 1338 ـ يىلى) ئىبنى ھاشىرنى باش ئاغلاقچى
قىلىپ تەيىنلەپ باۋچىڭلۇ (بۇگۇنكى خونەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋياڭ
رايونى) نى قوغدىغان. يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 11 ـ يىلى
شياۋيۈن شىخەييا خۇنەننىڭ ئەمىر لەشكەر ياردەمچىسى بولغان،
كېيىن شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى لۇڭشىڭ (ھازىرقى جياڭشىدىكى نەنچاڭ)، لىن ياڭ
(جياڭسۇدىكى لىن ياڭ)، پىڭجياڭ (جياڭسۇدىكى سۇجۇ)،
جېنجياڭگۇ (جياڭسۇدىكى جېنجياڭ)، يى ۋۇ (جېجياڭدىكى
جىڭخۇا)، بۇگۇنكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ رايونىدا ئەمەل
تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار بار ئىكەن. بۇگۇنكى
ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سۇسۇڭ، خۇەيىنىڭ ناھىيىلىرىدىمۇ ئولتۇ-
راقلىشىپ قىلغان ئۇيغۇرلار بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر-
قى فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاز ـ
كۆپ ئويغۇرلار ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئىچكى رايونلادا ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل ھاكىمىيىتى-

نىڭ ئەمەلدارى ياكى لەشكىرى بولۇپ بارغانلار بولۇپ، ۋەزىپە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالىماي قالغانلار ياكى ئەمەلنى كۆزلەپ تۇرۇپ قالغانلار ئىكەن. بەزى ئۇيغۇر پۇقرالىرى يىلمۇ يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى سەۋەبىدىن جان بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. بەزى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىچكى جايلاردىكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كۆچۈپ بارغانىكەن.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، سۇ، قۇرۇقلۇق قاتناش ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ ئۆتەڭ تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سۇلالە ئىچىدە قاتناش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. بۇ مەھكىمە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆتەڭلەرنى باشقۇرغان. مەملىكەت بويىچە تەدرىجىي ھالدا 1400 ئورۇندا ئۆتەڭ قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يولى بېكىتىدىن 420 سى بولغان. قۇرۇقلۇق يول ئۆتەڭلىرىدىكى قاتناش ۋاسىتىلىرى ئاساسەن ئات، كالا، ئېشەك ۋە هارۋىلار ئىدى. سۇ يولىدا كېمە ئىشلىتىلەتتى. ھەرقايسى ئۆتەڭ مېھمانسارايى بولۇپ، ئۇلاردا ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچى - ۋەزىرلەر قوناتتى. تۇرۇشلۇق جايغا ئۆتەڭخانا ئائىلىلىرى، لەشكەرلەر ئائىلىلىرى تەسىس قىلىنغاندى. ئۇلاردىن باج ئېلىنمايتتى، ئات، ھارۋا ۋە يېمەك - ئىچمەكنى شۇلار تەمىنلەيتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر سېلىق ئىدى. دەسلەپتە، ئۆتەڭ قۇرۇش ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولۇپ، «ئەمر - پەرمانلارنى يەتكۈزۈش، چېگرا ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇش» مەقسەت قىلىنغاندى. پۈتۈن مەملىكەتتە قاتناش تورىنىڭ شەكىللىنىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا باردى - كەلدى ئىشلىرى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ،

ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

خوتەن بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ قاتناش ئىشلىرى قۇرۇقلۇق يولى ۋە سۇ يولى دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. يۈەن سۇلالىسى جىيۈەنىنىڭ 11 - يىلى (مىلادىيە 1274 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆدۈن، يەكەن شەھەر-لىرىدىكى 13 ئورۇندا سۇ يولى بېكىتى قۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇ چاغدا خوتەندىن سۇ يولى ئارقىلىق كۈسەن تارىم (بۈگۈنكى كۇچا ئەتراپى) غا بېرىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق يولىغا ئالمىشىپ، قارا قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) ئارقىلىق ئىچكى جاي-لارغا بارغىلى بولاتتى. جىيۈەنىنىڭ 23 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا قۇرۇقلۇق يولى ئۆتەڭلىرىنى قۇرۇپ، شاجۇ ئايمىقى قاتارلىق جايلار ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىچكى جايلاردىكى ئۆتەڭلەر بىلەن تۇتاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىرغىز، ئويرات قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدىغان جايلار بىلەنمۇ تۇتاشتۇردى. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى قاتناش قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ جانلىنىپ كەتتى. خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ جانلىنىپ، كۆپ پايدىنى كۆزلەپ غەربىي يۇرت ئارىلىقىدا توختىماي قاتناپ تۇردى. غەربىي يۇرتتا قارا قوچو، بەشبالىق، خوتەن قاتارلىق داڭلىق سودا شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى.

خوتەن خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ پاختا رەخت، شايى، كىم-خاب قاتارلىق داڭلىق رەختلەرنى توقۇشقا ماھىر ئىدى. ئۇيغۇر-لار پاختا رەختنى تالىما دەپ ئاتايتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايون-لىرى ئاق قاتلاق دەپ ئاتايتتى. پاختا رەختلىرى (قاتلاق) دىن باشقا، يەنە چاقماق گۈللۈك، چېچەك گۈللۈك قاتارلىق ھەرخىل رەڭلىك تۈرلەر بار ئىدى. سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى يەنە پاختا رەختلەر ئولپان بۇيۇملىرى ھېسابلىناتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پاختا رەختلەر پۇل بىرلىكى قىلىنغان.

بۇنىڭدىن، پاختا رەختنىڭ سودا ئالماشتۇرۇشىدىكى رولىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خوتەنلىكلەر يەنە يىپەك يىپتا كىمخاب توقۇپ، كىيىملىك قىلاتتى. ئۇدۇنلۇق ماخمۇتخان رەخت توقۇشقا ماھىر بولغانلىقتىن، ئىچكى جايلارغا تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ بىر ۋەكىلى. توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جىيۇەننىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1266 - يىلى) قۇبلاي خوتەنبالىق (خوتەن شەھىرى) ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، بىر ئەمەلدار تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا 7 - دەرىجىلىك ئەمەلدار مۆھىرى بەرگەن، بۇ ئىدارە قول سانائەتنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان قىلىنغان. خوتەن، قەشقەر، قارا قوچو قاتارلىق جايلاردا ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقىمۇ داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا سېتىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈم شارابى، ئاق ھاراق ئىشلەش تېخنىكىسى ئىچكى جايلارغا تارقالغان. خوتەن قاشتېشىمۇ ئىچكى جايلار ۋە چەت ئەللەردە زور شۆھرەت قازانغان، مەخسۇس «قاشتېشى سۇزۇش ئائىلىلىرى» قويۇلۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۈچۈن قاشتېشى سۈزگەن. توقۇلما بۇيۇملار، ھاراق ۋە قاشتېشى خوتەننىڭ ئىچكى جايلار بىلەن تاۋار ئالماشتۇرىدىغان تايانچ تاۋارلىرى ئىدى.

جىيۇەننىڭ 10 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاشتېشى ئۇستىسى لى شيۇسەينى خوتەن، قەشقەرگە بېرىپ كۆك، قارا، ئاق، سېرىق رەڭلىك سۈزۈك قاشتېشى قېزىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئالىي ۋەزىر بەي يەنمۇ خوتەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئېگىزلىكى 3 — 4 چى كېلىدىغان، ئىچى - ئىچىدىن سۈزۈك پاقىراپ تۇرىدىغان قاشتېشىدىن ياسالغان بىر دانە بۇت تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېگىزلىكى ئالتە چى، ئۇزۇنلۇقى بىر گەز بەش چى، كەڭلىكى بەش چى كېلىدىغان چوڭ بىر قاشتېشى تاپقان بولسىمۇ، يۆتكەپ ئېلىپ كېتەلمىگەن.

تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان يۈەن سۇلالىسى پۇلى-
مۇ خوتەندە كەڭ ئىشلىتىلگەن. يۈەن دەۋرىدىكى قەغەز پۇل
مەجبۇرىي تارقىتىلغان دۆلەت پۇلى ئىدى، يۈەن تەيزۇڭدىن باش-
لاپ كۈمۈش قىممەت ھېسابلاش بىرلىكى قىلىنىپ، ھەر يىلى
ئون مىڭ يامبۇ قىممىتىدە قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىلىپ، قەغەز
پۇلنىڭ تارقىلىش مىقدارى تىزگىنلىنىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتى ساق-
لانغان. قۇبلاي پادىشاھلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇرۇش
سەۋەبىدىن مالىيە چىقىمى ئېشىپ كەتكەن، جۇڭتوڭنىڭ 2 -
يىلى (مىلادىيە 1261 - يىلى) بىرلىككە كەلگەن جۇڭتوڭ پۇلى
تارقىتىلغان، ئىككى سەرلىك قەغەز پۇل بىر سەر كۈمۈشكە
باراۋەر بولغان (50 سەر كۈمۈش بىر يامبۇغا باراۋەر
بولغان)، يەنە داچەن ئۆلچەم قىلىنغان، بىر تىزىق داچەن
(1000 بارماق) بىر سەرلىك قەغەز پۇلغا باراۋەر بولغان، ھەر
يىلى 100 مىڭ يامبۇ قىممىتىدە قەغەز پۇل تارقىتىلغان. جى-
يۈەننىڭ 13 - يىلىدىن كېيىن يىلىغا 190 تۈمەن يامبۇ تارقى-
تىلغان. دۆلەتنىڭ يىللىق باج كىرىمى 932.600 يامبۇ بول-
غان، قەغەز پۇل دۆلەت مالىيىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلانغان،
قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ 1/5 دىن تۆۋەنرەككە
چۈشۈپ قالغان. جىيۈەننىڭ 17 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 -
كۈنى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر چېگرا ئىچى ئالماشتۇ-
رۇش مەھكىمىسى قۇردى، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ پۇل خەزىنىسى
قىلىندى. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى كېيىنكى دەۋرلەردىكى بانكا بىلەن
ئوخشاش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا خەزىنە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى
قەغەز پۇل خوتەندە ئاللىقاچان ئىشلىتىلگەنىدى. جىيۈەن-
نىڭ 10 - يىلى 1 - ئايدا ئالاۋۇدۇن لەشكەر باشلاپ كېلىپ،
خوتەندە تۇرغاندا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 30 مىڭ دەن
گۇرۇچ ئاجرىتىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە «30 يامبۇ» ئاجرىتىپ
بەرگەنىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنە ئىنئام قىلىنغان ئات - ئې-

شەكلەرنى پـۇلغا سـۇندۇرۇپ ئـاجرىتىپ بەرگەن. جىيۇەننىڭ
24 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، خوتەندە ئاپەت يۈز
بەرگەندە، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 10 مىڭ يامبۇ قىممىتىدە
قەغەز پۇل ئاجرىتىپ، نامرات ئاھالىلەرنى قۇتقۇزغان. يۇقىرىقى-
لار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۇلنىڭ خوتەندە كەڭ تارقالغانلىقى-
نى، خوتەن يۈەن سۇلالىسىغا بىۋاستە قاراشلىق جاي ئىكەنلىكى-
نى دەلىللەپ بېرىدۇ.
تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە،
ئۇيغۇرلاردىن مەركەزدە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر
15 نەپەر، ئۆلكە دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر 42 نەپەر، 6 ـ
دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلار 100 نەپەرگە يېقىن ئىكەن.
يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر
دېگەن ئاتالغۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. بەشبالىق، قارا قو-
چو، جانبالىق (بۈگۈنكى سانجى)، يېڭىبالىق (بۈگۈنكى ماناس
ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە)، سۇلمى (ھازىرقى قاراشەھەر) قاتار-
لىق بەش شەھەر ـ بازار مەركەز قىلىنغان جايدىكىلەر ئۇيغۇرلار
دەپ ئاتالغان. خوتەنلىكلەر بۇ ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولماستىن، ئۆز
ئالدىغا سىستېما ئىدى، بۇنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش بىر قەدەر
قىيىن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئالتۇن
دەۋر بولۇپ، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرى
ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەل-
دارلىق ئىمتىھانى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 16 پەندىن ئېلىنى-
غان، 1200 كىشى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇي-
غۇرلاردىن 24 كىشى، غەربىي يۇرتلۇقلاردىن 62 كىشى بار
ئىكەن. دەلىللىنىشىچە، خوتەنلىك خاباش (خاباچ دەپمۇ يېزىل-
غان)، مۇگو ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بار ئىكەن.
خاباشنىڭ خەنزۇچە فامىلىسى دىڭ، ئىسمى ۋېنيۈەن بو-

لۇپ، يۈەن سۇلالىسى يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1315 ـ يىلى) تەشرىپدارلىقتا تاللانغان. دەسلەپتە گۇئەن ئايمىقى (بۇ-گۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇئەن ناھىيىسى) دا سوراقچى، قارا دىۋان مەھكىمىسىدە پۈتۈكچى، شىرغاۋۇل پىرقىسىدە باش ئەمەل-دار بولغان، كېيىن كاتىپ بولۇپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللان-غان، باش مۇپەتتىش بولغان. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ غەربىي جېجياڭ، خۇبېي، شىمالىي شەنشى ئۆلكىلىرىدە تەپتىش بولغان. خاباشىنىڭ 4 ـ ئەۋلادى قۇربى باساسا خوتەنلىك ئىكەن. ئۇ بەلكىم مۇسۇلمان بولسا كېرەك. شۇڭا، يۈەن تارىخى ماتېرىيال-لىرىدا ئۇ «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان. ئۇ ياش چاغلىرىدا موڭغۇل ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىپ ئۇ يەردە چارۋىچىلىق ئەمەلدارى بول-غان. خاباشىنىڭ چوڭ بوۋىسى مىرئەلى داملىڭ مەھكىمىسى (بۇ-گۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ داملىڭ ناھىيىسى) دە باش مۇدەررىس بولغان. كېيىنكى ئەۋلادلىرى پايتەخت ۋەنپىڭ (بۇگۈنكى بېي-جىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى فېڭتەي رايونى) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ دادىسى سى مادەن (فامىلىسى كان ماسىدىن) دىڭ فامىلىسى بىلەن خۇنەن ـ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى يۇڭچۇ ئايمى-قىنىڭ چىياڭ ناھىيىسى (بۈگۈنكى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چىياڭ ناھىيىسى) دە 18 يىل ۋەزىپە ئۆتەپ، زور شۆھرەت قازانغان، كېيىن گۇاڭخەي تۇزچىلىق مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىل-گەن. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر قانچە شەرەپلىك ناملار بېرىلگەن. خاباشىنىڭ ئانىسىغىمۇ يۇياڭ ناھىيىسىنىڭ ئې-سىلزادىسى دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى مۇگو يۈەن سۇلالى-سىنىڭ تۇڭيۈەن يىلى (مىلادىيە 1333 ـ يىلى) ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، خۇنەن ـ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەنلىڭلۇ (بۇگۈنكى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرى) دېگەن يېرىدە

ئايماق بېگى بولغان. خاباشنىڭ كېيىنكى نەۋرە - چەۋرىلىرى ئىچىدە خاڭجۇغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بار ئىكەن.

يالاۋاچىمۇ خوتەنلىك بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) دا سوراقچى ئەمەلدار بولغان. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاھالىلەرگە تەۋە تەقسىمات ئىشلىرى ۋە گۇناھكارلارغا ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، يەنە مالىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان مۇھىم ئەمەلدار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئالىپ جاڭخۇەيشىڭ ئۆلكىسىنىڭ خانلىق مۇئەككىلى بولغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ساداقەتمەن ئەمەلدار دەپ ئوتۇغات بېرىلگەن. قىزى سەپەر ھوقۇقدار ۋەزىر تۇتۇغارنىڭ 6 - ئوغلى تۆمۈر بوغاغا نىكاھلانغان. تۆمۈر بوغا جيانكاڭ (بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھىرى) قاتارلىق جايلاردا خاس دارۇغاچ بولغان، سەپەر ھەمراھ بولۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. سەپەر 29 ياشقا كىرگەندە، تۆمۈر بوغا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ تۇل بالا بىلەن قالغان. جىشۈننىڭ 2 - يىلى (1331 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا ئەلنى قەلبىگە پۈتكەن خانىم دەپ ئوتۇغات بېرىلگەن. ئۇدۇنلۇق خۇسۇسشامۇ ئەمەلدار بولۇپ ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، قارا دىۋان مەھكىمىسىدە باجۇ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولۇپ، زور شۆھرەت قازانغان، ئايماق پۇقرالىرى «سېغىنىش مۇنارى» تىكلەپ، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى مەدھىيىلىگەن.

ئۇدۇنلۇق ماخمۇدنىڭ فامىلىسى بۇخاس بولۇپ، ئۇستا ھۇنەرۋەن ئىدى. ئۇ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى، ئاسترونومىيە ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنىدى. چىڭگىزخان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە سەپكە قېتىلىپ، ئاۋۋال خۇلىن (خۇنىڭ

دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى خارخولىن) غا كۆ-
چۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىن داتۇڭ (بۇگۈنكى شەنشى
ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى) غا كۆچۈپ بارغان. ماخمۇد ئىچكى-
رىگە كۆچۈپ بارغان «غەربىي يۇرت توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرىدىن
بولغان 300 ئائىلىلىك» نىڭ بىرى ئىدى. ماخمۇدنىڭ چوڭ
ئوغلى چەدمىش ئارىقبۇقا توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا تۆھپە قوشقان-
لىقى ئۈچۈن، جىيۇەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى) خۇڭچېڭ
شەھىرىنىڭ يۇزبېشىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. شۇڭا، خۇڭچېڭ شە-
ھىرىنىڭ چوڭى دەپ لەقەم قويۇلغان. چەدمىش پايتەختتە قېلىپ
ئەمەل تۇتقان. ماخمۇدنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆمەر بالدۇر ئۆلۈپ
كەتكەچكە، مەخمۇد ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى ھەسەن
يۇزبېشىلىق ئەمەلگە ۋارىسلىق قىلغان. چەدمىشنىڭ ئوغلى ئەخ-
مەد 32 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككى ئوغلى، بىر قىزى
قالغان. چوڭ ئوغلى مەسئۇد، ئىككىنچى ئوغلى لۇلۇ دانىشمەن-
لەر مەھكىمىسىدە باش كاتىپ بولغان. قىزى خەنلىننىڭ مۇلازى-
مەتچىسى زاخېلىنغا نىكاھلانغان. مەسئۇد باش مۇپەتتىش، نو-
پۇس مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ساخاۋەت مەھكىمىسىنىڭ
بېگى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ شىغاۋۇلى، خەيداۋ تۇمەنبېشى مەھ-
كىمىسىنىڭ دارۇغاچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شۇڭا،
مەسئۇد چوڭ شان - شەرەپكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بوۋىسى چەد-
مىش ئەھمەدكە شىيەنياڭ ئايمىقىنىڭ ئاقساقىلى، ئانىسىغا شىيەن-
ياڭ ئايمىقىنىڭ ئاغىچا خېنىمى دەپ ئۇنتۇغات بېرىلگەن

بىر قانچە ئاپتورنىڭ توپلاملىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئىچكى
ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، ۋەزىپىگە قويۇلغان خوتەنلىكلەر يەنە
شيۇنىڭ (بۇگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شيۇنىڭ ناھىيىسى) نىڭ
مۇپەتتىشى، كۇنشەن ئايمىقى (بۇگۈنكى شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ

جۇچېڭ ناھىيىسىدە) لىق جىجۇفاڭخۇ بار ئىدى. خۇەي شىگوڭ ۋە ئۇنىڭ جىيەنى دىڭ شيۇەنمۇ خوتەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مەنسە-پى خېلى چوڭ ئىدى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنى ئوردىغا چاقىرىپ كۆرۈشكەن. خوتەنلىك لى ۋېنمىن ما زۇچاڭ بىلەن ئاغىنە ئىدى. ما زۇچاڭ ئەدەبىيات - تارىخ ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن، شېئىرمۇ يېزىپ قويىدىغان بولغاچقا، ئوردىدا بىر قانچە مۇھىم ئەمەل تۇتقان. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن «تاشلىق ئېكىن-زار» دېگەن توپلامنىڭ 15 - تومىغا «ئەلۋىدا لى ۋېنمىن» دېگەن شېئىر كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭدىن لى ۋېنمىننىڭ ما زۇچاڭ بىلەن مۇشائىرە قىلىشالايدىغانلىقىنى ھەم داڭلىق شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى تارىخىي ئىزلار خوتەنلىكلەرنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى كۆپ مەنبەلىك مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خوتەنلىكلەر بىلەن خەنزۇلار ئالاقە قىلىش داۋامىدا، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر - بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ. مەتبەئە-چىلىك تېخنىكىسىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنى-يەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك مەدە-نىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ دەلىللىشىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن، قارا قوچو، كۇسەن تارىم قاتارلىق جايلارنىڭ مەتبەئەچى-لىك ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، خوتەندىن خەنزۇچە خەت، باسما يېزىقى ۋە قەدىمكى خوتەن يېزىقىنىڭ ياغاچ ھەرپلى-رى بىلەن بېسىلغان باسما بۇيۇملىرى تېپىلدى. دۇنخۇاڭدىن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرچە ياغاچ يېزىق ھەرپلىرى تېپىلغان بو-لۇپ، 1906 - يىلى فرانسىيىلىك پېللىئوت ئوغرىلاپ كەتكەن.

يېقىنقى يىللاردا دۇنخۇاڭدىن يەنە بىر چېلەك ئۇيغۇرچە ياغاچ
يېزىق ھەرپى تېپىلدى. ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ مەدەنىيەت بۇيۇملار-
نىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ باسمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا كىرگەن ۋاقتىتىن خېلىلا بالدۇر.
تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ دەلىللىشىچە، خوتەن دۆلىتىمىزنىڭ
باسمىچىلىق تېخنىكىسى تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئىكەن.

مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 1368 ـ
يىلى) مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرىدا دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە قوشنا دۆلەت-
لەرگە قارىتىلغان سىياسەت ئاساسەن، سىياسىي شەكىل ئارقى-
لىق ئۇلارنىڭ مەنسەپدارلىرىنى سوۋغات ئاپىرىش (سودا ئالاقى-
سى قىلىش) قا جەلپ قىلىش ئىدى. يۈەن سۇلالىسى ھالاك
بولغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلى-
رى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئۆزئارا
تەۋەلىك مۇناسىۋەتتە بولمىدى. «زېمىنى كەڭلىرى بەگلىك بول-
دى، زېمىنى تارلىرى رايون بولدى» . خوتەن بىلەن مىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىشى غەربىي يۇرتتىكى
بىر قانچە شەھەرلەر ئىچىدە بىرقەدەر بالدۇر بولغان. مىڭ
سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 7 ـ يىلى (1374 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ
21 ـ كۈنى، مىڭ سۇلالىسى خوتەن، ئەندىك (چەرچەن) لەردە
ئىككى قاراۋۇلخانا تەسىس قىلدى. ئۇلار قۇمۇلدىكى ئاتاقلىق
يەتتە قاراۋۇلخانا ئىچىدىكى ئەڭ بالدۇر تەسىس قىلىنغىنى ئىدى.
خۇڭۋۇنىڭ 30 ـ يىلى خەندۇڭ قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىن-
دى. دەلىللىنىشىچە، خەندۇڭ جىيەندۇ دېگەن خەتنىڭ ئاھاڭىدىن
ئۆزگەرگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كېرىيە دەپ ئۆز-

گەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى 40 يىلغا يېقىن مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق زورايدى. مىڭ سۇلالىسى پادشاھى جۇدى چېگرا رايونلارنى زور كۈچ بىلەن ئىدارە قىلدى. قۇمۇل غەربىي يۇرتقا بارىدىغان مۇھىم يول بولغاچقا، يۇڭلېنىڭ 4 - يىلى (1406 - يىلى) يەنە قۇمۇل، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) قاراۋۇلخانىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يۇڭلې-نىڭ 2 - يىلى 9 - ئايدا چىجىن (چەرچەن) قاراۋۇلخانىسى قۇرۇلغانىدى. ئەڭ كېيىن قۇرۇلغان خەندۇڭ تاش قاراۋۇلخانى-سى (ياڭگۇەننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا) مىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەن-زۇڭ يىلى (مىلادىيە 1465 -، 1487 - يىللىرى) دا قۇرۇل-غان. قاراۋۇلخانا مىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ شتاتلىق ئور-گىنى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئالا-ھىدە تەسىس قىلغان ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلەشكەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىدى. قۇمۇلدىكى يەتتە قاراۋۇلخانا پات - پات چاغاتاي نويانلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايتتى. جياجىڭنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1529 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «لەشكەرلەرنى يىغىشتۇرۇپ پۇقرالارنى خاتىرجەم قى-لىش» نى قارار قىلىپ، جيايۈيگۇەننىڭ سىرتىدىكى قاراۋۇلخانى-لارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-مىتى غەربىي يۇرتقا بولغان بىۋاسىتە سىياسىي باشقۇرۇش ھوقۇ-قىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالمىدى. خۇڭۋۇنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1376 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت پائالىيەتچىسى جىڭ جيۈچېڭ ۋە لوفۇ قاتارلىق ئادەم-

لىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇدۇننىڭ سەردارىغا «گۈللۈك دارايى تون» ئىنئام قىلغان. يۇڭلېنىڭ 4 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۇدۇن مەنسور ھېسامىدىن قاتارلىق ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، يەر-لىك مەھسۇلات سوۋغا قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاق ئالتۇن، پۇل ۋە دۇردۇن قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلغان ھەمدە جۇڭ ۋۇساڭ قاتارلىق ئادەملىرىدىن ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ ئاقسا-قاللىرىغا بۇيرۇق ئەۋەتكەن. يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇدۇننىڭ ئاقساقىلى دارغاچ ئىبراھىم يەنە مەنسۇر ھېسامىدىن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ ئىسىل قاشتېشى سوۋغا قىل-غان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوماندان شياڭ خېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، مۆھۈرلۈك مەكتۇپ بىلەن ئاق ئالتۇن، پۇل ئىنئام قىلغان. يۇڭلېنىڭ 8 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇدۇننىڭ ئەلچىسى ھاجى خوتەن قاتارلىقلار ئات ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغات قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقچا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلغان. يۇڭلېنىڭ 20 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۇدۇن بىلەن ھىرات بەگلىكى سوۋغات تەقدىم قىلغان. يۇڭلېنىڭ 22 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۇدۇن ئەلچىسى شەمشىدىن قاتارلىقلار ئات ۋە يەرلىك مەھسۇلات تەقدىم قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقچا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلغان. شۈەندېنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 1432 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئادۋەن قاراۋۇلخانىسى قوماندانىنىڭ ياردەم-چىسى جېن جىخەن ئوردىغا كىرىپ ئات سوۋغا قىلغان. جېڭتۇڭ-نىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1445 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئادۋەننىڭ يەرلىك ئاقساقىلى باباجۇبەييا قاتارلىقلارغا ئاقچا تەقدىم قىلغـان. جېڭتـۇڭنىڭ 13 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنگە كەلگەندە، ئۇدۇننىڭ يەرلىك ئاقساق-

لى بايلان بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ يەرلىك ئاقساقاللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا ئات سوۋغات قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئەلچى ـ ۋەزىرلەرگە كاتتا زىياپەت بەرگەن ۋە پۇل قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلغان. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئادۇەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارى غوجا ماخمۇد قاتارلىقلار ئوردىغا ئات، تۆگە ۋە يەرلىك مەھسۇلات سوۋغات قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا زىياپەت بەرگەن ھەمدە يەكتەك، ئاقچا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلغان.

يۇڭلېنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1404 ـ يىلى) مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمەلدارى چېن چېڭنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۇدۇندا ئايغاقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇدۇن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دائىم قوشنا بەگلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرايتتى، خەلقنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ تاغ جىلغىلىرىغا بېرىۋالغانىدى. يۇڭلېنىڭ 18 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى پەرمانبەردەر مەھكىمىسىنىڭ ئوڭ قول مۇئاۋىن ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن چېن چېڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدار گو جىڭ قاتارلىقلارنى ئېلىپ ھىرات قاتارلىق بەگلىكلەرگە بارىدۇ، بۇ چاغدا ئۇدۇن، ھىرات، سەمەرقەنت، بەدەخشان قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسىغا ئات سوۋغا قىلغان بولغاچقا، چېن چېڭ قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرگە پۇل ئىنئام قىلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە ھۆكۈمەت سودىگەرلىرىدىن باشقا، ئادەتتىكى سودىگەرلەرمۇ ھەمىشە ئۇلپان ئېلىپ ماڭغان ئەلچى قىياپىتىدە، ئىچكى جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلغان. بۇ سودىگەرلەر ھەر خىل پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا-

تىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئەلچى، سودىگەرلەر يول بويى شۇ
يەرلەردە يېتىپ - قوپۇشقا، ئاھالىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك
بىلەن تەمىنلىنىشىگە، ماللارنى ۋاكالىتەن يۆتكەپ بېرىشىگە موھ-
تاج ئىدى، بۇمۇ پۇقرالارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋەتكەن. «ئى-
دىقۇت ساراي دەستۇرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي يۇرتتىكى
ھەرقايسى جايلارنىڭ 87 پارچە ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ 20 دىن
كۆپرەك جايىدا ئۇدۇن، قارا قوچو، كۇسەن، ئىلىبالىق، قەشقەر
قاتارلىق جايلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە
ئۇدۇن يەرلىك ۋەسىقىلىرىدىن تۆت پارچە بار. ئۇدۇنغا دائىر تۆت
پارچە ۋەسىقە ئىچىدە ئىككى پارچىسى سوۋغا - سالام، سودا -
سېتىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك، ئاساسلىق نەرسىلەر: ئىككى
شىر، بىر يولۋاس، ئىككى تايلاق، قالغان ئىككى پارچىسىنىڭ
مەزمۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق: بىرى، مىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىگە يوللانغان «تاۋار ئىنئام قىلىش» ئىلتىماسى؛ يەنە
بىرى، سودا يوللىرىنىڭ راۋان، ئوغرى - قاراقچىلاردىن خالىي
ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇمات.

ئاپتور: لى شياۋچىن

# يەتتىنچى باب

# خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم ئىككى خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى

غەربىي خەن سۇلالىسى يۈەنشۇنىڭ 4 - يىلىدىن يۈەندىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلىدىن 115 - يىلغىچە) غىچە جاڭ چيەن 2 - قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەندە، ئۇزىنىڭ ياندىش ئەلچىسىنى ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرىگە ئەۋەتكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرى خەن سۇلالىسىنى ئۆزىگە پاناھ قىلىپ، بەيئەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل سىياسىي مۇددىئاسى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى تەدبىرلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق شەھەر بەگلىرى كۈچلۈك خەن سۇلالىسىنى ئۆزىگە تىرەك قىلىپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ

ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆچىنى زورايتىپ، خەلق ئاممى-
سىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان.

خەن سۇلالىسى تەيچۇنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى 104 - يىلى) سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى لەشكەر تارتىپ
فەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىككى
يولدىن ئاتلاندى، جەنۇبىي يولدىكىلەر ئۇدۇن، ئۇزۇنتات بىلەن
ماڭدى. سۇترىشىنا سانغۇنىنىڭ زور قوشۇنى كىرورەن، ئۇزۇن-
تات ۋە ئۇدۇنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. لى گۇاڭلى
ئۇزۇنتاتقا قايتىپ كەلگەندە ئۇزۇنتات خانلىقىنىڭ شاھزادىسى
لەيدەننىڭ كۇسەندە گۆرۈدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۇسەن
خانلىقىنى، غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان يەردە
كۇسەنلىكلەرنىڭ ئۇزۇنتاتلىقلارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىشقا نېمە
ھەددى؟ دەپ ئەيىبلىگەن. لى گۇاڭلى لەيدەننى قۇتقۇزۇپ چىق-
قان ھەمدە خەن ۋۇدى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ خاس
مۇلازىملىققا قويغان. لەيدەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن سۇلالى-
سىنىڭ مەدەنىيەت، پەن بىلىملىرى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش
تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەن، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە توپ
بېشى بولۇپ بۆگۈردە لەشكىرىي ئىشلار ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەن، ئۇدۇن خانى
بىلەن يەكەن خانىمۇ ئوغلى ۋە جيەنىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردى-
سىغا خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ
بۇ يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە بولغان باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى كۈ-
چەيتكەن.

شىنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)
غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى
قۇرۇپ، جېڭ جىنى تۇنجى قۇرۇقچىبەگلىككە تەيىنلىگەن. ئور-
نى چېدىردا ئىدى. غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەر-
بىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە

كىرگۈزگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىل-
ماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان. 36 شەھەر بەگلىكى ئىچىدە
هازىرقى خوتەن دائىرىسىدە نىيە، رۇڭلۇ، ئۇزۇنتات، چۇرى،
ئۇدۇن، گۇما بەگلىكلىرى بار ئىدى. كېيىن ئۇزۇن تارىخىي
بوران - چاپقۇنلار داۋامىدا ئۇدۇن قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرى-
نىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە بولغان ئىنتىلىشى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇ-
سى ئىزچىل هالدا ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوخشىمىغان شارا-
ئىتتا، ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى
قوغداپ، خىلمۇ خىل بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇپ
كەلگەن.

شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە،
ئوردىنىڭ ئىچكى قىسمىدا هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان تاجا-
ۋۇزچىلىقىغا قارىتا ئۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى بىلەن سۈلهىپە-
رەسلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ئىنتايىن كەسكىن بولغان.
خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى مەزگىلىگە كەلگەندە، گېڭ بىن باش-
چىلىقىدىكى ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار «ئۇرۇشنى ئۇرۇش
ئارقىلىق هەل قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەن ۋۇدىنىڭ ئۇ-
سۇلى بويىچە هۇن كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە
ئېلىپ، غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى يېڭى-
ۋاشتىن تىكلىمەكچى بولدى. بۇ تەشەببۇس تارىخىي ئېقىمغا
ئۇيغۇن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى يەرلىك هاكىمىيەت
ۋە هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئىدى.

يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 73 - يىلى) ئۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن دۇگۇ ئەمىر لەشكەر بەن چاۋنى 36
كىشى بىلەن ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى، بەن چاۋ ئالدى بىلەن
پىشامشانغا بېرىپ، ئاندىن ئۇدۇنغا يېتىپ كەلدى، ئەينى ۋاقىتتا
ئۇدۇن خانى گۇاڭدې خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالماي
قېلىشىدىن، بولۇپمۇ بەن چاۋنىڭ ئاران 36 كىشى بىلەن ۋەزى-

يەتنى تىزگىنلەپ كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنداق بولۇشى چۈشىنىشلىك ئىدى. چۈنكى، ئون يىل بۇرۇن مىلادىيە 63 ـ يىلى ھۇنلار بەش سانغۇنىنىڭ قوماندانلىقىدا، 15 بەگلىكتىن 30 نەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلغان، ئۇدۇن خانى گۇاڭدې تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە شاھزادىسىنى گۆرۈگە بەرگەن، ھەر يىلى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىگە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەن چاۋ كېلىشتىن ئىلگىرى ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى ئۇدۇندا ئىدى. بىر كۈنى بەن چاۋ ئوت قويۇرۇقلۇق قىلغان باخشىنى پەن - پاراسەت بىلەن ئۆلتۈردى. گۇاڭدې خان دەرھال ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈردى.

خەن مىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان خەن جاڭدى غەربىي يۇرتتىن ۋاز كەچكۈچىلەرنىڭ تەشەببۇسىغا ئىشىنىپ كېتىپ، بەن چاۋنىڭ ئوردىغا قايتىشىنى قارار قىلدى. جيەنچۇنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 76 ـ يىلى) بەن چاۋ سۇلىدىن ئۇدۇنغا كېلىپ شەرققە قايتماقچى بولغاندا، ئۇدۇن خانى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، پۇقرالىرى قاتتىق يىغا ـ زار قىلىپ، بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، قايتماسلىقىنى ئۆتۈندى. بەن چاۋمۇ بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ خەۋپ - خەتىرى بىلەن ھېسابلاشماي، خەن جاڭدىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتا قالماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، خەن جاڭدىنىڭ يارلىقى يېتىپ كېلىپ بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا تۇرۇپ قالدى.

بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى فاڭجېنى ۋە تەدبىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھۇن كۈچلىرى ۋە

بۆلگۈنچى ئاسىي كۈچلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇدۇن مۇشۇنداق مۇھىم سىياسىي، ھەربىي كۈرەش داۋامىدا باشتىن - ئاخىر خەن سۇلالىسى تەرەپتە تۇردى، بولۇپمۇ مىلادىيە 78 - يىلى، 84 - يىلى، 87 - يىلى بەن چاۋ شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىگە تەسىر كۆرسەتىدىغان ئۈچ قېتىملىق چوڭ - كىچىك ھەربىي پائالىيەتتە ئۇدۇننىڭ لەشكىرىي كۈچلىرى (ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىدىغان بۇگۇنكى خوتەن تەۋەسىدىكى قالغان بەش بەگلىكنىڭ لەشكىرىي كۈچلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەن چاۋنىڭ ھۇنلار ۋە ھۇنلارنىڭ بېقىندى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشىگە ياردەملەشتى.

يەنگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 123 - يىلى) خەن ئەندى بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغابىلىقىغا تەيىنلىدى. بەش يىلدىن كېيىن بەن يۇڭ غەربىي يۇرت دورغاپ مەھكىمىسىنى لۈكچۈندىن ئۇدۇنغا يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالدى. بەن يۇڭ ئاتىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان تەدبىرلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇدۇن بەن يۇڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان مەزگىلدە ئوخشاشلا غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش ئىشلىرىنى قەتئىي قوللاپ كەلدى، بەن چاۋ، بەن يۇڭ ئاتا - بالا ئىككىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان مەزگىللەر غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان مەزگىل بولۇپ، ھەر خىل بۆلگۈنچى، ئاسىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ چىقالمىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، سۇلالە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاڭلارنىڭ

پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى، ئۇدۇن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن تارتىپ، ۋېي، جىن مەزگىلىگىچە، قالغان بەش بەگلىكنى ئۆزىگە قوشىۋالدى، ۋەزىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىگىلىك راۋاجلاندى، بۇددا مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشنىدى، ئۇدۇن تارىم-نىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك شەھەر بەگلىكىگە ئايلاندى. ئۇ-دۇن ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنى نېرى - بېرى قىلالايدىغان ۋەزى-يەت ئاستىدىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ مېترو-پولىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەنىدى. يەنكاڭ-نىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 220 - يىلى) ئۇدۇن خانى ئەلچى ئارقىلىق شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرغان، ئەلچىلەر لوياڭغا بارغان، بۇ چاغدا ساۋساۋنىڭ ئوغلى ساۋپېي ۋېي سۇلالى-سىنىڭ پادىشاھى بولغانىدى. ساۋپېي ئۇدۇن خانى ۋايجىرا جايانىڭ ئەلچىلىرىنى داغدۇغىلىق قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن ئۇدۇن قاتار-لىق غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. بۇ-نىڭ بىلەن، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا خەن سۇلالىسىگە ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە ھال سوراپ مەكتۇپ چۈشۈردى. مىلادى-يە 265 - يىلى سىمايەن ساۋ ۋېينىڭ ئورنىغا چىقىپ، جىن سۇلالىسىنى قۇردى. غەربىي جىن سۇلالىسى ساۋ ۋېيغا ئوخشاش غەربىي يۇرتنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. غەربىي يۇرتتا توپپېشى ۋە غەربىي يۇرت دورغاپپېگى تەسىس قىلدى. توپپېشى ئىدىقۇتتا، غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى قايدۇ (لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دا تەسىس قىلىندى.

جىن سۇلالىسى تەيكاڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 285 - يىلى) جىن ۋۇدى ياڭ جىڭنى فەرغانىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ياڭ جىڭمۇ ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرگە بار-

غان، جىن ۋۇدىنىڭ مۇشۇ بەگلىكلەرگە بەرگەن ئۇتۇغاتلىرىنى يەتكۈزگەندى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇتۇغات بېرىلگەن بەگلىكلەر جىن سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى چىن، كېيىنكى لياڭ، شىمالىي ۋېي...دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدە كۆپ ئالمىشىش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇدۇن خان جەمەتى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىگە سەگەكلىك بىلەن قاراپ، پايدا - زىياننى دەڭسەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بويسۇنۇش ئاساسىي تەدبىرلىرىنى زادىلا ئۆزگەرتمىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شيەن ۋېندىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 470 - يىلى) كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان جۇرجانلار ئۇدۇنغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇدۇن خانى بىر تەرەپتىن ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ تاقابىل تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلچىسى سوموكانى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ لەشكەر چىقىرىپ ئۇدۇننىڭ دۈشمەننى چېكىندۈرۈشىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇن بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، جۇرجان لەشكەرلىرى «دالا ئۇرۇشىغا ماھىر، شەھەرگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇدۇن ئەلچىسىنى يولغا سېلىۋەتتى. كېيىن، ئۇدۇن ئىلگىرى - ئاخىر جۇرجانلار، ئېفتالىتلار ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئۇدۇننىڭ غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي رولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئاپتورى: سۇن بىن

# ئىككىنچى بۆلۈم سۈي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلا-
# لىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىگىچە

ۋېي، جىن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ھۆكۈمرانلىق
قىلغان 361 يىلدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ ئاجىزلى-
شىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا
قۇربى يەتمىدى، بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيى-
تىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئالدى بىلەن، شەرقىي ۋە غەربىي
تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىن تاكى سەددىچىن سېپى-
لى بويلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى تىزگىنلىدى. تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە كەلگەندە، تۈبۈت كۈچلىرىمۇ غەر-
بىي يۇرتقا كىردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە قارايدىغان ئۇدۇن قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە
بەگلىكلەرگە سىياسىي ۋە لەشكىرىي جەھەتتىن مەدەت بېرىشكە
ئامال قىلالمىدى، ئۇدۇن ھەر خىل سىياسىي - ھەربىي كۈچلەر
تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ۋە تەرەققىياتىنى تەستە ساقلاپ كەلدى.

مىلادىيە 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلدى، مۇشۇ
مەزگىلنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇدۇن غەربىي تۈرك تاردۇش
خاقان جيۇچۇەنگە تاجاۋۇز قىلغان، ئۇدۇن تەۋەسىدىكى تۈرك
كۈچلىرى ئازلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،
تۈرك كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. ئارقىدىنلا مىلادىيە 604 -
يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ سۈي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ، بەيئەت
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇدۇن غەربىي يۇرت بويىچە سۈي
سۇلالىسىگە ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغانىدى. مىلادىيە 608 - يىلى
سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدى تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ
خېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن قاتارلىق جاي-
لارنىڭ خانلىرى خېشىغا بىۋاستە بېرىپ ياكى ئەلچىلىرىنى

ئەۋەتىپ سۈي ياڭدى بىلەن كۆرۈشۈپ، تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئاساسىي ئىچكى كۆچكە ئىگە بولدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى قىسقا بولۇپ، غەربىي يۇرتنى ھەقىقىي تىزگىنلەپ تۇرغىنى يەنىلا تاڭ تەيزۇڭ بولدى. تاڭ تەيزۇڭ غەربىي يۇرتنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان شەرقىي، غەربىي تۈركلەر ۋە تۇيغۇنلارغا قارىتا ئۇرۇش قىلىش بىلەن يارىشىشنى بىرلەشتۈرۈش تەدبىرىنى قوللانغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق ئۇدۇن قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە ئىشىنىپ، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى قوللان- دى. تاڭ تەيزۇڭدىن كېيىن ئۆتكەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر نەچچە ئەۋلاد پادىشاھلىرى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا، يەنە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندى. شۇڭا، ئۇدۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي، غەربىي تۈرك ۋە تۇبۇتلەرگە قارشى ھەربىي، سىياسىي كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم كۆچكە ئايلاندى.

1. جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىدىن پەشۋا يېگەن تۇيغۇنلارنىڭ سانغۇنى فۇيۇن چىڭخەي- دىن ئۇدۇنغا قېچىپ كەلدى. ئۇدۇندىكى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار ئۆز كۆچىگە تايىنىپ نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە فۇيۇننى قوغلاپ چىقىرىپ، تۇنجى قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر- بىي كۈرەشلىرىگە ئائىتلىق رەۋىشتە ماسلاشتى ۋە ئۇرۇشتا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

2. جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (مىلادىيە 647 - يىلى) تاڭ تەيزوڭ كۇنچيۇ ئايمىقىنىڭ باش بۇغى ئاشىناشىر ۋە چۇبەقالىنى ئەۋەتىپ، غەربىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرككە بېقىنغان كۇسەن

قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇدۇن خانى ۋايجراسىن ئوغلى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئون مىڭ 300 تۇياق تۆگە سوۋغا قىلدى ھەمدە ئۇدۇننىڭ لەشكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن تاڭ سۇلالىسى ئۆز قوشۇنىنىڭ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇدۇننى لەشكەر چىقىرىشقا قويمىدى.

3. گاۋزۇڭ شيەنچىڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 660 ـ يىلى)، تۈرك قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككىنچى يىلى ئۇدۇن كۇسەندىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تۈرك قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

4. گاۋزۇڭ لىندېنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 665 ـ يىلى)، تۇبۇتلەر ئۇدۇنغا تاجاۋۇز قىلدى، ئۇدۇن تاڭ قوشۇنىغا ئەھۋالنى جىددىي مەلۇم قىلىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇننىڭ تەلىپىگە ئەستايىدىل قاراپ، ساۋ جىشۇ، سۇي جىبيەن قاتارلىق سانغۇنلارنى لەشكەر باشلاپ ئۇدۇننى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەۋەتىپ، تۇبۇت قوشۇنلىرىنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقاردى.

5. گاۋزۇڭ شيەنخېڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 671 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى پېي شىڭجيەن، ۋاڭ فاڭيىلارنى ئاشىنا تاماجىي ۋە ئاشىنا زاربەگ توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتىپ، ئاشىنا تاماجىي ۋە ئاشىنا زاربەگ توپىلىڭىنى قوللاۋاتقان تۇبۇتلەر قوشۇنىنى قوغلاپ چىقاردى. مىلادىيە 670 ـ يىلى ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان تۇبۇتلەر تارىم ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ قېتىمقى تۇبۇت قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا، ئۇدۇن خانى ۋايجرا شيۇڭ نەچچە مىڭ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار ئۇرۇشتا ئىنتايىن باتۇر ۋە قەيسەر بولۇپ، بوشەن بازىرى ئۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتتى. مىلادىيە

674 ـ يىلى، ۋايجرا شيۇڭ چاڭئەنگە بېرىپ گاۋزۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. گاۋزۇڭ ۋايجرا شيۇڭنى چاڭئەندە يېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇرغۇزۇپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. تۆت يىلدىن كېيىن گاۋزۇڭ ۋايجرا شيۇڭغا كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى دەپ ئۇنۋان بېرىپ، ئۇنى تۇبۇتلەرگە قارشى كۈرەشتە تۆھپىسى بار دەپ تارتۇقلىدى.

6. ۋۇ زېتيەن چۇيگۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 685 ـ يىلى)، تۇبۇتلەر يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى. ۋۇ زېتيەن دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىغا ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇدۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان تۇبۇتلەرنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى چوڭ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدى.

7. ۋۇ زېتيەن چاڭشۇنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 692 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا، ۋۇ زېتيەن ۋۇۋېي ئايمىقىنىڭ باش بۇغى ۋاڭ شاۋجې ۋە ياساۋۇل سانغۇن ئاشىنا سادىققا قوشۇن باشلاپ تۇبۇتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار ئىككى يىل ئالدىدا تۇبۇتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغاننى تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇزۇپ چىقتى.

8. شۈەنزۇڭ كەييۈەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 717 ـ يىلى) تۇبۇتلەر ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇدۇن قاتارلىق جايلار بىر تەرەپتىن، ئۆزى كۈچ تەشكىللەپ تۇبۇتلەرگە زەربە بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. تۇبۇتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرغان ئۇدۇندىكى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن

جەڭ قىلدى. ئۇلار ئەنشىنىڭ ئورۇنباسار باش قوماندانى گې ئۇ يېڭى يۆلىشىپ، تاڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى ئەتىرىتىگە زەربە بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۈبۈتلەرنىڭ ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغاننى ئىشغال قىلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىدى.

9. شۈەنزۇڭ تيەنباۋنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى) ئەنشىنىڭ ھىراۋۇلى گاۋ شەنجى يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ، تۈبۈتلەرنىڭ كۈچىنى تارمار قىلدى. بەش يىل بۇرۇن تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان ئەنشىدىكى تۆت قورغان قايتۇرۇۋېلىندى، شۇ قېتىملىق چوڭ جەڭدە ياش ئۇدۇن خانى ۋېيچرا سامپاۋا ئاجايىپ پەم ـ پاراسەت بىلەن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، جەڭدە زور تۆھپە كۆرسەتتى. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە چاڭئەنگە بېرىپ، تاڭ شۈەنزۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، شۈەنزۇڭ خان خان جەمەتىدىن بولغان بىر قىزنى ۋېيچرا سامپاۋاغا ياتلىق قىلدى، ئۇنىڭغا ئوڭ قول ياساۋۇلخانا سانغۇنى، كېرىيە قورۇقچىبەگ بېگى دەپ نام بەردى.

سۇزوڭ جىدېنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 756 ـ يىلى)، ئۇدۇن خانى ۋېيچرا سامپاۋا ئۇڭلۇك توپىلىڭى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۈبۈت قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدا لەشكەر توپلاپ تۇرغانلىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى زور قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش قىلىشقا يۆتكىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۇدۇننىڭ 5000 كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭىگە قاتناشتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ باشقىلارنىڭ نەسىھىتىگە قارىماي، ئۆز قىزىنى گۆرۈگە قويۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىنىسى ۋېيچرا بۇخان ئىنچۇغا تاپشۇرۇپ، ئاغچىسى ۋىساراني بىرگە ئېلىپ، ئىككى ئاي جىددىي سەپەر قىلىپ، مىلادىيە 756 ـ يىلى كۈزدە گەنسۇنىڭ لىڭۋۇ

دېگەن جايىغا بېرىپ، پادىشاھ سۈزۈڭ بىلەن كۆرۈشتى. سۈزۈڭ
خان ئۇنىڭغا زىياپەت بەردى، قوبۇل قىلدى ۋە ئوردا تەپتىشى
دېگەن نامنى بەردى. ۋايجىراسامپاۋا جەڭ قىلىشقا ئالدىراپ،
قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىپ، ئاخىر خاننىڭ قوشۇلۇشىغا
ئېرىشتى. ئۇنىڭ قوشۇنى باشقا غەربىي يۇرت قوشۇنلىرى بىلەن
گو زىيىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا، ئىككى ئاستاننى قايتۇ-
رۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى، يابغۇدىكى ئۇيغۇرلار قوشۇنى قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسى توپىلاڭنى تىنچىتىشتا كۈچ چىقاردى.
ۋايجىرا سامپاۋا ئۆدۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
كەلگەن 8 ـ يىلى ۋايجىرا سامپاۋاغا چەۋەنداز سانغۇن دېگەن
ئوتۇغاتنى بەردى. بۇ چاغدا ئوڭلۇك ـ سۆيگىن توپىلىڭى تىنچى-
تىلغاچقا، دەيزۇڭ خان ۋايجىرا سامپاۋاغا ئۆز يۇرتىغا قايتىش
توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ۋايجىرا سامپاۋا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
كە كەلگىنىگە ئۇزۇن بولغانلىقىنى، ئىنىسىنىڭ بەگلىك ئىشلى-
رىنى ئوبدان باشقۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، دەيزۇڭ خان-
نى ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتمەسلىكىگە قوشۇلۇشقا قايىل قىلدى.
دەيزۇڭ خان ۋايجىرا سامپاۋاغا «دىۋاندىكى ئۈچ ۋەزىر» دەپ نام
بېرىپ، ۋۇدى خانى دېگەن ئەمەلنى بەردى. ۋايجىرا سامپاۋا ئوتتۇ-
را تۈزلەڭلىكتە 38 يىل تۇردى. بۇ جەرياندا سۈزۈڭ، دەيزۇڭ،
دېزۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىلادىيە
794 ـ يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلى-
رى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تىنچلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش، ئوڭلۇك ـ سۆيگىن قاتارلىق بۆلگۈنچى، ئاسىي كۈچ-
لەرگە زەربە بېرىشتە زور تۆھپە قوشۇپ، تارىختا ئۆچمەس سەھى-
پىلەرنى قالدۇردى.

ئاپتورى: سۇن بىن

# ئۈچىنچى بۆلۈم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە

«ئوتلۇك ـ سۆيگىن توپىلىڭى» دىن كېيىن، تاڭ سۇلالى-
سى زەئىپلىشىشكە قاراپ مېڭىپ، مىلادىيە 907 ـ يىلى ھالاك
بولدى. 53 يىل داۋام قىلغان «بەش دەۋر — ئون پادىشاھلىق»
نىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، مىلادىيە 960 ـ يىلى
سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىگىچە بولغان 216 يىل ۋاقىتتا
غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم غايەت زور
ئۆزگىرىش بولدى.

مىلادىيە 790 ـ يىلى تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى
كەڭ رايونلارنى بېسىۋالدى. ئۇدۇنمۇ تۇبۇتلەر تەرىپىدىن ئىشغال
قىلىنىپ، 75 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقىچە كونتروللۇقىدا تۇردى.
مىلادىيە 866 ـ يىلى ئۇدۇن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇبۇت-
لەرنىڭ بەشبالىقتا قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدى-
لىنىپ، تۇبۇت كۈچلىرىنى بىراقلا قوغلاپ چىقاردى. مىلادىيە
851 ـ يىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋايىجرا ۋاھانا ۋە مىلادىيە
912 ـ يىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋىسارا تەڭرىخان قاتارلىق
ئۇدۇن خانلىرى ئىدى. ئۇلار ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان مەز-
گىلدىكى ئۇدۇن تارىختا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى دەپ
ئاتالدى. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى دەۋرى ئۇدۇندا دۆلەت
قۇرۇلغان 1200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدىكى تازا گۈللەنگەن
دەۋر بولدى. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىق غەربىي
يۇرتنى تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە 150 نەچچە يىل دەۋر سۈر-

دى. بۇ خىل مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن روشەن پەرقلىنەتتى. شۇنداقلا مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلەتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىگە ئاساس سالدى. يەنى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك سۇلالىرى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئالدىنقى مەزگىللەردە تۇبۈتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا بىرلىكتە زەربە بەردى، كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇردى. 150 نەچچە يىل جەريانىدا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى قۇدىلىشىش يولى بىلەن شاجۇ ئايمىقىدىكى ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى بىلەن ياخشى ئۆتتى؛ كېيىن جىن سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات بېرىشىگە ئېرىشتى؛ لىۇ جەمەتىدىن بولغان كېيىنكى خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلەشتى؛ سۇڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئولپان بېرىپ ياردەمگە ئېرىشتى. مۇشۇ بىر قاتار تەدبىرلەر ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزدى، زېمىنى شەرقتە بۈگۈنكى چەرچەنگىچە، غەربىي جەنۇبتا ئافغانىستاننىڭ پيانج دەرياسىغىچە، غەربىي شىمالدا بۈگۈنكى يەكەننىڭ غەربىگىچە، جەنۇبتا شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە كېڭەيدى. نەچچە 100 مىڭ ئاھالە، 70 نەچچە مىڭ كىشىلىك سەرخىل ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولدى. ئۇ شۇ چاغدىكى نەچچە مىليون ئاھالە، نەچچە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن نەچچە ئون يىل تىركىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. توققۇز قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشتا يەتتە قېتىم غەلىبە قىلىپ، ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولدى. مىلادىيە 1006 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقۇتۇۋېلىندى.

مۇشۇ 150 نەچچە يىل جەريانىدا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ ئەمەلىي ياردىمىگە ئېرىشەلىگەن ئەھۋالدا، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچى-

گه تايىنىپ غەربىي يۇرتتىكى شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ
مۇقىملىقىنى قوغداشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.
مىلادىيە 1006 ـ يىلى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى قارا-
خانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، 206 يىل
دەۋر سۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
جاۋ، سۇڭ سۇلالىلىرىگە ئۈزلۈكسىز ئولپان تاپشۇرۇپ، جاۋ،
سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئوتتۇغات بېرىشىگە ئېرىشتى. سۇڭ شېن-
زۇڭنى «مەشرىقنىڭ خوجىسى» دەپ ئاتاپ، بەيئەت قىلدى.
ئىچكى قىسمىدا تالاش ـ تارتىش ۋە توقۇنۇش بولۇپ تۇرغان
بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مېتروپولىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ،
غەربىي يۇرتنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە تې-
گىشلىك تۆھپە قوشتى.

يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا كەلسەك، تاڭ
دەۋرلىرىدىكى ئۆلچەم بىلەن قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا، مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتنى
چىقىش قىلىپ كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.

مىلادىيە 1206 ـ يىلى تۆمۈرچىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى-
نىڭ چوڭ خاقانى بولۇپ، ئۆزىنى چىڭگىزخان دەپ ئاتىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى، غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا
ئاسىيا، ھەتتا شەرقىي ياۋروپالارغىچە لەشكەر تارتىپ باردى.
مىلادىيە 1218 ـ يىلى خوتەندە ئالتە يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي
لياۋ خانلىقىنى يوقىتىپ، خوتەننى ئىشغال قىلدى. چىڭگىزخان
ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا خوتەننى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قى-
لىپ بەردى.

مىلادىيە 1271 ـ يىلى قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ،
غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى باشلىدى. 2 ـ
يىلى بۇقا تۆمۈرنى خوتەن قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى. ئۇزۇن

ئۆتمەي شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق جايلار يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. خوتەن قۇبلاي ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان رايون بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي خانلىقى بىلەن چاغاتاي، ئوگىداي ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى خوتەن، كۇسەن تارىم (كۇچا) ۋە ئېۋىرغول ئايمىقىدا 40 نەچچە يىل تىركەشمە ئۇرۇش قىلدى، نەتىجىدە خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. تارىختا چاغاتاي، ئوگىداي تەرەپتىن بولغان قايدۇ، دوۋا دېگەنلەر ئاسىي كۇچلەر دەپ قارالغان. يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى خوتەننىڭ قورغانلىق رولىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 1280 ـ يىلدىن 1289 ـ يىلغىچە خوتەندە ئايغاقچى ئەمىرلەشكەرلەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ليۇ ئېننى باش ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىدى، ليۇئېن، قۇبلاي، باتۇر قاتارلىق ئەمىرلەشكەرلەر بىلەن خوتەننى ئىدارە قىلىپ، خوتەنگە لەشكەر يىغىپ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ، خوتەن ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ، خوتەننىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۇردى، شۇنداقلا قايدۇ، دۇۋا قاتارلىق ئاسىي كۇچلەرنى خوتەندىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرەپلىرىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. XIII ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى تىنچىتىلىپ، خوتەندە 50 يىل نىسپىي مۇقىملىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدا خوتەن يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولدى. XIV ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى خوتەن يەنە چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى. بۇ چاغدا، چاغاتاي خانلىقى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي خاندانلىقى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خاندانلىقى

ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىدى. XIV ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ 80 ـ يىللىرىغىچە خوتەندە يەنە 20 نەچچە يىل ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بەردى؛ XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە خوتەندە يەنە ئون نەچچە يىل ئۇرۇش يۈز بەردى؛ XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەندە يەنە 40 نەچچە يىل ئۇرۇش يۈز بەردى، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي خاندانلىـ قىدىكى ھەرقايسى خاقان ياكى ھەر قايسى تەرەپ كۈچلىرى ئوتتۇ- رىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇش بولۇپ، خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت، جەبىر ـ زۇلۇملارنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بۆلگۈنچى، ئاسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن يەنىلا چاغاتاي خاندانلىقىغا قاراشلىق بولدى. XIV ئەسىرنىڭ 80 — 90 ـ يىللىرىدا مىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشى ئېلىپ بار- دى. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ خىل تەدبىر قوللىنىلغان: بىرىنچىسى، شىنجاڭدىكى ئاساسىي بازارلاردا «ياساۋۇلخانا» تەسىس قىلىنـ دى؛ ئىككىنچىسى، جايلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا ۋاڭ دەپ ئوتۇغات بېرىلدى؛ ئۈچىنچىسى، ئەلچى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ مېترپولىيىلىك ئورنىنى بەلگىلىدى، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى، مىلادىيە 1413 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى چېن چېڭنى غەربىي يۇرتقا ئۈچ قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىر قېتىمىدا ئۇ خوتەنگە بېرىپ، خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەل- دارلىرىغا چوڭ ئىنئام بەردى. خوتەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ شاپائىـ تىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدى- غانلىقىنى بىلدۈردى. پەقەت، يوڭلې يىللىرىدا خوتەن مىڭ سۇ- لالىسىگە تۆت نۆۋەت ئولپان تاپشۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خو- تەنگە بولغان بىر تۇتاش باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

مىلادىيە 1514 - يىلىدىن 1678 - يىلغىچە بولغان 164 يىل ئىچىدە، خوتەن يەكەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، يەكەن خاندانلىقىمۇ داۋاملىق ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ ۋە ئىدارە قىلىپ كەلدى.

ئاپتورى: سۇن بىن

# تۆتىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

مىلادىيە 1644 - يىلى، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇ يۇجيەن بېيجىڭدىكى مېيشەن تېغىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 267 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. مۇشۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش؛ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش، مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن ۋە مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى، خوتەنمۇ بۇ خىل ئومۇمىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن خالىي بولالمىدى.

1. مىلادىيە 1678 - يىلى غالدان جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىدىن ئاپاق خوجىنى پۇتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. خوتەن ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى بىلەن قارا تاغلىقلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قالدى، خوتەن خەلقى ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالدى.

غالداننىڭ ئورنىغا چىققان سېۋىن ئارابدان ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىك، ئاسىيلىق قىلىش يو-

لىنى تۇتتى. ئۇ شىزاڭلىق بۆلگۈنچى، توپىلاڭچى سانجىسوجا
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ھىمايە
قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان شىزاڭ خانى
لاساڭنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى، ئۇنىڭ سۇيىقەستى
ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن سانجىسوجا قەتل قىلىندى. سىـ
ۋېن ئارۋبدان قېپىيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقتى، مىلادىيە 1716 ـ
يىلى ئىنىسى سېرىن دوندۇپ 6000 كىشىلىك سەرخىل لەشكەر
بىلەن ئۇدۇن ئارقىلىق ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ، شىزاڭنىڭ
شىمالىدىكى تىڭگىل ئارقىلىق تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، مىلادىـ
يە 1717 ـ يىلى بۇدالا سارىيىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە لاساڭ خاننى
ئۆلتۈردى. مىلادىيە 1720 ـ يىلى سېۋىن ئارۋبدان جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى تۆت شەھەرگە ھاكىم تەيىنلىدى. خوتەنگە دانىيال
ھاكىم بولدى، خوتەن خەلقى دانىيالغا قارشى كۈرەشلەرنى توختـ
ىتاتمىدى. شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاشۇ مەزگىلدە
چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىـ
كەتلىرىنى تېخى ئورۇنلاشتۇرمىغاچقا، خوتەن خەلقىنىڭ جۇڭـ
غارلارغا قارشى كۈرىشى تەشەببۇسكار ئورۇندا ئەمەس ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى (مىلادىيە 1755 ـ
يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇچتۇرپان
بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى داۋاچىنى تۇتۇۋېـ
لىپ، جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنچىتتى، شىنجاڭ بىرلىككە
كەلدى. خوتەن ھاكىمى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت
قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلاـ
لىسى ھۆكۈمىتى خوتەندە خان ئامبال تەسىس قىلدى. خوتەن
يەكەن خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق
ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، بىۋاستە باشقۇرۇش ھوقۇقىـ
نىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئۈزۈلدىن بۇيان خوتەننى بېسىپ ياتقان تەبىرـ

قىچى كۆچلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەجەللىك زەربە بولدى.

2. ئامۇرسانا توپىلىڭى مەزگىلىدە، كىچىك خوجىلاردىن خوجا جاھان ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىشىغا ياردەمدە بولدى. چىڭ سۇلالىسى زور لەشكىري قوشۇن ئەۋەتىپ ئامۇرساناغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، خوجا جاھان قورقۇپ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ، مۇشۇ جايلارنى بازا قىلىپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. خوجا جاھان ئۆز ئاكىسى چوڭ خوجا بورھانىدىننى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا كۈشكۈرتتى. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تىنچىتىشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى كۈزدە، خوجا جاھان قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە چېكىندى. بۇرھانىدىن ئاتلىق، پىيادە قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە چېكىندى. مۇشۇ مەزگىلدە خوتەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جاۋ خۇي لەشكەر باشلاپ ئۈچتۇرپاندىن يولغا چىقىپ، مارالبېشى ئارقىلىق 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەكەنگە يېتىپ كېلىپ، يەكەندە داڭلىق قاراسۇ بارگاھى ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. ئىككىنچى يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قاراسۇ بارگاھىدا زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

جاۋ خۇي يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، گېبوشۇ، چىلىنزابۇ قاتارلىقلارنى خوتەندىكى ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى، خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قاراقاش، يۇرۇڭقاش، تاغ، چىرا ۋە كېرىيە شەھىرىنىڭ بەگلىرى ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. جاۋ خۇي قاراسۇ بارگاھىغا قاپسىلىپ قالغاندا خوجىلار توپىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارمىقى خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. قاراسۇ بارگاھى مۇھاسىرىسى بۇزۇپ تاشلانغان-

دىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياندىش سانغۇنى فۇدې 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى (دېھقانلار كالېندارى بويىچە) غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، خوتەنگە يېتىپ كەلدى. خوتەن خەلقى فۇدېنىڭ خوتەن شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قولىغا قورال ئېلىپ خوجىدار توپىلاڭچى قوشۇنغا قارشى ئاتلاندى، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىش ئارقىسىدا، خوتەن شۇ كۈنى قايتۇرۇۋېلىندى.

مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى ئومۇميۈزلۈك تازىلاشنى قارار قىلدى. جاۋ خۇي 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ ئۇچتۇرپاندىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل قەشقەرگە باردى. فۇدې 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خوتەندىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل يەكەنگە باردى. جاۋ خۇي، فۇدې قوشۇنلىرى ئۆز جاسارىتىنى كۆرسەتتى، 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەرنى ئالدى. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا يەكەننى ئالدى. 7 ـ ئايدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بەدەخشان تاغلىق رايونىغا كىردى. 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار بەدەخشاندا سۇلتان شاھ تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئۇدا نەچچە يىل داۋاملاشقان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى شۇنىڭ بىلەن تىنچىتىلدى. خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ئېنىق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قەتئىي قوللىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە 1760 ـ يىلى) خوتەنلىك خوجەككە دۆلەتكە نايىپ ھەزرەت دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنىڭ پايتەختكە بېرىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلدى.

3. قوقەن فەرغانىنىڭ ئېگىز تاغ ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان فېئوداللىق دۆلەت ئىدى. مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چوڭ خوجا بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق قوقەنگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، قايتا باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى. مىلادىيە 1797 - يىلى سامساقنىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. سامساق ئۆلگەندىن كېيىن، يۇسۇپ بۇخارادا ئاخۇن بولدى، يۇسۇپنىڭ ئىككى ئىنىسى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى باۋۇدۇن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى جاھانگىر خوجا ئىدى. جاھانگىر خوجا قارانىيەتلىك قوقەن ھۆكۈمرانى مەدەلخاننىڭ قوللىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈردى.

جاھانگىر خوجا باندىتلىرى تۆت قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ھۇجۇم 1820 - يىلى ۋە 1824 - يىلى قوزغالغان بولۇپ، ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ قەشقەر ئەتراپىغا كېلىشكە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 1826 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە جاھانگىر خوجا 3 - قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جاھانگىر خوجا قەشقەر شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ئارقىدىنلا يېڭىسار، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرىنىمۇ ئىشغال قىلدى. جاھانگىر خوجا خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، خوتەن خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى، يەنى خوتەندە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن خوتەن خانى ياقۇپ قاتارلىق توققۇز كىشىنى تۇتۇپ كەتكەندى. جاھانگىر خوجا قىساس ئېلىش مەقسىتىدە شەخسەن 1000 كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە باشلاپ بېرىپ، غالجىرلارچە ئۆچ ئېلىپ، خوتەن خەلقىدىن بىر قانچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 7-يىلى (مىلادىيە1827- يىلى) 3 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى سانغۇ-

نى ياڭ فاڭ 6000 كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر خوتەنگە يېتىپ كەلگەندە، خوتەن خەلقى يەنە بىر قېتىم قوزغىلىپ جاھانگىر خوجا باندىتلىرىغا قارشى چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، 2000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خوتەن شەھىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1828 - يىلى) يىل بېشىدا جاھانگىر خوجا، باھار بايرىمى مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ، دەپ ھېسابلاپ ئاتۇشقا بېسىپ كىردى، ئۇيغۇر خەلقى كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، باندىتلارغا ئارام بەرمىگەچكە جاھانگىر خوجا كەلگەن يولى بىلەن تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى ياڭ فاڭ 6000 كىشىلىك لەشكەر ۋە پۇقرانى باشلاپ، قوغلاپ زەربە بەردى. جاھانگىر خوجا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن، قاراتىكە تېغىغا قېچىپ بېرىۋالدى، دېھقانلار تاغنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى، جاھانگىر خوجا ئامالسىز يېنىدىكى خەنجىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا، باش بۇغ خۇچاۋ، دۇەن يوڭفۇ، شىۋە سەرۋاز ناسۇڭئا، شۇشىڭئا قاتارلىقلار باتۇرلارچە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى، 5 - ئايدا جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. جاھانگىر خوجىنىڭ تۆت قېتىملىق پاراكەندىچىلىكى ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. خوتەن خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جاھانگىر خوجا باندىتلىرىغا قارشى كۆرەشتە تىللاردا داستان بولغۇدەك سەھىپە يېزىپ قالدۇردى.

4. شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 1857 - يىلى)

1 ـ ئايدا، خوجا ۋەلىخان بىر ئۆچۈم ئاسىي قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، 6 ـ ئايدا قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يېڭىسارنىڭ كونىشەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، يەكەندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پوسكام، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي راباتلارنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ۋەيران قىلىۋەتتى، خوتەندىن يەكەنگە يوللىنىلىدىغان پوچتا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 8 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زور قوشۇنى يېڭىسار، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، خوتەندىكى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار قوزغىلىپ قالدۇق باندىتلارنى تازىلىدى. ۋەلىخان 300 دەك قالدۇق لەشكەر ۋە قەشقەردە قاپسىلىپ قالغان 15 مىڭ ئادىمى بىلەن قوقەنگە قېچىپ كەتتى، بەش ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلغان ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلدى.

5. تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1865 ـ يىلى)

12 ـ ئايدا قوقەنلىك ھەربىي ئەمەلدار ياقۇب بەگ جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجا بىلەن قوقەندە بىر بۆلۈك باندىتلارنى توپلاپ، قوشۇن تەشكىللەپ دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئىككىنچى يىلى 12 ـ ئايدا، ياقۇب بەگ بۇزرۇك خوجىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ خوتەننىڭ قازىسى ھەبىبۇللاغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ خوتەنگە بېرىپ مازايى ـ ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئىلتىجا قىلدى. ھەبىبۇللا ئالدىنىپ شەھەر سىرتىدا ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققاندا، ئۇنى قولغا ئېلىپ، يەكەنگە يولغا سېلىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياقۇب بەگ ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ خوتەنگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋال-

دى. خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى، ئۇلار «ئەنجانلىق-لارنى يوقىتايلى» دېگەن شوئارلارنى ياڭرىتىپ، ئۆي ۋە رەستى-لەرنى بازا قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كۈرەشنى داۋام-لاشتۇردى. ياقۇپ بەگ خوتەن شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاممىنى ھەدەپ قىرغىن قىلدى، خوتەندە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاما 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئېرىق - ئۆس-تەڭ، ئازگاللىقلار جەسەت بىلەن توشۇپ كەتتى، خوتەندىكى ۋەتەن ساتقۇچ نىياز تاجاۋۇزچىلارنىڭ قاتىللىق قورالىنىڭ ھىما-يىسىدە خوتەندىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىغا چىقتى.

ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، زو-راۋانلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى، ئارقىدىنلا ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپ بەگ ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاندىن ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى بايقاپ يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىس-مىدا قۇرۇقلۇق چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ ياكى دېڭىز بويىنى مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن تالاش - تارتىش بولۇۋاتاتتى. زو زۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىۋاتاتتى. مىلا-دىيە 1875 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەپ، شىن-جاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جىن شۇننى شىنجاڭ-نىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىشكە قويۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇر-دى. 1876 - يىلى 4 - ئايدا، زو زۇڭتاڭ سۇجۇ ئايمىقىغا كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ليۇ جىنتاڭ-غا 20 يىڭ لەشكەر بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 6 - ئايدا ھەرقايسى قوشۇنلار شىنجاڭغا يېتىپ

كەلدى. جەمئىي 100 يىلك (50 ـ 60 مىلك كىشى) 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ياقۇب بەگكە قارشى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇرۇمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇۋالدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇچ ئاي ئىچىدىلا ياقۇب بەگنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى بارلىق بازىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى دۈشمەن كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

1877 ـ يىلى ئەتىيازدا، زو زوڭتاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى باشلىنىپ، توقسۇن، تۇرپان، پىچان قاتارلىق شەھەرلەر قايتۇرۇۋېلىندى. 1877 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ياقۇب بەگ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى بىلەن ياقۇب بەگنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىدىكى بەكقۇلى ۋە بەي يەنخۇ قاتارلىقلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى. 9 ـ ئايدا، ياقۇب بەگكە يېقىندىن ئەگىشىپ كەلگەن نىياز خوتەندە ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بەكقۇلى يەكەندىكى يۈنۇسجان قاتارلىقلارنى يېنىغا تارتىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. نىيازنىڭ ئىنىسى ئىمىن قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن خوتەننى تاشلاپ قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ، قۇملۇق ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا پاناھلىق تىلەپ باردى. بەكقۇلىمۇ خوتەندە ئۇزۇن تۇرۇشقا پېتىنالماي، قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، كۇچادا دەككىسىنى يېگەن بەي يەنخۇ قەشقەر كونىشەھەرگە كېلىۋالدى، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بەكقۇلىمۇ قەشقەر كونىشەھەرگە كەلدى. بۇ ئىككى قوشۇن قوشۇلۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان

بولسمۇ، بىر قانچە كۈنگىچە ئالالمىدى.

1877 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 21 ـ كۈنى يەكەننى قايتۇرۇۋالدى. 1878 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خوتەننى قايتۇرۇۋالدى. باندىتلار باشلىقى بەكقۇلى، بەي يەنخۇلار ئۆزىنى چارروسىيىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، جېنىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ قولچوماقلىرىدىن يۈ شاۋخۇ، جىن شياڭگو، مايۇەن قاتار-لىقلار تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شىنجاڭدى-كى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بەش قېتىم بولدى. بۇلار ئىچىدىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا قارشى تۇرۇش، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قار-شى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ جىددىي تارىخىي پەيتىدە، خو-تەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىش، قەتئىي تىز پۈكمەسلىك، ئۆزىنى ئۆزى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىقتەك ئالىيجاناب روھىنى ئىپادىلىدى.

ئاپتورى: سۈن بىن

# بەشىنچى بۆلۈم مىنگو دەۋرى

## 1. 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پارتىلىغان چىرا ۋەقەسى

چىرا ۋەقەسى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەش ھېسابلىنىدۇ. چىرا كەنتى، يەنى بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسى ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق مۇھىم بازار ئىدى، چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ جايدا قانۇنسىز ھالدا سودا ئاقساقىلى تۇرغۇزۇپ، روسىيە مۇھاجىرلار تەشكىلاتى قۇرۇپ، يەرلىك خاقان بولۇۋالغانىدى. ئۇلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ئوخشاش قانۇنسىز ھالدا مۇھاجىر تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى روسىيە مۇھاجىرلىرىغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا يولسىزلارچە ئارىلاشتى. چىرادا سودا ئاقساقىلى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان سېيىت چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇشۇ جايدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىدى، ئۇ چارروسىيە كۈچلىرىنى ئۆزىگە تېرەك قىلىپ، پۇقرالارنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ، ئاياللارنى دەپسەندە قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلدى، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالدى، «روسىيە مۇھاجىرلىرى»نى باج - سېلىق تاپشۇرماسلىققا، ھاشار ئەمگەكلىرىگە چىقماسلىققا قۇتراتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھويلىسى ئىچىدە پۇقرالارنى ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. 1912 - يىلى 2 - ئايدا، سېيىت مۇشتۇمزورلۇق بىلەن سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى ئىگىلىۋېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىغاچقا، خەلق ئەرز قىلىپ يامۇلغا باردى. سېيىت بىر توپ «روسىيە مۇھاجىرلىرى»نى باشلاپ يامۇلغا بېسىپ كىرىپ كېرىيە ھاكىمىغا پوپوزا قىلدى. ئاممى-

نىڭ قوللىشى بىلەن، يەرلىك ھۆكۈمەت سېيىتنى قاماپ قويدى. چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوف مۇئاۋىن كونسۇل بېرېنسنى كېرىيىگە ئەۋەتىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى سېيىتنى قەشقەر كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇنى قوغداپ قالدى. 5 ـ ئايغا كەلگەندە، قەشقەر كونسۇلخانىسى «ئادەم گۇۋاھلىقى تولۇق ئەمەس» دەپ، سېيىتنى قويۇپ بەردى.

مۇئاۋىن كونسۇل بېرېنسنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، سېيىت تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ يالاقچىلىرىنىڭ كەنت ئېغىزىغا چىقىپ سەپكە تىزىلىپ قارشى ئېلىشىنى، ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ھەيۋە كۆرسىتىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سېيىت يەنە داۋاملىق تۇردە ئۆستەڭ سۈيىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە شۇ جايدىكى ئاممىنى ئۇرۇپ، رۇسىيە پۇقراسى بولۇشقا قۇتراتتى. يەرلىك پۇقرالارنى رۇسىيە مۇھاجىرلىق گۇۋاھنامىسى سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى، بويسۇنمىغانلارنى نەچچە ئاي قاماپ قويدى، چىرا خەلقى غەزىپىنى باسالماي، شۇ يەردىكى دېھقان سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنە بىر قېتىم كېرىيىگە بېرىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە سېيىتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇندى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلار ئۇرۇمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرىدە، قەشقەرنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان بيەن يۈڭفۇ، ۋېي دېشى قاتارلىق كىشىلەر قەتئىي تۇردە خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئاممىنىڭ رۇسىيىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش كۈرىشىنى قوللىدى. ئۇلار يەكەندە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى شۈڭ گاۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋ داشېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى كېرىيىگە بېرىپ سېيىتنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شۈڭ گاۋشېڭ چىرا كەنتىگە

ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، دەرھال سېيىتنى سوراق قىلىشقا چاقىرىتتى. سېيىت قول ئاستىدىكى 100 دىن ئارتۇق كىشىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇردى ھەمدە قېيناتىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ، چارروسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ، شۇڭ گاۋشېڭ بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى. نەچچە يۈزلىگەن ئامما غەزەپلىنىپ، سېيىتنىڭ قېيناتىسىنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالدى. شۇڭ گاۋشېڭ ئۆزىنىڭ جۇ شۇتاڭ قاتارلىق ئەسكەرلىرىنى سېيىتنى چاقىرتىپ سوراق قىلىشقا ئەۋەتتى. سېيىت يەنە تەپتارتماي جۇ شۇتاڭ قاتارلىق ئىككى ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلىدى، يەنە بىر قانچە ئاممىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق روسىيىگە قارشى قەھرىمانلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. نەق مەيداندا چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولچوماقچىلىرىدىن 29 كىشىنى ئېتىپ تاشلىدى، سېيىت تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ، غالجىر تاجاۋۇزچىلارنى قاتتىق جازالىدى. سېيىت تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ھويلىنىڭ ئارقا تېمىنى تېشىپ، يېقىنلىرىنى ئېلىپ رەسۋالارچە قەشقەر كونسۇلخانىسىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى.

چارروسىيە بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى 500 گە كۆپەيتىپ، قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، دەرھال ئەمەلدار ۋە ئاھالىلەردىن بولۇپ 180 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشتەك يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوف چارروسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئارقىلىق، يۈەن شىكەي ھاكىمىيىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. يۈەن شىكەي چارروسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، ياڭ زېڭشىنغا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتتى. 8 - ئايدا يەنە ياڭ زېڭشىنغا قەشقەردە

تۇرۇشلۇق مۇپەتتىش، جاۋ داجۇي، دوتەي ۋاڭ بىڭگۇن ئالدى
بىلەن چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىغا ناماقۇل بولسۇن، خوتەن بىۋا-
ستە قاراشلىق ئايمىقى ئەمەلدارى تاڭ يۇنجۇڭ ۋە كېرىيە ئامبىلى
شىن يۇڭچىڭنىڭ مەنسىپى ئېلىپ تاشلانسۇن، شۇڭ گاۋشىڭ،
جاۋ داشىڭ قاتارلىق كىشىلەر «تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلىنسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈش توغرىسىدا كۆرسەتمە
بەردى. گەرچە، شۇ بويىچە قىلىنغان بولسىمۇ، چاررۇسىيە
يەنىلا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى،
چاررۇسىيە قوشۇنى ئۆكتەملىك بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ شىما-
لىي دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ ئېچىپ، شەھەرگە كىرىپ ئىغۋا-
گەرچىلىك قىلدى. ئاي ئاخىرىغا كەلگەندە، چاررۇسىيە يەنە
1000 دەك ئەسكەر كۆپەيتىپ، ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىدە تۇر-
غۇزدى ھەمدە ئاسىي ما شىڭفۇنى «مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى»
قۇرۇشقا كۇشكۇرتتى. 9 ـ ئايدا، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بېرېنس ئىككى قېتىم ئەسكەر باش-
لاپ چىرا، كېرىيە، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ
خالىغانچە ئادەم تۇتتى. شۇڭ گاۋشىڭ، جاۋ داشىڭلارنى ۋە 24
نەپەر جۇڭگو پۇقراسىنى «جىنايەتچى» دەپ قەشقەرگە ئېلىپ
كەتتى.

ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاررۇسىيە-
نىڭ بېسىمىغا تىز پۈكتى، 1912 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بىيەن
يۇڭفۇ، ۋېي دېشىڭلارنى قەشقەردىن يۆتكەپ كەتتى. شۇڭ گاۋ-
شىڭنى قولغا ئالدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەمەلدارلىرىغا بې-
رېنس بىلەن ھەمكارلىشىپ، چىرا ۋەقەسىنى بىرلىكتە بىر تە-
رەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

1913 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە ئاتالمىش
«سوت» ئېچىلدى. شۇڭ گاۋشىڭ، تاڭ يۇنجۇڭلار ۋە چىرالىق
70 دىن ئارتۇق ئامما سوتقا چىقىپ سېيتىنىڭ جىنايى قىلمىشلى-

ـرى ئۈستىدىن مەردانىلىك بىلەن شىكايەت قىلىپ، سۆكوف، بېرېنس قاتارلىقلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى، نەتىجىدە سوتنى توختىتىشقا توغرا كەلدى.

1913 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سۇن جۇڭشەن ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلدى. يۈەن شىكەي چارروسىيىنىڭ يار-دىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چارروسىيە ئالدىدا تېخىمۇ كۆچۈكلە-نىشكە باشلىدى. مۇشۇ دېلونى تۇتقان قەشقەرنىڭ دوتيىي ۋاڭ بىڭكۈننىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا دوتەي بولغان ياڭ زەنشۈنى سۆكوف بىلەن كېڭىشىپ چىرا ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. 1913 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، بىۋاستە قاراشلىق خوتەن ئايمىقى ئەمەلدارى تاڭ يۈنجۇڭ، كېرىيە ئامبىلى شېن يۈچېڭنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى. شۈڭ گاۋشېڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى، جاۋ داشىڭغا ئالتە يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى، 40 نەپەر چىرا كەنتى يۇقراسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى ۋە قاماق جازاسى بېرىلدى؛ جۇڭگو ھۆكۈمىتى چارروسىيىگە 70 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يۈەن شىكەي بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ ساتقىنلىق قىلىپ تېز پۈكۈشى نەتىجىسىدە چىرا ۋەقەسى مانا شۇنداق ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىندى.

ئېغىر ئەمگەك جازاسى بېرىلگەن سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 14 كىشى جازا مۇددىتى توشۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، كەنت-تىكى يۇقرالار ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، بەزىلەر ھەتتا 200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى خوتەنگە بېرىپ كۈتۈۋالدى. چىرا كەنتى خەلقى ۋە خوتەندىكى ۋەتەنپەرۋەر يەرلىك ئەمەلدارلار-نىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى-لىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى داۋامىدا

قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

## 2. مۇھەممەت ئىمىن توپىلىڭىغا قارشى كۈرەش

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق 130 نەچچە كاتتىۋاش قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوللاش نامى بىلەن قاراقاشتا توپىلاڭ كۆتۈردى.

توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بىر يىل بۇرۇن، ئۇلار 200 نەچچە مىلتىق سېتىۋالدى، بىر نەچچە يۈز دانە قىلىچ، خەنجەر ۋە 2000 ـ 3000 دانە چۇماق تەييارلىدى. ئۇلار دىنىي پائالىيەت نامى بىلەن، بىر نەچچە ئون قېتىم مەخپىي يىغىنلارنى ئاچتى ھەمدە «دىنىي باشقۇرۇش» ۋە «دىنىي ئاڭ»نى كۆچەيتىپ، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىمىگەنلەرنى ۋە يۈزىگە چۈمبەل ئارتمىغان ئاياللارنى قاتتىق جازالىدى. 130 نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان توپىلاڭچى تەشكىلات تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندى.

ئۇلار 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى توپىلاڭ كۆتۈردى. دەسلەپتە، 300 نەچچە ئادەم قاتنىشىپ، ناھىيە يامۇلىغا بېسىپ كىرىپ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يەنجۇ باشچىلىقىدىكى 14 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ناھىيىلىك يامۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 1000 غا يېتەي دەپ قالدى. توپىلاڭ يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئۆزىدە قاراقاشتا ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 50 نەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلدى، 18 ـ كۈنى توپىلاڭچى قوشۇن خوتەنـ گە يۈرۈش قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا خوتەننى قوغداۋاتقان قوشۇندا ئاران 300 ئەتراپىدا ئادەم بولغاچقا، كېرىيىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق قوشۇندىن 180 كىشى خوتەنگە ياردەمگە كەلدى. بۇ چاغدا مۇھەمـ مەت ئىمىننىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىدىكى ئادەم سانى 3000 دىن ئاشتى. ئۇلار ئالداش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا خوتەننى مۇداپىزەت قىلغۇچى قوشۇننى تارمار قىلىپ، خوتەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا

كەلگەندە گوما، قاغىلىقتىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى، كەيىندىن مۇھەممەت ئىمىن قوشۇنى ئۇرۇش قىلمايلا غەربتە قاغىلىقتىن، شەرقتە چەرچەنگىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلىۋالدى.

توپىلاڭچىلار گۇرۇھى ئاتالمىش «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ھاكىم تەيىنلىدى، ھەربىي قوشۇننى تەرتىپكە سالدى، قوشۇندىكى ئادەم سانى 5000 كىشىگە يەتتى، توپىلاڭچىلارنىڭ يېرىمى مىلتىق بىلەن قوراللاندى. مۇھەممەت ئىمىن توپىلاڭچى ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇش جەريانىدا، قارشىلىق كۆرسىتىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەر مىللەت ئاممىسىنى قانلىق باستۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندا ھەر مىللەت ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالىرىدىن 700 نەچچە كىشى قىرىپ تاشلاندى.

1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، سابىت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى. بۇ ئىككى توپىلاڭچى ھاكىمىيەت ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1934 - يىلى 4 - ئايدا، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنى قەشقەر، خوتەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇشقا تەييارلاندى. خوتەندە تۇرۇشلۇق مۇھەممەت ئىمىن دەرھال 4200 كىشىلىك قوشۇننى قەشقەردىكى سابىت داموللىغا ياردەمگە ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ما جۇڭيىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، يېڭىسار، يەكەن ئارىلىقىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىنىپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

1934 - يىلى 4 - ئايدا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر كونىشەھەرنى ئالدى، سابىت داموللا ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى، قەشقەردىكى توپىلاڭچى ھاكىمىيەت گۇمـ

ـران بولدى، توپىلاڭچى ھاكىمىيەتنىڭ باشقا غوللۇق ئەزالىرى
چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ئارقىسىدا، ما جۇڭيىڭ
بىلەن شىڭ شىسەي يارىشىپ قالدى، كېڭىشىش ئارقىلىق ما-
جۇڭيىڭنىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقى، قاغىلىقتىن تارتىپ
چاقىلىققىچە بولغان توققۇز ناھىيە ما جۇڭيىڭنىڭ 35 - شىسى-
نىڭ مۇداپىئە رايونى بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى.
ما جۇڭيىڭ ما خۇسەنگە ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيى،
بىر توپچىلار يىڭىنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ قوشۇن 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ
23 - كۈنى تاڭ سەھەردە، قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە يېتىپ
كەلدى.

ما خۇسەن قىسىملىرى مۇھەممەت ئىمىننىڭ توپىلاڭچى قو-
شۇنى بىلەن زاۋادا بىر كۈن جەڭ قىلدى، مۇھەممەت ئىمىن
قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بۇ قوشۇندىكى 2000 دىن ئار-
تۇق ئادەم تولۇق يوقىتىلدى. ما خۇسەن قوشۇنى شۇ كۈنى
كېچىدىلا خوتەن شەھىرىگە كىردى، مۇھەممەت ئىمىننىڭ قوشۇ-
نى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.
مۇھەممەت ئىمىن خوتەنگە قېچىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ شې-
رىكلىرى بىلەن كارى بولماي 300 ئەسكىرىنى باشلاپ، كېچە-
لەپ بۇگۈنكى خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزا پۇپۇنا كەنتىگە قېچىپ
بېرىۋالدى. ئەتىسى سەھەردە پۇپۇنادا ماخۇسەننىڭ قوغلاپ كەل-
گەن ئاتلىق قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. مۇھەممەت ئىمىن
بەك قورقۇپ كېتىپ، ئۇرۇشۇشقا پېتىنالماي، دەريادىن ئۆتۈپ
قېچىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە نەپەر ئادىمىنى باشلاپ
شىزاڭ ئارقىلىق كەشمىر رايونىغا باردى، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن
تۇرماي ئافغانىستانغا بېرىۋالدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ھاكىمى-
يەت ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرۇۋاتقان چاغدا، مۇھەممەت ئى-

مىن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. شىنجاڭ ئازاد بول-غاندىن كېيىن تۈركىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى.
مۇھەممەت ئىمىن ھاكىمىيىتى 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن تارتىپ، 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنگە قەدەر بىر يىل تۆت ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇ ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بىر ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتتۇر.
ما جۇڭيىڭ، ما خۇسەنلەر ئەكسىيەتچىل مىللەتچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن يارىششىتكى مەقسىتى قەشقەر بىلەن خوتەندە زېمىن ئىگىلەپ، مىللەتچىلىق بۆلۈنمە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. لېكىن، ئۇلار قىسقا ۋا-قىت ئىچىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق سىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان قەشقەر، خوتەندىكى ئىككى تو-پىلاڭچى ھاكىمىيەتنى يوقاتتى. بىر تەرەپتىن، بىز ما جۇڭيىڭ، ما خۇسەنلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرىزىگە يېتىش جەريانىدا، تارىخىي ئېقىمغا ئۇيغۇن بەزى ئىشلارنىمۇ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز قەشقەر، خوتەندىكى ئىككى توپىلاڭچى ھاكىمىيەتنىڭ بىر پەشۋاغىمۇ يارىماي، تېزدىن تىرىپىرەن بولغانلىقىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ۋەتەننى پار-چىلاش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە توپىلاڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆمە-رىمۇ مۇقەررەر ھالدا قىسقا بولىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىدۇ.

ئاپتورى: رەجەپ تۇرسۇن

# ئالتىنچى بۆلۈم  جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ 2 ـ جۈن 5 ـ شى 15 ـ تۈەنى خوتەننى ئازاد قىلىدىغان
چاغدا، يوشۇرۇنۇۋالغان بۆلگۈنچى كۈچلەر خوتەندىكى يۇقىرى
قاتلام ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن مەخپىي ھالدا توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈشنى پىلانلاپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى تېخى
خوتەنگە يېتىپ كېلەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر قانچە
مىڭ چوماق تەييارلاپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەننى ئازاد قىلىشىنى توسماقچى بول-
دى. 15 ـ تۈەندىكى كەڭ قوماندان ـ جەڭچىلەر ئۇدا 17
كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق يۈرۈش قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى
پىيادە كېسىپ ئۆتۈپ، خوتەنگە ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ
سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، ۋەزىيەتنى تېزلىكتە تۇراقلاشتۇ-
رۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلدى.

## 1. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مىللىي بۆلگۈنچىلەر پىلانلىغان تۆت قېتىملىق توپىلاڭ ۋاقتىدا تىنچىتىلدى

چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىچكى ـ تاشقى
بۆلگۈنچىلەر خوتەندە بۆلگۈنچىلىك ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ پەي-
تى يېتىپ كەلدى، دەپ قاراپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر-
نىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قۇتراشقا باشلىدى. مۇھەممەت ئىمىن
كەشمىردە تۇرۇپ خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئارقا ـ
ئارقىدىن خەت يېزىپ، كۆرسەتمە بېرىپ، دەرھال توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈشنى تەلەپ قىلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر نۇرغۇن قېتىم يەكەن-

نىڭ خاڭدى مەدرىسىدە مەخپىي يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈشنى پىلانلىدى ھەمدە خوتەن، يەكەن، پەيزىۋات، قەشقەر،
كۇچا، شىڭخا، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى توپىلاڭچى
تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى بېكىتتى ۋە ئالدى بىلەن توپە-
لاڭنى خوتەندىن باشلاش، باشقا جايلار ھەرىكەتكە ماسلىششنى
قارار قىلدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا خوتەننىڭ ھەممە جايلىرىدا
داغدۇغىلىق ھالدا زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە كېمەي-
تىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزىلار-
دا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دېھقانلار جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، كەڭ
دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈل-
گەچكە، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى بەربات بولدى.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 5 - رايونىدىن ئابدۇلھىمىت داموللا
چەت ئەلدە ھەج قىلغان مەزگىلدە، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركى-
سىزمدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى قوبۇل قىلغانىدى.
XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىلا مۇھەممەت ئىمىنگە ئەگىشىپ
ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئا-
زادلىق ھارپىسىدا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەت
قىلىش توغرىسىدىكى ۋەزىپىلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئابدۇلھە-
مىت داموللا خوتەندىكى ئىشانلارنىڭ كاتتىۋشى بولۇپ، قاراقاش-
لىقلار ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ مۇرىتلىرى ۋە ئاممىنى
مەلۇم دەرىجىدە ئالدىغان ۋە رام قىلىۋالغانىدى. ئازادلىقتىن
كېيىن، ئابدۇلھىمىت داموللا ئىزچىل تۈردە توپىلاڭ كۆتۈرۈش-
نى مەخپىي پىلانلاپ كەلدى. 1950 - يىلدىن 1954 - يىلغى-
چە بولغان ئارىلىقتا خوتەن، لوپ، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق
قاتارلىق جايلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشان كاتتىۋاشلىرىنى
تەربىيىلىدى ھەمدە 15 مىڭدىن كۆپ مۇرىت توپلىدى.
1954 - يىلى 6 - ئايدىن كېيىن، ئابدۇلھىمىت داموللا قاراقاش-
نىڭ جاڭگاللىقىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئىنىسى ئابدۇسەمەت داموللا،

پەتىدىن مۇھەممەت ئىبراھىم قاتارلىقلارغا كۆرسەتمە بېرىپ، خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىشانلىق ھەرىكە-تىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى.
1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ پەتىدىن بىلەن خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە توپىلاڭنى پىلانلاش بىلەن بىرگە، مۇرىتى باقى داموللا، نامەن داموللا، سابىر دامولا قاتارلىقلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۇما، چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىپ، يەتتە ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، توپىلاڭچىلار مەمەتقۇل مەۋلىۋىنىڭ ئۆيىدە ئۇدا ئۈچ كۈن «ئىسلام ھۆكۈمىتى ھەيئەتلىرى يىغىنى» چاقىرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭ ھاكىمىيىتى — «ئىسلام ھۆكۈمىتى» نى رەسمىي قۇرۇش قارارىنى ماقۇللىدى. ئارقىدىنلا، «ئىسلام ھۆ-كۈمىتى» نىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا «ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ 11 نەپەر ھەيئىتى، تەشكىلىي پروگراممىسى ۋە ھەرىكەت پىلانلى-رىنى بېكىتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىندا توپىلاڭنىڭ ۋاقتىنى 1955 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. توپىلاڭچىلار ئۆز كۈچىنى يېتەرسىز دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك 3 ـ تۈەنىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتتى.
1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچە سائەت ئۈچتە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ توغرىسى-دىكى ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، توپىلاڭغا قارىتا سىياسىي يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ھەربىي چارە ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىشنى قوشۇمچە قىلىش تەدبىرىنى بەل-گىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيە-لىرىدە تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. ھەرقايسى قاتلام كادىرلار، ئاممىا ۋە بىرلىك سەپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، پىكىر ئېلىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاپ، ئاممىغا تايى-

نىپ، دۈشمەن كۈچلىرىنى يېتىم قالدۇردى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى. ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئىش ئورۇنلىرىدا چىلىك تۇرۇش؛ شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلەردىكى ساقچى ئوتتۇرا ئەترەتلىرىدىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، تەييارلىقنى كۈچەيتىش، ج خ تارماقلىرىدىن رازۋېدكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قوراللىق كۆزەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، كىشىلەر كۆڭلىنى تۇراقلاشتۇرۇش؛ توپىلاڭ يۈز بېرىپ قالسا، ئىلاجىسىز ئەھۋال يۈز بەرمىگۈچە ئوق چىقارماسلىق، قانلىق ۋەقەلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىش تەلەپ قىلىندى.

1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كېچە سائەت 12 دە، ئابدۇلھىمىت داموللا، پەتىدىن مۇھەممەت ئىبراھىم باشچىلىقىدا ×× كىشىدىن تەشكىل تاپقان زوراۋانلار خوتەن ج خ ئىدارىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ ئاچچۇي ئوتتۇرا ئەترىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كاڭ جۇاڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش قوشۇنىنى باشلاپ، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى. ئاممىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 4 ـ رايوندىكى نىياز بەگ ھاجى ۋە تۇرسۇن موللا قاتارلىقلارنىڭ ئۆيىدىن 32 نەپەر توپىلاڭچى تۇتۇلدى. باستۇرۇپ تەييارلىغان ئەكسىيەتچىل ئېلان، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى ھەيئىتى» نىڭ يىغىن خاتىرىسى، تەشكىلات نىزامنامىسى، ئەزالار ئىسملىكى، تامغا، ئاممىغا چىقىرىلغان مۇراجەئەتنامە، شاپىگراف ۋە بىر قىسىم قاتىللىق قوراللىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. 1955 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خوتەن مەيدانىدا ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىلدى، ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى يىغىندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۆز قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ماھىيىتى ۋە جىنا-

يەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش ئەھۋالىنى ئېلان
قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى خوتەن، قاراقاش،
لوپ ناھىيىلىرىنىڭ توپىلاڭ يۈز بەرگەن رايون ۋە يېزىلىرىدا
بىرلا ۋاقىتتا كەڭ تۈردە تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى قانات
يايدۇرۇلدى، ئامما بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھى-
يىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە زور يۈكسىلىش
ھاسىل قىلدى. ئىنىسى ئاكىسىنى، ئوغلى دادىسىنى پاش قى-
لىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى، بەزىلەر توپىلاڭچى تەشكىلاتتىن
چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ مەلۇم قىلدى. شۇ
قېتىملىق توپىلاڭ 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈزۈل ـ كېسىل
تىنچلاندۇرۇلدى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، خوتەندە ئىككىنچى
قېتىملىق توپىلاڭ يۈز بەردى. ئابدۇلھەمىت داموللا بىرىنچى
قېتىملىق توپىلاڭدا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئىزچىل تۈردە يېڭى توپىلاڭ قوزغاشنى مەخپىي پىلانلى-
دى. 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ، ئۇ بارات داموللا،
جاپپار، نۇرى چاڭگى قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ،
ئىككىنچى قېتىملىق قوراللىق توپىلاڭغا تەييارلىق كۆردى. ئۇلار
قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ ۋە 11 ـ
رايونلىرى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ 3 ـ رايونى ۋە لوپ ناھىيىسى-
نىڭ 2 ـ رايونلىرىدا توپىلاڭچى تەشكىلاتقا ×× كىشىنى مەخ-
پىي قوبۇل قىلدى. ئابدۇلھەمىت داموللىنىڭ مۇرىت ـ سوپىلى-
رى مەسچىتنىڭ ئىماملىرى، مەدرىسلەرنىڭ تالىپلىرى ھەمدە
پومېشچىكلار، لۈكچەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەممە يەردە
ئىغۋا تارقىتىپ، توپىلاڭ قوزغاش ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلىدى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۈن كېچىدە، دۈشمەن
كۈچلىرى ئۆزۈندىن بۇيان باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان ئەكسىلئىن-
قىلابىي توپىلاڭ قوزغاش پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار

يېزا ئىگىلىك 3 ـ تۆەننىڭ ئەتراپلىرىغا مەخپىي يىغىلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ «يېزا ئىگىلىك 3 ـ تۆەننى يوقىتىش، خوتەننى
ئىشغال قىلىش» جىنايى سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولـ
ـدى. 10 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، نۇرى چاڭگى، يۇنۇس غار،
جاپپار قاتارلىق جېنىدىن تويغان زوراۋانلار قوللىرىغا پالتا،
چۇماق قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ، يېزا ئىگىلىك 3 ـ تۆەننىڭ
3 ـ لىيەنىگە ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىم
ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىددىي ۋەزىـ
ـيەتنى پەسەيتىش مەقسىتىدە، رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىن جۇ يۇڭـ
ـنى توپىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتكەندە،
توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
زوراۋانلار كۆرەڭلەپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ 3 ـ لىيەن تۇرۇشـ
ـلۇق جايغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەچكە، قىسىم ئوق چىقىرىپ
ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى، ئالدىدا ئېتىلىپ كەلگەن تۆت
نەپەر زوراۋان ئېتىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىم ئاساسىي قاتلام خەلق ئەسكەرلىـ
ـرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى توپىلاڭچىلارنى قورشىۋېلىپ، باش جىناـ
ـيەتچىلەرنىڭ بىرەرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويمىدى. قايمۇققان ئاممىغا
قارىتا سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، نەق مەيداندىكى پارتىـ
ـيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى توپىلاڭچىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېـ
ـرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. چۈشتىن بۇرۇن
سائەت 11 ئەتراپىدا، توپىلاڭچىلار قوشۇنى چاك ـ چېكىدىن
پارچىلىنىپ كەتتى، كۆپ ساندىكى قايمۇققان ئامما قوراللىرىنى
تاشلاپ، توپىلاڭغا باشلامچىلىق قىلغان تايانچىلارنى پاش قىلدى،
نەق مەيداندا دەلىل‌لەش ئارقىلىق، باش جىنايەتچىلەر قولغا ئېلىـ
ـنىپ، قالغانلار تەنقىد، تەربىيە بېرىپ قويۇۋېتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۈن كېچىدىن 10 ـ كۈنى چۈشكىچە
بىرىنچى تۈركۈمدىكى توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، باقى داـ

موللا، تۇرسۇن ئاخۇن ئىمام، ئەخمەت غوجا قاتارلىق جاھىل ئۇنسۇرلار يەنە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى لوپنىڭ 1 ـ، 5 ـ، 9 ـ رايونلىرىدىكى ھەرقايسى مەسـ-چىت، ئاشلىق پونكىتى، بانكا، كوپىراتىپلارغا بېسىپ كىرىپ، ج خ كادىرى قەمەر يۇسۇپنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى، ئاشلىق پونكىتىنىڭ بوغالتىرى گۈەن ۋىنجىنى نەيزە تىقىپ ئۆل-تۈردى ھەمدە رايون ئورگان كادىرلىرىنى باغلاپ قامىدى. قورال ـ ياراغ، ئۇن قاتارلىق ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىلار-نىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلىدى، يەنە جۈمەمازا مەسچىتىگە بېرىپ، دېھقانلارنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا قۇتراتتى، توپىلاڭچىلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، بىردىن ئاق بايراقنى كۆتۈرۈپ، لوپ ناھىيە بازىرىنى ئېلىشقا تەييارلاندى. توپىلاڭچىلار قوشۇنى ناھىيە بازى-رىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى راخمانپورغا كەلگەندە توپى-لاڭنى تىنچىتقۇچى ئاتلىق قىسىملار ئۇلارنى توستى. قىسمىمىز شۇ ھامان توپىلاڭچىلارغا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە نەسىھەت قىلدى. لېكىن، توپىلاڭچىلار نەسىھەتنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇر-سۇن، بەلكى قىسىمغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى يارىلاندۇردى ھەمدە بىر دانە مىلتىقنى بۇلاپ كەتتى. تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، قىسىم ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بەردى. شۇ چاغدا، كۆپ سانلىق قايمۇققان ئاممـا ئويغىنىپ، قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تاشلاپ، توپىلاڭنى تىنچىت-قۇچى قىسىملارنىڭ توپىلاڭچىلار ئىچىدىكى غوللۇق ئۇنسۇرلارنى تۇتۇشىغا ياردەملەشتى. بۇ قېتىمقى تىنچىتىش جەريانىدا، توپى-لاڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىككى بايرىقى ۋە بىر ھەربىي ئىشلار پروگراممىسى قولغا چۈشۈرۈلدى. ئۇلار بۇلاپ كەتكەن بارلىق مال ـ مۈلۈكلەر قايتۇرۇۋېلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى توپىلاڭچىلار ئىچىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچىلەردىن 25ى تۇتۇل-دى، 7 ـ كۈنى توپىلاڭ پۈتۈنلەي تىنچىتىلدى.

1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خوتەندە تۆتىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. توپىلاڭنى ئاب-دۇلھەمىت داموللا مەخپىي پىلانلىغان، بۇ توپىلاڭنى ئۇنىڭ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ رايونلىرىدىكى مۇرىتلىرىدىن ئايال ئىشان خەلچىخان ئالاقىلىشىپ تەشكىللەپ قوزغىغانىدى.

1957 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، خەلچىخان قاراقاش-لىق ئون نەچچە ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرنى باشلاپ، خوتەن ناھىيە-سىنىڭ 6 ـ رايون 3 ـ يېزىسىدىكى تەتۈر مازاغا كېلىپ دىنىي ھەرىكەتنى پايدىلىنىپ، مەخپىي ھالدا توپىلاڭچىلارنىڭ ئەزالى-رىنى كۆپەيتتى، نەشە چەكتۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، لۈكچەكلەرنى يېنىغا تارتتى. 25 ـ كۈنى خەلچىخاننىڭ سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ئاشكارىلاندى، خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى خەلچىخاننى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلچىخاننى تەكشۈرۈش ئەستايىدىل بولمىدى، نېرۋىسى جايىدا ئەمەس، ھەرىكىتى لۈكچەكلىك ھەرىكىتىگە كىر-رىدۇ، جىنايەت شەكىللەنمىگەن دەپ قارىلىپ، 28 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قارا-قاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىمۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايلا ئۇنى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەردى، قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى خەلچىخاننىڭ يۇقىرىقى قىلمىشىنى تۇرمۇشتىكى يوقسۇزلۇق كەلتۈرۈپ چىقار-غان دەپ قاراپ، 15 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىپ تەنقىد، تەربىيە بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلچە-خان يەنە ئوغرىلىقچە خوتەن ناھىيىسىدىكى تەتۈر مازاغا بېرىپ، داۋاملىق ھالدا توپىلاڭنى تەشكىللىدى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە توپىلاڭچىلارنىڭ خەلچىخان قاتارلىق غوللۇق ئۇنسۇرلىرى ئىككى قېتىم مەخپىي يىغىن ئېچىپ، «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئەزالىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى؛

رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى، يەنى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، توپىلاڭ
كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى، خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شۇ
كۈنى سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن مەتسەيدى
قاتارلىق ئۈچ نەپەر كادىر ـ ساقچىنى 6 ـ رايوندىكى تەتۈر
مازارغا دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتتى. 15 ـ
كۈنى توپلىشىپ غوۋغا تۈغدۇرغۇچىلارنىڭ سانى 500 ـ 600
گە يەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، ناھىيىلىك پارتكوم-
نىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇرېشىت خالىق، ناھىيىلىك پارتكوم
بىرلىك سەپ كادىرى، 6 ـ رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى، خوتەن
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىر ھاجى،
مەتسالى مۇپتى، ج خ كادىرى، يېزا كوپىراتىپ كادىرى ۋە
قوغداش خادىملىرىدىن بولۇپ ×× كىشىنى ۋەقە يۈز بەرگەن
جايغا بېرىپ، تەشۋىقات ۋە قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەشكە
ئەۋەتتى. توپىلاڭچىلار نەسىھەتنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى
ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. خەلچىخاننىڭ قوماندانلىق قىلىشى بى-
لەن، توپىلاڭچىلار چۇماق، پالتا قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۇيۇقسىز كادىرلىرىمىز ۋە ج خ خادىملىرى-
مىزغا ھۇجۇم قىلدى، چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە، توپىلاڭنى
تىنچىتقۇچى قىسىم ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا كەلگەندە، يەنە 50
نەچچە توپىلاڭچى ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىماي، داۋاملىق تۇردە توپى-
لاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىمغا ھۇجۇم قىلدى، توپىلاڭچىلار باشلى-
قى خەلچىخان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىماي، قىيپىيالىڭاچلىنىپ،
ئۆزىنى «ئەۋلىيا» كۆرسىتىپ، ئوق، قىلىچ ئۆتمەيدۇ دەپ كۆ-
رەڭلەپ، توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىمغا ئېتىلىپ كەلدى. بۇ
ئەھۋالدا توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىم ئوق چىقىرىپ ئۆزىنى
قوغداپ، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ھەمدە
بۇلاپ كېتىلگەن قورال ـ ياراغ ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايتۇرۇ-
ۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى توپىلاڭ تىنچىتىلدى. تۆت

قېتىملىق توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن دېلودىن 32 سى پاش بولدى، توپىلاڭنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىدىن 350 كىشى قولغا چۈشتى، بەزىبىر توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىرى بىخ ھالىتىدىلا بىتچىت قىلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

## 2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ تارمار قىلىنىشى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خوتەن پۈتۈن شىنجاڭغا ئوخشاشلا مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى زومىگەر ۋە ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرى رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇش ۋە ئىشپىيون ئەۋەتىش يولى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا قۇتراتتى ۋە قوللىدى، خوتەننى ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىدىكى نۇقتىلىق رايون قىلىۋالدى. 1966 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدىكى ئابدۇقادىر قاتارلىقلار قۇرغان «ئۇيغۇرىستان ئەمگەكچى خەلق جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئەكسىيەتچىل تەشكىلات پاش قىلىندى؛ 1968 - يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى مەتتۇرسۇن باشچىلىقىدىكى «خەلپە»لەرنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش گۇرۇھى پاش قىلىندى؛ 1973 - يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى «جەنۇبىي تۈركىستان مىللىي غازاتچىلار ئىتتىپاقى» دېگەن مىللىي بۆلگۈنچى ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ تەشكىلاتى پاش قىلىندى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلىشىش مەزگىلىدە، قاراقاش ناھىيىسىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۆلگۈنچى تەشكىلات پاش قىلىندى. «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى بۇ تۆت قېتىملىق بۆلگۈن-
چىلىك سۇيىقەستى دەسلەپىدىلا بىتچىت قىلىندى.

## XX . 3 ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى مىللىي بۆل-گۈنچىلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش

XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان، خوتەندە مىللىي
بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئې-
لىپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە نۇقتىلىق
رايون بولۇپ قالدى.

1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك
كىشىلەرنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا، خوتەن ناھىيىسىدىكى ھەقى-
قىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىا ۋىلايەتلىك ئىلمە
توقۇلما شىركىتىنىڭ 7000 يۈەن قىممىتىدىكى بىر ھاجەتخانى-
سىنى قانۇنسىز ھالدا چۇۋۇپ تاشلاپ، ئورنىغا بىر مەسچىت
سېلىۋالدى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنى شۇكى، بەزى
كىشىلەر يەنە پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتكە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ،
7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا سال سودا ماگىزىنىنى
چاقتۇرۇپ بېرىشنى، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ ئامبىرى
قاتارلىق جايلارنى بىكارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ جايلارغا
مەسچىت سالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم-
نىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك تارماق-
لار مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاممىا ئارىسىغا بې-
رىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق تەكشۈرۈپ، ئاز ساندىكى يامان
نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلدى، ئاممىنىڭ قول-
لىشى ئاستىدا، ماجىرا تۇغدۇرغۇچىلار قانۇن بويىچە بىر تە-
رەپ قىلىنىپ، ۋەقە تىنچىتىلدى. شۇ يىلى ج خ تارماقلىرىنىڭ
تىرىشچانلىقى ئاستىدا، چېگرا سىرتىدىكى مۇھەممەت ئىمىن،

ئەيسالارنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى «ئەنجۇمەن»، «يۇرتداشلار
جەمئىيىتى» دېگەن تەشكىلاتلارغا قاتناشقان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار
ۋە چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن
مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللان-
غان بىر تۈركۈم ئىشپىيونلىرى ۋە ئاخباراتچىلىرى تەكشۈرۈپ
ئېنىقلاندى. 1981 - يىلى خوتەندە «مۇقەددەس شەھەر مەدىنىدىن
كەلگەن ھەدىس» دېگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدى-
غان ئەكسىيەتچىل قوللانما ۋە ئۈنئالغۇ لىنتىسى، شۇنىڭدەك
خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردە ئاشكارا سېتىلغان
شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەكسىيەت-
چىل ژۇرنال ۋە كىتابلار پاش قىلىندى. 1985 - يىلى 12 -
ئايدا ناھىيە بازىرى، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورگىنى
قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇلارغا قارشى
تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان، غازات تەرغىب قىلىنى-
دىغان، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشۋىق قىلىدىغان
چوڭ خەتلىك ئەكسىيەتچىل گېزىت تېپىلدى، دۈشمەن كۈچلىرى-
نىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتلىرى يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھا-
لەتكە ئۆتكەنىدى.

1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن
سائەت بەشتە، چىرا ناھىيىسىدە 200 نەچچە كىشىلىك كوللېك-
تىپ غوۋغا كۆتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. غوۋغا كۆتۈرۈشنى
قۇتراتقان بەزى ئادەملەر خەنزۇلارنى كۆرسىلا ئۇردى، يەنە ئاممى-
نى قۇترىتىپ: «بىز خىتايلارنى تازىلىشىمىز كېرەك» دەپ
چۇقان سالدى. 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن
كېيىن، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن 200 گە يېقىن
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ
سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 1985 -
يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە

بولغان ئارىلىقتا، قاراقاشتا خەنزۇ ئاممىسىنى نىشان قىلغان ئوت قويۇش، ئادەم ئۇرۇش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا «كاپىرلار ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسۇن» دەپ جار سالدى. 15 - كۈنى ئۈچ نەپەر ياش ئاخۇن 81 نەپەر ئوقۇغۇچىنى بىر جايغا يىغىپ تەبلىغ ئېلىپ باردى ھەمدە «پادىشاھ ئادىل بولمىسا ئىسيان كۆتۈرۈش ھەق» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدى. يۇقىرىقى ۋەقەلەر خوتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزدى.

## 4. XX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشلەر

1990 - يىلدىن باشلاپ، خوتەن ۋىلايىتىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ۋاستىلىرى تېخىمۇ قەبىھلەشتى، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، تىغ ئۇچىنى بىگۇناھ كادىرلار ۋە ئاممىغا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. 1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر قاراقاش ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى يېتەكچى پونكىتىغا ئوت قويۇۋەتتى.

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ ئىلھام ئېلىپ، قۇتراپ كەتتى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرى ياسىغان پارتلاتقۇچ ئۇسكۇنىلىرىنى گۇمىا كۆكتېرەك يېزىسىدىكى دېھقان - ئىشچىلار تورۇشلۇق جايغا قويۇپ، تۆت نەپەر خەنزۇ دېھقان - ئىشچىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

خوتەن پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇزاق

مۇددەت قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ ئەھۋال خوتەندە بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى
ۋە مۇشكۇللىكىنى بەلگىلىگەن. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا
قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر چېگرا سىرتىدا ئەكسىيەت-
چىل ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلدى، بەزىلەر ئۇلار تەرىپىدىن تارتىپ
كېتىلدى. ھەجگە چىققانلاردىن ئايرىملىرى چېگرا سىرتىدىكى
بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىغا قاتناشتى. بۇ كىشىلەر ۋەتەنگە قايتىپ
كەلگەندە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەكسىيەت-
چىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھەممىلا يەردە تار-
قاتتى. 1991 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە، ئالىم باشچىلىقىدى-
كى تېررورچى زوراۋانلار گۇرۇھى مەقسەتلىك ھالدا بىر قاتار
بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق ۋە خەنزۇلارنى نىشان قىلغان ئادەم ئۆل-
تۈرۈش، پارتلىتىش قاتارلىق تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلەر
بىلەن شۇغۇللاندى. 1994 - يىلى باش جىنايەتچى ئالىم قانۇن
بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر-
نىڭ تايانچىلىرى، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى يەنە
×× ئادەمنى قۇترىتىپ ۋە قورقىتىپ، «11 - ئاۋغۇست»
جەسەت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، پارتى-
يە ۋە ھۆكۈمەت ئالدىدا كۈچ كۆرسىتىپ، «بىر ئالىم يىقىلغىنى
بىلەن، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئالىم ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ»
دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى توۋلىدى. 1993 - يىلى پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن «تەڭرىتاغ بۇرغىلى-
رى»، «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»، «شەرقىي تۈركىستان دې-
موكراتىك ئىسلام پارتىيىسى» قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك
تەشكىلاتلىرى پاش قىلىندى.

1995 - يىلى خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە
دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى چۆ-
چۈتكەن «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. 7-ئاينىڭ 7-

كۈنى چۈشتە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكى
تايانچىلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئالدى-
شى ۋە قۇترىتىشى ئارقىسىدا، خوتەن شەھىرىنىڭ سىدەتۇۋۇى
مەسچىتىدىن بىر قانچە يۈز دىنىي مۇخلىس ۋە ئاممىا ئىلگىرى -
ئاخىر بولۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى ئىدارىسىغا بېسىپ كىردى، ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەك-
سىيەتچىل شوئار توۋلىسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋىلايەتلىك پارت-
كوم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىچىدە غالجىرلارچە
ئۇرۇش، چېقىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ 2 - قەۋىتىگە بېسىپ چىقتى. پۈت-
كۈل ۋەقە 80 مىنۇت داۋاملاشتى، قوراللىق ساقچى قىسىم،
جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى قايتۇرما زەربە بې-
رىشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇ قالايمىقانچىلىقنى تېزلىكتە تىنچىت-
تى. زوراۋانلار جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق قىسىم، ئور-
گان كادىرلىرى بولۇپ 66 كىشىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. بۇلار-
دىن بەش كىشى ئېغىر يارىلاندى؛ ئورگان بىناسىنىڭ ئىشىك،
دېرىزە ئەينەكلىرىدىن 256 سى چېقىپ تاشلاندى. ئاليۇمىن
ئىشىكتىن تۆتى، ۋېلىسىپىتتىن 22 ى، ساقچى ئاپتوموبىلىدىن
بىرسى چېقىپ تاشلاندى. بۇ پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ
بېرىلغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچى-
لىك سېلىش ۋەقەسى، شۇنداقلا 1954 - يىلى خوتەندە يۈز
بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسىدىن كېيىنكى تىغ ئۇ-
چىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا
ئاشكارا قاراتقان، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقان ئەڭ ئېغىر زوراۋان-
لىق ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ.

«7 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىن، گۇما كۆكتېرەك يېزى-
سىدىكى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئاشكارا ھالدا «قۇرئان كەرىم
ئاساسىي قانۇن بولۇشى، مەكتەپلەردە دىنىي دەرس تەسىس قىلى-

ـنشى كېرەك» دەپ جار سېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە پارتلىتىش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇردى. يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردە رامىزان ئايلىرىدىكى ئېپتار قىلىش، زولۇق يېيىش، ۋەز ئېيتىش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەننى پارچىلاش مەق-سەت قىلىنغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتتى.

1995 - يىلى، يەنە گۇما، قاراقاش، خوتەن، چىرا، كېرىـ-يە قاتارلىق ناھىيىلەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئېچىش» ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىق ئەكسىيەتـ-چى تەشكىلات «قاراقاش مەخپىي يىغىنى» پاش قىلىندى. پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك تېررورچى ئەكسىيەتچى تەشكىلات «ئىسلام ئاللا پارتىيىسى» 1996 - يىلى خوتەندە ھەرىكەت قىـ-لىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، تەشكىلاتىنى را-ۋاجلاندۇردى ھەمدە 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىپ، تېررورلۇق ھەرىكىتىنى پىلانلىدى.

90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، خوتەنگە قارىتىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلە-رىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئۇلار «پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركـ-ىزم» دىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە تارىخ، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشكە باش-لىدى، ئاتالمىش ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئار-قىلىق بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تارقاتتى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار رادىئو، تېلېۋىزور، ئىنتېر-نېت تورى قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىردى. خوتەندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھېچبىر تەپ تارتماستىن «كوسو-ۋونىڭ بۈگۈنى — خوتەننىڭ ئەتىسى» دەپ جار سالدى، بۇ

ئەھۋال بەزى كىشىلەردە، ھەتتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كادىرلاردا تار مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى كەيپىياتلىرىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. ئاز ساندىكى جىنىدىن تويغان زوراۋانلار چېگرا سىرتىدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشغۇلىرىگە قاتنىشىپ، خوتەننىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى ۋە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

1997 ـ يىلى، مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، خوتەن ۋىلايىتى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى قىلىنىپ، ئۇنىڭدا كەڭ تۈردە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، كېرىيە قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەر دەسلەپكى تۈركۈمدە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش قانات يايدۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) قىلىپ بېكىتىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، (شەھەر) لەردىن ئاجرىتىلغان 250، نەپەر كادىر ئاپتونوم رايوندىن ئاجرىتىلغان 1819 نەپەر كادىر بىلەن بىللە 322 خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، نۇقتىلىق يېزا، كەنت ۋە كوچا (باشقارما) لىرىغا ئورۇنلىشىپ، يېرىم يىللىق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ باسقۇچلۇق غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خوتەندە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي بولدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى يەنىلا باش كۆتۈرۈپ قالدى. 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، خوتەندىلا مىللىي بۆلگۈنچى زوراۋانلار گۇرۇھى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك زوراۋانلىق، قاتىللىق دېلوسىدىن يەتتىنى پەيدا قىلىپ، يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، ئۈچ

ئادەمنى ئېغىر يارىلاندۇرۇش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، خوتەن شەھىرىدە ئاكوپ كولىغان بۆلگۈنچىلىك تېررورلۇق گۇرۇھى — «ئاللا پارتىيىسى» نىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى پاش قىلىندى؛ 1998 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە قورال، ئوق ـ دورا ياساپ، يوشۇرۇ- نۇپ توپىلاپ كۆتۈرمەكچى بولغان تېررورچىلارنىڭ ئۇۋىسى ۋە «غازات» نى تەشۋىق قىلىپ، تەبلىغ ئېيتىپ، قورال ـ ياراغ مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەر ئاستى ئۇۋىلار پاش قىلى- نىپ، جىنايەتچىلەردىن ×× ئادەم قولغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەكسىيەتچىلەر ج خ كادىر ـ ساقچىلىرىغا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا كۆپ قېتىم ئەكسىيەتچىل نامسىز خەت يېزىپ، تەھدىت سالدى، ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى چاپلىدى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈل- گەن بەزى جىنايەتچىلەر ھەممە يەردە قاتراپ يۈرۈپ، ئالاقە باغلاپ، يېڭى سۇيىقەست پىلانلىدى؛ بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ خاتىپ، ئىماملىرى دىنىي پائالىيەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ «غازات قىلىش» قا قۇتراتتى. ئەكسىيەتچىل كىتاب ـ ژۇرنال- لار، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى يامراپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ھەر يىلى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى داۋاملىق تۈردە ياخشى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، 1997 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە، خوتەن ۋىلايىتىدە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئۈدا تۆت يىل ئۈزۈلدۈرۈلمەي ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، 1998 ـ يىلىدىن بۇيان بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇز- غۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا غالجىرلىشىپ كەتتى.
1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى لوپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان كۆۋرۈكتە تېررور- چىلار گۇرۇھىنىڭ ئاپتوموبىلىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ، دورا قا-

چىلانمىغان قول بومبىسىدىن 506 نى قولغا چۈشۈردى، تېرور-
چىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە يەنە دورا قاچىلانمىغان ئالىيو-
مىن قول بومبىسىدىن 480 نى قولغا چۈشۈردى. 1998 - يىلى
7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، قاراقاش ناھىيىسىدە تېرروررچىلار ئۆزى
ياسىغان قول بومبىدىن 268 ى قولغا چۈشتى. 1999 - يىلى
7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خوتەن ناھىيىسىنىڭ
يېڭىئاۋات يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىلىرى مۇشۇ يېزىنىڭ
ئوتانلىق كەنتىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر
ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى
ۋە باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن، بۇ كەنتتىكى ئاما ج خ
كادىر - ساقچىلىرىنى قورشىۋېلىپ ۋە توسىۋېلىپ، جامائەت
خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان «7 - ئىيۇل»
ۋەقەسىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى — دىنىي ئەسەبىي
كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى.
1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، زوراۋان تېرروررچى
گۇرۇھنىڭ كاتتىۋېشى كۇرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يەنە «زوراۋان تېرروررچى جىنا-
يەتچىلەر گۇرۇھى ئەزالىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشنامە» تار-
قاتتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، سىياسىي قانۇن كومىتېتى «كۇرەش-
نىڭ جىنايەتلىرى» نى رەتلەپ، تەستىقلاپ تارقىتىپ، كەڭ كا-
دىرلار ۋە ئاممىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيۋى
تونۇشى ۋە سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، كۇرەش گۇرۇھىنىڭ
جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىش پائالىيىتىنى قانات
يايدۇردى. كۈچلۈك ھۇجۇم ئاستىدا، گۇرۇھ ئەزالىرىدىن ××
نەپەر «ئۈچ خىل ئۇنسۇر» ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، 12 - ئاينىڭ
ئاخىرىغا قەدەر، كۇرەش گۇرۇھىنىڭ سىرتقا قېچىپ كەتكەن
ئايرىم ئەزالىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى تامامەن قولغا
چۈشتى. بۇ قېتىملىق كۇرەشنىڭ غەلىبىسى مىللىي بۆلگۈنچى-

لەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى، خوتەننىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتى ياخشىلاندى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ يەنە بىر قېتىم-لىق ئاساسلىق پەللىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، «خوتەن ۋىلايىتىدىكى مىللىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە ۋاقىتلىق بەلگى-لىمىسى» ۋە «خوتەن ۋىلايىتىدىكى مىللىي رەھبىرىي كادىرلار-نىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» دېگەن ئىككى تۈرلۈك بەلگىلىمى-سىنى تۈزۈپ چىقتى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە بويىچە، ئالدى بىلەن 742 نەپەر مىللىي رەھبىرىي كادىر-نىڭ 385 نەپىرى نۇقتىلىق مەسچىت بىلەن ئالاقە باغلايدىغانلىقى قارار قىلىنىپ، نۇقتىلىق مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش خىز-مىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن مۇنداق دېدى: خوتەندە مۇقىمسىزلىقنىڭ ئامىللىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىمىز دەيدىكەنمىز، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر كاتتىۋاشلىرىغا زەربە بېرى-شىمىز كېرەك، مانا بۇ، مەسىلىنىڭ تۈگىنىنى تۇتقانلىق، كې-سەلگە قاراپ دورا بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭ-تاۋلار باشقا ئۈچ نەپەر دائىمىي ھەيئەت بىلەن مەخسۇس خوتەنگە كېلىپ، خوتەندىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، خوتەندە مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، «ئۈچتە بىرگە

بولۇش» ، «خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش» قۇرۇلۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 60 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىر خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ نۇقتىلىق كەنتلەرگە بېرىپ، ئامما بىلەن «تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا ۋە ئەمگەكتە بىرگە بولۇپ» ، ئاممىنى چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرىغا، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە، بولۇپمۇ كۈرەش گۇرۇھىنىڭ قالدۇقلىرىغا قارشى «قاتتىق زەربە بېرىش» سالمىقىنى ئاشۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ياش ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى روشەن ھالدا كۈچەيتتى. ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى بۇ خىل جىددىي سىياسىي كۈرەش ۋەزىيىتىگە قارىتا، 1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ۋىلايەت بويىچە پۈتۈن مەكتەپلەردە ئېنىقلاش - تەرتىپكە سېلىشنى ئېلىپ بېرىشنى، ئىشنى مەكتەپنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇشتىن باشلاپ، دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان تەسىرىنى تازىلاپ، دىن ۋە ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەكتەپلەرنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ساقلاش، ياش ۋە ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ماركسىزملىق مىللەت قارشى، دىن قارشى، مەدەنىيەت قارشى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

مەكتەپلەرنى تازىلاش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى بىر

يىلدىن كۆپرەك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىنكى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى؛ بىرىنچى، مەكتەپلەرگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان «ئۈچ خىل ئادەم»لەر قاتتىق دەككىسىنى يەپ، مائارىپ قوشۇنىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىلدى؛ ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ۋە مەكتەپ رەھبەرلىك ئاپپاراتى كۈچەيتىلىپ، مائارىپ قوشۇنىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان تەسىرى ۋە سىڭىپ كىرىشى قاتتىق چەكلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى ياخشىلاندى ۋە نورماللاشتۇرۇلدى، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە ھەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بىزدىن ئىزباسار تالىشىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتورى: جاۋ ۋېندىڭ

# سەككىزىنچى باب

# خوتەننىڭ تىل - يېزىق تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم خوتەننىڭ قەدىمكى زامان-دىكى تىل - يېزىقلىرى

### 1. ئومۇمىي بايان

خوتەن رايونى شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى رايون. تارىخىي
ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا قە-
دىمكى دەۋرلەردە، ئاجايىپ تۈسكە تولغان بۇ تۇپراقتا ياشىغان
مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئاساسلىقى ساكلار، چاڭلار، خەنزۇلار،
سوغدىلار، هۇنلار، توخرىلار، تۇيغۇنلار، ئاۋارلار، ئىفتالىتلار،
تۈركلەر، تۇبۇتلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، مانجۇلار قاتارلىقلا-
ردىن ئىبارەت. ئۇلار قوللانغان تىللار ئاساسەن: خوتەن ساك
تىلى، خەنزۇ تىلى، سوغدى تىلى، تۈرك - ئۇيغۇر تىلى،
قەدىمكى زاڭزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى قاتارلىقلار؛
ئۇلار قوللانغان يېزىقلار ئاساسەن: براخمان يېزىقى، قارۇشتى
يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، تۈرك
يېزىقى، تۇبۇت يېزىقى، قەدىمكى زاڭزۇ يېزىقى، ئۇيغۇر يېزى-
قى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئۇيغۇرچە قەدىمكى موڭ-
غۇل يېزىقى، مانجۇ يېزىقى قاتارلىقلار.

تۆۋەندە خوتەن رايونىدا قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر-
لەردە ياشىغان ئاساسلىق مىللەت (قەبىلە) ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن

تىل ـ يېزىقلارنى تونۇشتۇرىمىز.

1) ساكلار

ساكلار غەربنىڭ قەدىمكى زامان كلاسسىك يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېفتالىتلار (سكىفىيىلىكلەر) دەپ ئاتالغان. ھىندى، پىرسىيە تارىخىي مەنبەلىرىدە سايماتىيانس (saimatians)، سانكاس (sankas) دەپ ھەر خىل ئاتالغان.

ساكلار ئات مىنىشكە ماھىر، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، كەڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان خەلق ئىدى. تارىختا، ئۇلار ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ كەڭ يايلاقلىرىغا تارقالغان، شىنجاڭ ۋە خېشى كارىدورىدىمۇ قەبىلىلىرى بار ئىدى. شىنجاڭدىكى ساكلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى دەريا ۋادىلىرى ياكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن پامىر تېغى رايونلىرىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. بەزى ئالىملار، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ساكلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XX ئەسىرلەردە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، دەيدۇ. گېرمانىيە ئالىملىرى، ساكلار كەم دېگەندىمۇ مىلادىيە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن بوستانلىقىغا ماكانلىشىپ بولغان، مىلادىيە V ئەسىرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پىشامشانغا كېڭەيگەن دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئومۇمەن شۇنداق قارايدۇكى، ساكلارنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىل گۇرۇپپىسى (بىر قانچە تىل شېۋىسى) غا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى تاجىكلار ئىشلىتىۋاتقان «سىگنان» (shignan) تىلى، بولۇپمۇ ۋاخان (wahan) تىلى بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار.

«قەدىمكى ساكلار شېۋىسى خوتەن ۋە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى تۇمشۇق قاتارلىق جايلاردا ھازىرغىچە ساقلانغان»① كىشىلەر خوتەن قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ئاسار ئەتىقىلەر ۋە خوتەن ساك تىلىغا ئائىت ھۆججەتلەرگە قاراپ، مىلادىيە XI ئەسىردە خوتەندە ساك تىلى ئۆلگەن دەپ ھېسابلىماقتا.

خوتەن — ساك تىلى ھەققىدىكى «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: مىلادىيە باشلانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئەسىردىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھار رايونىدا قوللىنىلغان تىل خوتەن رايونىدىكى بۇددىزم دىنىدا ئىشلىتىلگەن مۇھىم تىل ئىدى. مىلادىيە 330 ـ يىلىدىن كېيىن، ساك تىلى (خوتەن ساك تىلى ياكى خوتەن تىلى) يېزىق تىلىغا ئايلانغانىدى. بۇ خىل تىلنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق ھىندىستاننىڭ بىراخمان يېزىقى ئىدى.»② «سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قامۇسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئالمائاتادىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئەسكى ساكلار قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساكلار سەرۋازلىرىنىڭ جەسەتلىرى، 26 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان ئىككى قۇر خەت بار. بۇ يېزىقلار «ئەسكى يېزىقى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بايقىلىپ باقمىغان ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان، ھازىر ئەسكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان يېزىقلارنىڭ سىرى تېخى يېشىلمىدى.

2) چاڭلار

چاڭلار «چاڭرۇڭلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ جۇڭگودىكى قەدىمىي مىللەت نامى بولۇپ، يىن، شياڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ بەت.

② J. H كىلىن كېت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى نەشرى، 46 ـ بەت.

تاكى هازىرقى زامانغا قەدەر جۇڭگونىڭ غەربىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن مىللەتنىڭ نامى.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي چاڭلار تەزكىرىسى» دە: «چاڭلار ئۈچ ئايماققا بۆلۈنەتتى»، شۇن ھەزرەتلىرى ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىۋەتكەن دېيىلگەن. بۇ رىۋايەت بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇكى، ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ. چاڭلارنىڭ ئىسمى ئەڭ دەسلەپ يىن، شياڭ سۇلالىرى دەۋرلىرىدىكى چىغناق - تاغاق يېزىقىدىكى نەزمىلەردە كۆرۈلگەن. «شاڭ، جۇ سۇلالىرى دەۋرلىرىدە چاڭلار ئاللىقاچان بۈگۈنكى چىڭخەي، گەنسۇ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە سىچۇەننىڭ غەربىي رايونلىرىغا، بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ماكانلاشقان»①.

تارىخىي خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، يېغىلىق دەۋرىدە چاڭلار ئاساسلىقى خې - خۇاڭ رايونى، يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە خۇاڭشۈي دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدا (ئاساسلىقى بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسى ئىچىدە) ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. چىن سۇلالىسى فېڭگۇڭ دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384—362 - يىللىرىدا) چىن سۇلالىسىنىڭ كۈچى تېزلىك بىلەن زورايغان، ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچى ۋېيشۇينىڭ باش تەرىپىگىچە يېتىپ كەلگەن. چاڭلار ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئەيجيەن (چاڭلارنىڭ تۇنجى ئاقساقىلى) نىڭ نەۋرىسى يىن بيەن قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە قاراپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا كۆچۈپ، قالغان چاڭلار بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىنى ئۈزگەن. بۇ چاڭلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق غەربكە كۆچۈشى بولۇپ، بۈگۈنكى سىچۈەن ۋە گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان، يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى

① «مىللەتلەر لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 570 - بەت.

يىللىرى ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىر ) دا چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى تارىم ئويمانلىقىغا ماكانلاشقان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى، چاڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە ئورۇنلىشىپ بولغانىكەن. شەرقىي خەن دەۋرىدە، كۆپلىگەن چاڭلار قەبىلىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگىرىدىكى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئارقىمۇ ئارقا غەربىي رايونغا كۆچكەن. چاقىلىق رايونىغا ئورۇنلاشقان چاڭلار شىنجاڭغا كىرگەن چاڭلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، شەرقتە لوپنۇر، غەربتە خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلغان.

چاڭلارنىڭ تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ ـ بىرما تىل گۇرۇپپىسى، چاڭلار تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. بەزىلەر چاڭلارنىڭ تىلى زاڭزۇ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى چاڭزۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولسىمۇ، يېزىقى يوق، ئۇزۇندىن خەنزۇ تىلىنى قوللانغان. ۋەھالەنكى، تاڭغىتلارنىڭ يېزىقى ـ جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە تاڭغىت ـ چاڭزۇلار ئىشلەتكەن يېزىقتۇر[1]. »

3) خەنزۇلار

خەنزۇلارنىڭ قەدىمدە «خۇاشيا»، «جۇڭخۇا»، «شيا»، «شيالار قەبىلىسى»، «خۇا»، «چىنلىقلار»، «خەنزۇلار»، «تاڭ سۇلالىسىلىقلار» قاتارلىق تارىخىي نامى بار ئىدى. خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى ئەسلىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدىن ئىلگىرىكى خۇاشيا بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن خەنزۇ دەپ ئاتالغان. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، چىن، خەن سۇلالىرى دەۋرىدە دۆلەت بىرلىككە كەلگەن شارائىتتا خەنزۇلار

---

[1] «جۇڭگو قامۇسى. تىل ـ يېزىق»، خەنزۇچە نەشرى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىلى نەشرى، 415 ـ بەت.

بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. خەنزۇلارنىڭ مىللەت نامى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو دۆلىتى-نىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىدا تۇرغۇزۇلغان.

خەنزۇلار قەدىمكى شىنجاڭ ۋە قەدىمكى ئۇدۇنغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI — VII ئەسىرلەردە نۇرغۇنلىغان خۋاشيا مىللىتى سودىگەرلىرى شىنجاڭ-دا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «جاڭ چيەن يول ئاچقان»، «شەرقىي خەن سۇلالىسىدا بەن چاۋ پەرمان بويىچە غەربىي يۇرتقا بارغان» دىن كېيىن، يىپەك يولى ئېچىلىپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن خەنزۇلار شىنجاڭغا، شۇنداقلا خوتەن بوستان-لىقىغا كەلگەن.

خەنزۇ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى خەنزۇ تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ مول تىللارنىڭ بىرى. خەنزۇ تىلىنىڭ دىئالېكتىلىرى كۆپ، ئاساسلىق دىئالېكتى شىمال دىئالېكتى-دۇر، يەنە جەنۇبىي جياڭسۇ - شىمالىي جېجياڭ دىئالېكتى، خۇنەن دىئالېكتى، جياڭشى دىئالېكتى، كېجيا دىئالېكتى، فۇجيەن دىئالېكتى، گۇاڭدۇڭ دىئالېكتى بار.

خەنزۇ يېزىقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن، ئىشلىتىلىۋاتقان تۆت چاسا شەكىللىك يېزىقنىڭ مەنبەسى تەسۋى-رىي يېزىق بولۇپ، ئۇ يىن، شياڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى چىغىناق - تاغاق يېزىقى ۋە شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدى-كى مېتال پۇتۇكتىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن. خەنزۇ يېزىقى يەنە دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

4) سوغدىلار

سوغدى «سوغدىيانا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سوغدىلار قەدىمكى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى-يانا، يەنى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبى ۋە تاجىكىستاننىڭ

شىمالى (بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى بويلىرى) غا جايلاشقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە سوغدىيانا دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭ پايتەختى ئافراسىياب (بۈگۈنكى سەمەرقەنت) ئىدى. بۇ دۆلەتكە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توخرىلار، تۇخارلار، كۇشانلىقلار، ساسانىيە خانلىقى، ئىفتالىتلار، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چىڭگىزخان مىلادىيە 1220 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا جازا يۈرۈشى قىلىپ سوغدىيانا دۆلىتىنى ھالاك قىلغان.

سوغدىلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىـران تىل گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا كىرىدۇ، سوغدىلار ئاساسەن ئەينى چاغدىكى جۇڭگونىڭ غەربى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان. بەزىلەر، ھازىرقى ئىران تىلى بىلەن سوغ-دى تىلىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان تىل ياغنوب تىلىدۇر، مۇشۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار 2000 چە ئادەم بولۇپ، ئۇلار ياگ-نوب دەرياسى ۋە ۋارزوب دەرياسى بويلىرىدىكى جايلار (بۈگۈنكى دۇشەنبىنىڭ شىمالى) دا ياشايدۇ، ئۇلار سوغدىلارنىڭ ئەۋلادلى-رى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. سوغدى تىلىنىڭ ئىران تىلى (پارس تىلى) ۋە قەدىمكى خوتەن تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار.

سوغدى تىلى سوغدى ھەرپى، مانى ھەرپى، سۈرىيە ھەرپى-نىڭ «ئېستىر ئانگېسو يېزىقى» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھەرپىدە يېزىلاتتى. ئەينى چاغلاردا سوغدى تىلى ۋە سوغدى يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا خېلىلا ئومۇملاشقان.

### 5) ھۇنلار

ھۇن قەدىمكى مىللەت نامى، ئۇلار غۇز ( 胡 ) دەپمۇ ئاتالغان.

ھۇنلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبى، خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى

خېتاۋ رايونى، يىنشەن تېغى (بوگوئوكى ئىچكى موڭغۇلدىكى لاڭ-شەن، داچىڭشەن تاغلىرى) رايونلىرىدا پەيدا بولغان ۋە گۈللەن-گەن، ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى تۇمەن شەھىرى (بوگوئوكى ۋۇيۇەن ناھىيىسى ئەتراپلىرى) ئىدى①.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى نەچچە يۈز يىل داۋامىدا، هۇنلار شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 170 - يىللار ئەتراپىدا، هۇنلارنىڭ كۆچى دەسلەپتە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى ۋە تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ بارغان.

تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، هۇنلارنىڭ يېزىقى يوق ئىدى. لېكىن، «شىمال تارىخى»، «ۋېينامە» دىكى «قاڭقىللار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالى-سى دەۋرىدە ياشىغان تۈركىي تىللىق تېلېلارنىڭ تىلى هۇنلار تىلىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي هۆججەت-لەرگە كىرگۈزۈلگەن بەزى هۇن سۆزلۈكلىرى تەتقىقاتىغا قارىغان-دا، هۇن تىلى تۈرك تىلىغا تېخىمۇ يېقىن تىل. هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلىرى ئىشلەتكەن تىل بىر خىل تۈرك تىلى دەپ تونۇش كېرەك ئىكەن.

هۇنلارنىڭ يېزىقى بولمىسىمۇ، لېكىن تىلىنىڭ لۇغەت تەر-كىبى مول ئىدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، نۇرغۇن هۇن سۆزلۈكلىرى ئىككى خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە خەنزۇ تىلى تاۋۇشى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغان. 1957 - يىلى ئىكىجاۋ ئايىمىقىدىن خەنزۇچە - هۇنچە - سوغدىچە بىر تال مىس تامغا تېپىلدى. بۇلار هۇنلارنىڭمۇ خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.»②

---

① «جوڭگونىڭ قەدىمكى زامان شىمال مىللەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىلى نەشرى، 4 - بەت.

② «جوڭگونىڭ قەدىمكى زامان شىمال مىللەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىلى نەشرى.

6) تۇخارلار

تۇخارلار، يەنى باكتېرىيە ياكى تۇخارىستان غەربىي رايوندىكى قەدىمكى دۆلەت. «سۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە «تاڭنامە» دە بۇ ھەققتە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايون خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا «توخولو» دەپ قەيت قىلىنغان. تۇخارلارنىڭ زېمىنى ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنى (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالى) ئارىلىقىدا ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن II ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، ئۇلارنىڭ دۆلىتى تازا كۈچىيىپ، تېررىتورىيىسى شىمالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھىندى دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا كېڭەيگەن. مىلادىيە II ئەسىردىن باشلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ توخرىلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەرگە بويسۇنغان. VIII ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان①.

تۇخارلار شەرقىي ئىرانلىقلارغا مەنسۇپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا بىر مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ تۇرغان.

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە ئالاقىدار بۇيۇملار تەتقىقاتىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بىردەك مۇنداق قاراشقا كەلدى: يىراق قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى «شەھەر بەگلىكلىرى» نىڭ ئاھالىسى ئاساسەن ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان تۇخارلار ۋە ساكلار ئىدى. ئۇلار قوللانغان يېزىق ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەن بىراخمان يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يانتۇ يېزىق نۇسخىسى ئىدى. سۇلى، يەكەنلەرنىڭ يېزىقى بىراخمان يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈز نۇسخىسى ئىدى.

---

① «قامۇس»، تارىخ قىسمى («دۇنيا تارىخى، ئارخېئولوگىيە) خەنزۇچە نەشرى، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتىنىڭ 1978 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

مىلادىيە II — IV ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە، نىيا، ئۇدۇندىن
لوپنۇر (چەرچەن، چاقىلىق) غىچە بولغان جايلاردا ئاساسەن قە-
دىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى دىئالېكتى قوللىنىلغان،
ئۇ ئادەتتە نىيا ئاددىي تىلى ياكى پىشامشان ئاددىي تىلى دەپ
ئاتىلىدۇ، بۇ تىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىلى
گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ جاي-
لاردا قوللىنىلغان يېزىق ئاساسلىقى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ شى-
مالىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن قارۇشتى يېزىقى بولۇپ، كېيىن
بىراخمان يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

شۆەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرى-
سى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: قۇستانا دۆلىتى
(بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتى) نىڭ «يېزىقى بار ئىكەن، ئۇ ھىندى
يېزىقىنى ئاساس قىلغان، شەكلى ئاز - تولا ئۆزگەرتىلگەن يېزىق
بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، تىلى باشقا
دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن».

### 7) تۇيغۇنلار

تۇيغۇنلار جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمىي
مىللەت نامىدۇر. تۇيغۇن ئەسلىي ئادەم ئىسمى بولۇپ، لياۋدۇڭ-
دىكى سيانپىي مۇرۇڭ تەڭرىقۇت جەمەتىدىن بولغان شىگۇينىڭ
چوڭ ئوغلىنىڭ تۇغقاندارچىلىقى بار چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى.
شىگۇيگە 700 ئائىلە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇيغۇن
ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەرب تەرەپتىكى لۇڭشەن تېغىغا كۆچۈپ
باۋخەن (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا دېگەن يېرىدىكى
فۇخەنشەن تېغى، يەنى دالىجياشەن تېغى) دېگەن جايدا توختاپ،
ئۇ يەرنى بازا قىلىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشىغان، چاڭلارغا تاجاۋۇز
قىلىپ كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغان. تۇيغۇننىڭ نەۋرىسى يېيەن
تەختكە چىققاندىن كېيىن، شاجۇ ئايمىقى (بۈگۈنكى چىڭخەي

ئۆلكىسىنىڭ گوينەن ناھىيىسىدىكى مۇكېتەن دېگەن جاي) دا مۇكىچۇەن باش مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئەمىرلەشكەر، دورغابېگى تەسىس قىلغان ھەمدە ئۆز مىللىتىگە بوۋىسىنىڭ تۇيغۇن دېگەن ئىسمىنى قويغان.

ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېن جۇنىنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 445 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن ئامونوشاد غەربكە — ئۇدۇنغا بېرىپ ئۇدۇن پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. تۇيغۇنلار پادىشاھىنىڭ كىيىملىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئازراق ئوخشايتتى، خەنزۇچە يېزىق قوللىناتتى. ئاساسەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، يىراقتا چاڭجياڭ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىغا، غەربتە پارس قولتۇقىغا قەدەر قاتناپ تۇراتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى تەتقىقاتچىلار چىڭخەيدىكى تۇزۇلار تۇيغۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قاراش پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ - يوق؟ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

8) جورجانلار

جورجانلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەت بولۇپ، شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇلار سىيانپىيلار بىلەن قانداش. ئەمما، «ھۇن ئەۋلادى»، «ھۇنلارنىڭ يەنە بىر تۈرى»، «چېگرا سىرتىدىكى ئارىلاش غۇزلار» دەپ يېزىلغان بەزى خاتىرىلەرمۇ بار. «جورجان» دېگەن ئىسىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشىدۇر (IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا). ئوخشاش بولمىغان تارىخىي كىتابلاردا ئۇلار ھەر خىل يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپلىگەن ئالىم-

لار ۋېزانتىيە تارىخىدىكى ئاۋارلار تۈركلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچۈپ كەلگەن جورجانلار دەپمۇ ئەينەنلەشتۈردى.

جورجانلار موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان، ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ مانجۇ - توڭگۇس تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە تىلدا سۆزلىشىدىغان، يېزىقى يوق مىللەتتۇر.

9) ئىفتالىتلار

«ئىفتالىت» سۆزى «ۋېينامە» دە دەسلەپ تىلغا ئېلىنغان، بەزى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «滑» (خۇا) دەپ ئاتالغان. ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىدە، ئۇلار ئاق ھۇنلار دەپ ئاتالغان.

مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى، ئىفتالىتلار تۈركلەر تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتكەن.

ئىفتالىتلارنىڭ ئۆز تىلى بولۇپ، ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا تەۋە.

10) تۈركلەر

تۈرك قەدىمىي مىللەتنىڭ نامى ھەم خانلىقنىڭ نامى.

تۈركلەر ئەسلىدە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان چارۋىچى مىللەت بولۇپ، جورجانلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان. ئاشىنا جەمەتىنىڭ مەشھۇر ئاقساقىلى تۈمەن شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، تۈركلەرگە زۇلۇم سالغان جورجانلارغا قارشى تۇغ كۆتۈرۈپ چىققان.

سۇي سۇلالىسى كەيخۇاڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 583 - يىلى) تۈرك خانلىقى رەسمىي ھالدا شەرقىي (شىمالىي) تۈرك خانلىقى، غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي تۈرك خانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالى، ئوتتۇرا

ئاسىيا، پامىر رايونلىرىنى ئىگىلەپ تۇردى. مىلادىيە 744 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى كۆل بىلگە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ تۈرك خانلىقىنى ھالاك قىلدى.

تۈركلەر تۈرك تىلىدا سۆزلىشەتتى، تۈرك يېزىقىنى قوللىناتتى. تۈرك يېزىقى ئۇرخۇن - يېنسەي يېزىقى، رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۈركلەر سوغدى يېزىقىنى ھۆكۈمەت يېزىقى ئورنىدا ئىشلەتكەن.

11) تۇبۇتلەر

تۇبۇتلەر VII — IX ئەسىرلەردە چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان قەدىمكى زاڭزۇ ھاكىمىيىتىنىڭ نامى، شۇنداقلا زاڭزۇلارنىڭ قەدىمكى نامى.

تۇبۇتلەر زاڭزۇ تىلىدا سۆزلىشەتتى، زاڭزۇ يېزىقى (تۇبۇت يېزىقى) نى قوللىناتتى.

خوتەننىڭ شەرقىدىكى بەزى جايلاردا بىر خىل (بىرنەچچە خىل) زاڭزۇ تىلى (زاڭزۇ تىلىغا يېقىن كېلىدىغان بىر خىل تىل) داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ئار-خېئولوگىيە خىزمىتىدە، زاڭزۇ يېزىقىدىكى بىر مۇنچە ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى زاڭزۇ يېزىقىدا يېزىلغان: «ئۇدۇن ئەقىدە تارىخى» ، «ئۇدۇن بەگلىكى خاتىرىسى» («ئۇدۇن بەگلىكى خېيىمخەتىرى خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق كىتابلار مىلادىيە VIII — IX ئەسىرلەردە يېزىلغان.

12) ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ئۇرخۇن دەرياسى ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. مىلادىيە 744 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، شەرق، غەرب تۈرك خاندانلىقلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، ئۇرخۇن دەرياسى بويلىرىدىكى دۇرجىن تېغىدا ئوردا قۇرغان. ئۇلارغا تەۋە زېمىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە

داشىئەنلىڭدىن تارتىپ، غەربتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەنۇبتا خېتاۋ رايونى بىلەن چېگرىلىناتتى، شىمالدا بايقال كۆللىكىگىچە تۇتىشاتتى.

مىلادىيە 840 ـ يىلى، ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن هالاك قىلىندى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چېچىلىپ كەتتى. بىر تارمىقى ئۇدۇننىڭ شىنفۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ ماكانلاشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى، يېزىقى بار. ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقىنى قوللانغان.

### 13) موڭغۇللار

موڭغۇل مىللەت نامى. موڭغۇللار دەسلەپتە قەدىمكى ۋاڭجيەنخې دەرياسى (بۈگۈنكى ئېرگونا دەرياسى) بويىدا ياشىغان بىر قەبىلە، موڭغۇل دېگەن نام «كونا تەڭنامە» دە دەسلەپ تىلغا ئېلىنغان. كېيىن، تارىخىي كىتابلاردا «مېڭۋا» (蒙瓦)، مېڭگۇ (萌古)، «مېڭگۇ» (朦骨)، «ماڭگۇزى» (盲骨子)، مېڭگۇلى (蒙古里) قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل خانلىقى (1206 ـ يىل) نى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن مىللەتنى شەكىللەندۈردى. «موڭغۇل» ئەسلىدە قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن مىللەتنىڭ نامىغا ئۆزگەرگەن.

موڭغۇللارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى، يېزىقى بار. موڭغۇل تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. موڭغۇل يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

### 14) مانجۇلار

مانجۇ مىللەت نامى. مانجۇلار ئۇزۇن تارىختا ئىگە مىللەت.

شاڭ، جۇ سۇلالىرى دەۋرلىرىكى سۇشېن، خەن سۇلالىسى ۋە
ئىككى جىن دەۋرلىرىدىكى ئىفتالىتلار، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ۋۇ جى، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى مو-
خې، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ مىڭ سۇلالىسى
دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جۇرجىتلار مانجۇلارنىڭ ئەج-
دادلىرى ئىدى.

1588 ـ يىلى، جورجىتلارنىڭ كاتتىۋىشى نۇرخاج جورجىت
قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت
بىرلەشكەن سەككىز خوشۇنلۇق تۈزۈمنى ئورناتتى. 1616 ـ يىلى
«كېيىنكى جىن ھاكىمىيىتى» نى قۇردى. 1636 ـ يىلى
قونتاجى دۆلەت نامىنى «بۈيۈك چىڭ» دەپ ئۆزگەرتتى.
1644 ـ يىلى چىڭ ئارمىيىسى شەنخەيگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ،
مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلىپ
بېكىتتى.

مانجۇلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بار. مانجۇ تىلى ئالتاي تىلى
سىستېمىسىنىڭ مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.
موڭغۇل يېزىقىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

## 2. خوتەننىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش[1]

### 1) قارۇشتى يېزىقى

(1) قارۇشتى ۋە قارۇشتى يېزىقى

قارۇشتى سانسكرىت يېزىقىدىكى kharosthi نىڭ قىسقارتىپ
ئاتىلىشىدۇر. «ئىشەك كالپۇكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قارۇشتى يېزىقى بىر خىل يېزىق نۇسخىسىنىڭ نامى. ئادەت-
تە دېيىلىدىغان قارۇشتى يېزىقى بىر خىل يېزىق بەلگىسى،

[1] يېزىش، تىزىش ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەر خىل يېزىق ۋە ھەرپلەرگە خەلقئارالىق تاۋۇش بەلگىلىرى بېرىلدى — ئاپتوردىن.

توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، قارۋشتى يېزىقىنى «قارۋشتى ھەر-پى» دەپ ئېيتىش كېرەك. ئۇ قەدىمكى ھىندىستاندىكى مۇھىم يېزىقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇدۇن، پىشامشان قاتار-لىق بەگلىكلەردە قوللىنىلغان بىر خىل فونېتىكىلىق ئېلىپبە.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردە پرسىيىلىكلەر قەدىمكى ئەرەم يېزىقىنى ھىندى دەريا ۋادىسىغا تارقاتقان. يەرلىك كىشى-لەر ئۇنى قارۋشتى ھەرپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا، كوشانىيە خانلىقى (بۈگۈنكى پاكىستان تەۋەسىدە) قارۋشتى ھەرپىنى ھۆكۈمەت يېزىقلىرىنىڭ بىرى قىلغان. مىلا-دىيە II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، بۇ ھەرپ كوشا-نىيە خانلىقىدىن ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە مىلادىيە III ئەسىردە پىشامشانغا تارقىلىپ كىرىپ، پىشامشان بەگلىكىدە ھۆ-كۈمەت يېزىقىنىڭ يازما شەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان، بۇ يېزىق ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 100 يىل (تاكى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە) دىن ئارتۇق ئىشلىتىلگەن.

قەدىمكى دەۋرلەردە قارۋشتى ھەرپى ئىشلىتىلگەن رايونلار خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇدۇن، پىشامشاندىن باشقا، بۈگۈنكى ھىند-دىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى، پاكىستان، ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن. قارۋشتى ھەرپى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ماقال - تەمسىللەرنى خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلگەن فونېتىكىلىق ئېلىپبە. ئۇنىڭدىكى ھەرپلەر ئۈزۈك تاۋۇش، سو-زۇق تاۋۇش دەپ ئايرىلىدۇ، سوزۇق تاۋۇش a ئۇچۇن يالغۇز ھەرپ يوق، ئۇ O بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپ-لىرى ئەگەر ئايرىم يېزىلسا، ئۇ ھالدا سوزۇق تاۋۇش a بويىچە يېزىلىدۇ. يېزىق ئوڭدىن باشلىنىپ سولدا تۈگەيدۇ. سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق قالمايدۇ، بەلگىلەر قويۇلمايدۇ. بەلگە

قويۇلمىغان بۇنداق سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم يېزىقى قەدىمكى پىرسىيە ئەرەم يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن، كېيىن ھىندى بىراخمان يېزىقىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، قارۇشتى يېزىقىدا پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەرنى قوشۇش چارىسى ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشلار كۆرسىتىلگەن. ئالايلۇق، پادىشاھ ئاسوكا دەۋرىدە قارۇشتى يېزىقىنىڭ ھەرپى 44 كە يېتىپ، قەدىمكى پرسىيە ئەرەم يېزىقى ھەرپلىرىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئۇدۇن ۋە پىشامشان رايونلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن قارۇشتى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 45 كە كۆپەيگەن («دەرمەلەر دەستۇرى» دە ئىشلىتىلگىنى شۇنداق). پىشامشان ۋەسىقىلىرىدە ئىشلىتىلگەن قارۇشتى ھەرپلىرى بولسا 57 گە يەتكەن.

(2) قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار

قارۇشتى يېزىقى بوغۇملۇق ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، بۇنداق ھەرپتە يېزىلغان ھۆججەت، ماتېرىياللاردىن پۇل، مېتال ئويمىلار، تاش پۈتۈك، دەستۇر پارچىلىرى، يەرلىك ھۆججەت ـ مەكتۇپلار بار. قەدىمكى ئۇدۇندا مېتال پۇللار ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇچە خەت قوشۇلغان، بۇ پۇللار «ئىككى يۈزىگە قارۇشتى ۋە خەنزۇچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن يارماق» دەپ ئاتالغان، «ئات سۈرەتلىك ئۇدۇن يارمىقى» ياكى «ئات سۈرەتلىك خوتەن يارمىقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىق بىلەن ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەتلىرى يېزىلغان ۋە بۇددا نوملىرى تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى پىشامشاندا خان جەمەتىنىڭ يازما پۈتۈكلىرى، ھېساب دەپتەرلىرى، ھۆججەت ـ مەكتۇپلىرى قاتارلىقلار شۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئېلىپ كەتكەن، ئۇلار ھازىر ئەنگلىيە، ھىندىستان، رۇسىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە قا-

تارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ساقلانماقتا. جۇڭگودا يىغىپ ساقلانغىنى كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىدى. مايوڭنىڭ «قارۇشتى يېزىقى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر شىنجاڭدىن نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى بۇلاپ كەتكەن. پەقەت ستەينلا ئۈچ قېتىم كېلىپ قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن 758 پارچە، ئىككى يۈزگە قارۇشتى يېزىقى بىلەن خەنزۇچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن يارماقتىن 187 دانە يىغىپ ئېلىپ كەتكەن. ئامېرىكىلىق خۇنتىنگتونمۇ 1905 - يىلى نىيا خارابىلىقىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى ئالتە پارچە ۋەسىقىنى ئوغرىلاپ كەتكەن.

بويېر، راپسون قاتارلىق كىشىلەر ستەين، خۇنتىنگتونلار تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئۈچ كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققان. كىتابنىڭ نامى «ستەيننىڭ جۇڭگونىڭ تۈركىستاندىن تاپقان قارۇشتى يېزىقى توپلىمى» بولۇپ، ئۇنىڭغا قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن 764 پارچە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى لاتىن ھەرپىدە يېزىپ چىققان، بۇ كىتاب 1920 — 1929 - يىللىرى ئارىلىقىدا نەشر قىلىنغان.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى مىلادىيە 1929 - يىلى خوتەندىن ئىككى يۈزگە خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىر تىزىق يارماق تاپقان.

يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى، شىنجاڭ مۇزېيى، گەنسۇ مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردا قارۇشتى يېزىقىدىكى يۈز نەچچە پارچە ۋەسىقە ساقلىنىپ كەلمەكتە، جۇڭگو تارىخى مۇزېيىدا ئۈستىگە قارۇشتى يېزىقى ئويۇلغان بىر نەچچە تاش پارچىسى ساقلانماقتا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇلار لوياڭدىن چىققانىكەن.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار قەدىمكى ئۇدۇن ۋە پىشامشانلارغا تەۋە بولۇپ، ئىككى يۈزگە خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇللار، «س 661 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە» (ستەين جۇڭگوغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئانديۇدىكى 6 ـ نومۇرلۇق خارابىدىن تاپقان.) «دەرمەلەر دەستۇرى» نىڭ پارچىلىرى تامامەن ئۇدۇن ماتېرىياللىرىغا تەۋە.

شادىلڭ خۇاڭ ۋېنبىنىڭ 1929 ـ يىلى خوتەن ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تاپقان مىس پۇلدىكى ئاتنىڭ سۈرىتى ئەتراپىدىكى 20 قارۇشتى ھەرپىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:


摩(ma)诃(ha)阇(ja)娑(sa),罗(ra)提(ti)罗(ra)阇(ja)娑(sa)
摩(ma)诃(ha)堙(ta)娑(sa),矩(Gu)伽[罗](gra)摩(ma)
耶(ya)娑(sa).

…«ھازىر ئۇنى تەرجىمە قىلساق، ئۇنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە: «شاھ، شاھىنشاھ، ئۇلۇغىم گۇگرامايايسا، بۇنىڭ ئىچىدىكى ‹گرا›، ئەسلىدە بىر ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ئىدى»①.


ئېلىمىزدە قىدىرىپ چىقىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر مىڭ پارچىغا يېتىدۇ، ئىككى يۈزگە خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن يارماق 300 دىن ئاشىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ چىققان يەر بۈگۈنكى نىيە (ئەينى ۋاقىتتىكى پىشامشان بەگلىكى) خارابىسىدۇر.

① شادىلڭ: «خوتەننىڭ ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يارمىقى» ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، «مەدەنىيەت يادىكارلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ سانلىرىغا بېسىلغان.

# قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى



قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىسى



پىشامشان پادىشاھىنىڭ پەرمانى

2. بىراخمان يېزىقى

بىراخمان سانسكرىت يېزىقىدىكى « Brahmi » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «سانسكرىت يېزىقىدۇر». (ئۇنى «ئۇلۇغ بىراخماندىن كەلگەن» دېگۈچىلەرمۇ بار) «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا سانسكرىت يېزىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «يېزىقنى ئىزاھ-لاشقا توغرا كەلسە، ئۇ بىراخماندا بارلىققا كەلگەن، خەت يۇقىرى-دىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلىدۇ، 47 ھەرپتىن تەركىب تاپقان».

بىراخمان يېزىقى ئەمەلىيەتتە بىر خىل يېزىق بەلگىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى بىراخمان ھەرپى دەپ ئاتاش كېرەك.

بىراخمان يېزىقى قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بوغۇملۇق يېزىق. ھەر بىر ھەرپ بىر سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ ياكى

ئۇنىڭ ئارقىسىغا a ئۇزۇك تاۋۇشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇزۇك تاۋۇشتىن كېيىن a ئۇلانماي باشقا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ كەلسە، ھەرپلەرنىڭ ئۈستى، سول ۋە ئوڭ تەرىپىگە ھەر خىل بەلگىلەر قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇزۇك تاۋۇش ھېچقانداق سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىللە كەلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇزۇك چېكىتلىك بەلگە قويۇلىدۇ.

بىراخمان يېزىقى ئەڭ دەسلەپ ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلاتتى، كېيىن سولدىن ئوڭغا قاراپ يېزىلىدىغان بولدى.

بىراخمان يېزىقى قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بىراخمان ھەرپى ئەسلىدە ئەرەم يېزىقىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن نۇسخىسى كۆپ. تەخمىنەن I — III ئەسىرلەردە ھىندى بىراخمان يېزىقىنىڭ نۇسخىسى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە تەرەققىي قىلىپ، قىيپاش شەكلى بىلەن يازما شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگەرگەن نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى خوتەن يېزىقى گۇپتا يېزىقىنىڭ باسما نۇسخىسىدىن كەلگەن.

ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۇپتا يېزىقىنىڭ يازما نۇسخىسى بىلەن باسما نۇسخىسىدا يېزىلغان. گۇپتا يېزىقىنىڭ باسما نۇسخىسىدا يېزىلىدىغان ئۇدۇن يېزىقى تەخمىنەن مىلادىيە II ئەسىردە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەمما ساقلانغان بۇ ھەقتىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقى VII — X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ھىندى ھېكايىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى، تىببىي كىتاب، دىنىي قوشاقلار، ھۆكۈمەت ئالاقە ھۆججەتلىرى بار.

# بىراخمان يېزىقى ئېلىپبەسى①


## (لاتىن ھەرپلىرى بويىچە يېزىلدى)


| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سوزۇق تاۋۇشلار | a ā i ī u ü e ai o | | | | |
| بوغۇز تاۋۇشى | ka | kha | ga | gha | na |
| تاڭلاي تاۋۇشى | ca | cha | ja | jha | na |
| چىش تاۋۇشى | ta | tha | da | dha | na |
| لەۋ تاۋۇشى | | ya | ra | la | va |
| يېرىم سوزۇق تاۋۇش | | | sa | sa | sa |
| ئىسقىرىق تاۋۇش | | | sa | sa | sa |
| كاناي تاۋۇشى | | | | | ha |

بۇلار مۇنتىزىم بىراخمان ھەرپلىرى بولۇپ، ئاساسلىقى بىراخمان يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلگەن. باشقا تىللارنى خاتىرىلەشكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن ھەرپلەرنىڭ ساندىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش بىلەن ئاز - تولا ئۆزگەرتىلگەن.

① «جۇڭگو قامۇسى. تىل - يېزىق»، خەنزۇچە نەشرى، 1992 - يىلى نەشرى، 309 - بەت.

# بىراخمان يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى





ھىندىستان ئاسوكا پادىشاھىنىڭ شىر تۈۋرۈكىدىكى بىراخمان يېزىقى

### 3. خەنزۇچە يېزىق

قەدىمكى ئۇدۇن، پىشامشان ۋە قەدىمكى غەربىي يۇرت رايون-
لىرىدا خەنزۇ تىل - يېزىقى ئەڭ بۇرۇن قوللىنىلغان تىل -
يېزىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ مىتال پۇلى-
نىڭ يۈزىگە خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىقلار چۈشۈرۈلگەن بو-
لۇپ، ئۇ «ئىككى يۈزىگە خەنزۇچە - قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈ-
رۈلگەن يارماق» دەپ ئاتالغان، ئۇ يەنە «ئۇدۇن ئات سۈرەتلىك
يارمىقى»، «خوتەن ئات سۈرەتلىك يارمىقى» دەپمۇ ئاتالغان.
بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە (ئەينى يىللىرى پىشامشان
خانلىقىغا تەۋە ئىدى) ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا قەدىمىي
شەھەر خارابىسىدىن خەن، جىن سۇلالىرى دەۋرىگە ئائىت تارىشا
پۈتۈك، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت «ۋۇجۇ يارمى-
قى»، «زىرائەت مەھكىمىسى مۆھۈرى» ۋە «خەنزۇچە - ئۇدۇنچە
سۆزلۈكلەر لۇغىتى» قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. بۇلار قەدىمكى
ئۇدۇن بىلەن پىشامشان رايونلىرىدا خەنزۇ يېزىقىنىڭ كەڭ كۆ-
لەمدە قوللىنىلغانلىقىنى، شۇنداقلا قەدىمدىن بۇيان ئۇدۇن، پى-
شامشان رايونلىرى خەلقلىرىنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن سىياسىي،
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ
كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.


ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇدۇن ۋەسىقىلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى
ئۇدۇندىمۇ 12 مۆچەل قوللىنىلغان، خانىدانلىقنىڭ ئىشلەتكەن
يىل ناملىرىمۇ خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئالايلۇق،
«同庆» (تۇڭچىڭ)، «天尊» (تيەنزۇن) «中兴»
(جۇڭشىڭ) «天兴» (تيەنشىڭ) «天寿» (تيەنشۇ) قاتارلىق-
لار. كۆپلىگەن ئۇدۇن ھۆججەتلىرىدە خەنزۇچە يېزىقلار ئارىلاش
ئىشلىتىلگەن. ھەتتا خەنزۇچە ۋە ئۇدۇنچە يېزىقلار بىرگە ئىشلە-

تىلگەن. ئۇدۇن ھۆججەتلىرىدە يەنە بىر مۇنچە ناملار خەنزۇچە ئاتالغان، مەسىلەن، « 长史 » (پۇتۇكچى بەگ)، « 节度使 » (ھىراۋۇل)، « 宰相 » (ۋەزىرئەزەم) « 都督 » (تۇتۇق بەگ) « 判官 » (قازى)، « 夫人 » (ئاغچا خېنىم)، « 大德 » (ئاپاق بەگ) « 世尊 » (بۇزرۇكۋار) قاتارلىقلار. بۇلار خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئۇدۇن رايونىدا قوللىنىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەينى چاغلاردا ئۇدۇننىڭ ئىچكى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مۇناسىۋىتىنىڭ خېلىلا قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



زىرائەت مەھكىمىسىنىڭ مۆھۈرى (نىيىدىن تېپىلغان
خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ مۆھۈر)

## نىيادىن تېپىلغان خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن تارىشا پۈتۈكلەر



توقۇلما بۇيۇملارغا يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەر
(خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ)

## 4. ئۇدۇن يېزىقى

ئۇدۇن يېزىقى «ئۇدۇن ساك يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇدۇن يېزىقى مىلادىيە V ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە ئۇدۇن ساكلىرى قوللانغان بوغۇملۇق يېزىقتۇر. XIX—XX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتى (قەدىمكى ئىسمى ئۇدۇن) دە بۇ يېزىق بايقالغان.

ئۇدۇن يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن تىل كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇدۇن تىلى» ياكى «ئۇدۇن ساك تىلى»، «خوتەن - ساك تىلى»، «خوتەن تىلى» دەپ ئاتالغان، ئۇ ساكلارنىڭ تىللىرىدىن بىرى. بۇ تىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىلى گۇرۇپپىسىدىكى شەرقىي ئىران تىل تارمىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە تىل بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇدۇن (خوتەن)، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ھازىر تاجىكىستان، ئافغانىستان چېگراسىدىكى ۋاخان كارىدورىدا بىر خىل تىل بولۇپ، ۋاخان تىلى دەپ ئاتىلىدۇ، شۇ تىل بىلەن ئۇدۇن تىلى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت.

ئۇدۇن يېزىقى ھەرپلىرى ھىندى براخمان يېزىقىنىڭ گۇپتا پادىشاھلىقى نۇسخىسى (گۇپتا باسما نۇسخىسى) دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىما نۇسخىسى، قول يازما نۇسخىسى، ئارىلاشما نۇسخىسى بار ئىدى، خەتلەر كۆپرەك قوشما نۇسخا بىلەن ئۇلاپ يېزىلاتتى.

ئۇدۇن يېزىقىدا سوزۇق تاۋۇش 9:

a, ā, i, ī, u, ai e, au, o

ئۈزۈك تاۋۇش 22:

g, th, d, p, ph, b, tc, js, j, c, ṭ, ḍ, ts, ch, k, ṣ

s, ṣ, ṣṣ, s, ys, hv, hi.

سۆز تۈركۈمى توققۇز خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىسىملاردا ئايالچە، ئەرچە رودلار بار. بىرلىك سان، كۆپلۈك سان پەرقلىرى بار، باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش قاتارلىق مورفولو-

گىيىلىك ئۆزگىرىشلەرمۇ بار. سۈپەتلەر ئۆزگەرگەندە ئىسمىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پېئىللار شەخس، سان، زامان، راي، دەرىجە قاتارلىق كۆپ خىل ھالەت ئۆزگىرىشلىرىدە بولىدۇ.

ئۇدۇن يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكلى ھىندى گۇپتا خانلىقىنىڭ بىراخمان يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇدۇن يېزىقىدا ھىندى بىراخمان يېزىقىغا ئوخشاش قوشۇمچە بەلگىلەر ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشلار كۆرسىتىلىدۇ.


(1) ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

قەدىمكى ئۇدۇندا ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن يېزىق قارۇشتى يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى بولۇپ، ئۇدۇن يېزىقى كېيىنرەك ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ يېزىقى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلگەن.


بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئۇدۇن ۋەسىقىلىرى ئىچىدە «ستاخل خولستېن» توپلىمى (بۇ كىتابنىڭ ئىسمى كىتابنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان) ئەڭ مەشھۇردۇر. بۇ توپلامنىڭ بىر بېتى ئۇدۇن يېزىقى، يەنە بىر بېتى قەدىمكى زاڭزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان. كىتابتىكى ئۇدۇن يېزىقى 73 قۇر بولۇپ، 1 - قۇردىن 51 - قۇرغىچە بولغان مەزمۇنلار ئاساسلىقى ئۇدۇن بەگلىرى يازغان، شاجۇ ئايمىقىغا قىلىنغان زىيارەت خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا يول بويىدىكى شەھەر - بازارلار ۋە كەنتلەر ۋە شاجۇ ئايمىقىدىكى بۇددا مۇنارلىرى، ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن بۇدساتۋا قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ئۈچ يېرىدە ۋايجراسامپاۋا (visa sambhava) نىڭ 14 - يىلى تىلغا ئېلىنغان، 14 - يىلى توخۇ يىلى دەپ ئىككى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ شىر پادىشاھ دەپ ئاتالغان. ئالىملار شۇنىڭغا قاراپ، شىر پادىشاھ دەپ ئاتالغان پادىشاھ ئۇدۇننىڭ ۋىسارا تەڭرىخانى دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئاساسىي قىممىتى

شۇ يەردىكى، ئۇ ئۇدۇندا ۋىسارا تەگىرىخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۇدۇن تىلى، ئۇدۇن يېزىقى قوللىنىلغانلىقى، ئاھالىلەر گەۋدىسىنىڭ ساكلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر پارىژ، لوندون، لېنىنگراد، ستوكھولم، توكيو، جاكارتا، يېڭى دېھلى، بېرلىن، برومىن، فىلادېلفىيە قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## ئۇدۇن يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى



# ئۇدۇن يېزىقى ئېلىپبەسى[1]



[1] «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقى سۆرەتلىرى» دىن ئېلىندى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 30 - بەت.

## 5. سوغدى يېزىقى

### (1) سوغدى ۋە سوغدى يېزىقى

سوغدى دېگەن سۆز قەدىمكى ئىران تىلىدا «مۇقەددەس جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى پرسىيە يېزىقى ۋە ئەفستو يېزىقىدا sughda، پەھلىۋى يېزىقىدا sülik دېيىلگەن، يەنە ئۇنىڭ surik، sogd قاتارلىق ھەر خىل يېزىلىشلىرىمۇ بار.

سوغدى يېزىقى سوغدى تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق. سوغدى تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە سوغدى تىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. بۈگۈنكى زەرەپشان بويلىرىدىكى ئاھالىلەر قوللىنىۋاتقان ياگنوب تىلىدا سوغدى تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ قالغان.

سوغدى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى ئەرەم يېزىقىدىن كەلگەن. جۇڭگو تەۋەسىدىن تېپىلغان سوغدا يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە ئۈچ خىل ھەرپ نۇسخىسى، يەنى بۇددا نومى نۇسخىسى، قەدىمكى سۇرىيە نۇسخىسى، مانى نۇسخىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھەرپ نۇسخىسى بار. گۇڭ فاڭجېننىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، سوغدى يېزىقىنىڭ ھەرپ نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرپ سانى ۋە تاۋۇشلۇق سۈپىتى خىلمۇ خىل ئىكەن. بۇددا نومى ھەرپلىرى جەمئىي 17 بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرتىپ يازسا مۇنداق بولىدىكەن:

’, β, γ, h, w, z, y, k, δ, m, n, s, p, c, r, š, t.

ئۇلار سۆز بېشىدا كەلسە ā تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلسە ə, a, ā تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن.

مانى نۇسخىسىدىكى ھەرپلەر 29:

’, b, β, g, γ, d, ẖ, w, z, ž, h, ṯ, y, k, x, I, δ, m,

n, s,’, p, f, c, j, q, r, š, t بولارنىڭ ئىچىدە j=c
ds,ts,č نىڭ ۋارىيانتى؛ I, v, δ=δ نىڭ ۋارىيانتى، J,ž=j نىڭ
ۋارىيانتى؛ g, k=k نىڭ ۋارىيانتى؛ b, p=p نىڭ ۋارىيانتى؛
d, t=t نىڭ ۋارىيانتى؛ w=w,u,(o),ū,(ō),uw,(ōw),au
نىڭ ۋارىيانتى؛ ai, iy, ī, ē, ə, i, y=y نىڭ ۋارىيانتى؛
ə, ā , a=ā نىڭ ۋارىيانتى.

قەدىمكى سۈرىيە نۇسخىسىدىكى ھەرپلەر 22 ئىكەن:

’,b, r, g, d, w, z, ž, ṯ, y, x, I, m, n, s, c, p

f, č, q, ř, š, υ.

سوغدى يېزىقىدىكى بەزى سۆزلەر ئۆزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپ- لەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەقىقىي سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇشلۇق سۈپىتىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ، بەزى سۆزلەردە سو- زۇق تاۋۇشلارنى C, w, y, ’ قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ ياردىمىدىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، سوغدى يېزىقىدا سوزۇق تاۋۇش 11، يەنى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ə,o,u,e,i,a,’ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ō, ū, ē, ī, ā ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قوشما سوزۇق تاۋۇش ān, āi, au, ai بار ئىكەن.

سوغدى يېزىقىدىكى ئۆزۈك تاۋۇش فونېمىسى 19: k (g ۋارىيانتى) c,γ,x,’ (j ۋارىيانتى)، t,z,s (d ۋارىيانتى)، p,n,z,s,δ,υ (b ۋارىيانتى)، f, β, m, w, y, r. ئۇنىڭدىن باشقا 1 تاۋۇشى δ نىڭ بىر خىل دىئالېكت ۋارىيانتى ياكى ئۇ چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇلاردىلا ئۇچرايدۇ، ئادەتتە ئۇ فونېما ھې- سابلانمايدۇ.

سوغدى يېزىقى ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلىدۇ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلىپمۇ يېزىلىدۇ.


سوغدى يېزىقىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ سوغدىيانا دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىنكى ئىش. ۋاقتى XIII ئەسىردىن ئىلگىرى بولمىسا كېرەك.

## (2) سوغدى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

1906 - يىلى ستەين دونخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن سوغدى يېزىقىدىكى بىر تۇركۇم ۋەسىقە ۋە مەكتۇپلار ئېلىمىزدە ئەڭ بالدۇر بايقالغان سوغدى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنى IV ئەسىر ئەتراپىدا دەپ بېكىتسە، بەزىلىرى مىلادىيە 196 - يىللىرى ئەتراپىدا دەپ قارىماقتا.


ئەڭ بالدۇر مەملىكىتىمىزدە بايقالغان سوغدى يېزىقىدىكى دەستۇرلارنى گېرمانىيىلىك گىلون ۋىدىر بىلەن لىكوك تاپقان، ئۇلار 1902—1905 - يىللىرى تۇرپاندا ئارقا - ئارقىدىن سوغدى يېزىقىدىكى كۆپ خىل دەستۇرلار (بۇددا، خرىستىئان، مانى دىنلىرىغا ئائىت) نى، قېزىپ تاپقان. دۇنخۇاڭدىكى سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە سوغدىلارنىڭ ئۆز ماكانى (تاجىكىستان) دا تېپىلغان موغۇ تېغى ۋەسىقىلىرى ئەڭ مەشھۇردۇر.

## سوغدى ئېلىپبەسى①




① «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 56 ـ بەت.

## سوغدىكى يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى



بۇدساتۋا شىن دورونى سۇترىسى پارچىلىرى

## 6. قەدىمكى زاڭزۇ يېزىقى (تۇبۇت يېزىقى)

### (1) «تۇبۇت» سۆزىنىڭ مەنىسى

زاڭزۇ تىلىدىكى «bod (بۇت)» — قەدىمكى زاڭزۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى. ئومۇميۈزلۈكرەك قاراش مۇنداق: بۇت قەدىمكى زاڭزۇلار ئېتىقاد قىلغان ئىپتىدائىي دىن — «bon (بون)» دىن كەلگەن؛ «bod» (بۇت) سۆزى دېھقانچىلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ bro (چارۋىچىلىق) دېگەن سۆزگە نىسبەتەن ئېيتىلغان دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. كۆپ سانلىق كىشىلەر «تۇ» دېگەن سۆز خەنزۇچە «大» (چوڭ، كاتتا، ئۇلۇغ) » دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، تۇبۇتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئاتىغان «大» ‹چوڭ بۇت›، دېگەن ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ.

### (2) تۇبۇت يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

مىلادىيە Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇبۇتلەرنىڭ 33 ئەۋلاد دەرمەراجە لاماسى سۇڭزەنگەنبۇ (؟ — 649) تەختتىكى ۋاقىتتا تۇنمىساڭبۇزانى ھىندىستانغا بىراخمان يېزىقى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ كۆپ خىل يېزىق ۋە باياناتشۇناسلىقنى ئۆگىنىپ تۇبۇتكە قايتقاندىن كېيىن، دەرمەراجەنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن زاڭزۇ يېزىقىنى ئىجاد قىلىدۇ ۋە ئالدى بىلەن بىراخمان ئېلىپبەسىدىكى 34 ھەرپتىن زاڭزۇ تىلىدا بولمىغان 11 تاۋۇش ھەرپىنى چىقىرىۋېتىپ، زاڭزۇ تىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يەتتە تاۋۇش ھەرپىنى قوشۇپ، زاڭزۇ تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپىنى 30 قىلىپ بېكىتىدۇ. يەنە بىراخمان تىلىدىكى 16 سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىن زاڭزۇ تىلىغا ماس كېلىدىغان تۆت ھەرپىنى تاللاپ، تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.


30 ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپىدىن ئالدىنقى 20 ھەرپ قوشما سوزۇق تاۋۇش ئورنى بويىچە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر تۆت ھەرپ بىر گۇرۇپپا قىلىپ تۈزۈلگەن؛ ئون ھەرپ ئىككى يېرىم گۇرۇپپا، جەمئىي يەتتە يېرىم گۇرۇپپا قىلىپ تۈزۈلگەن.

ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ زاڭزۇ تىلىدىكى بوغۇم قۇرۇلمىسى-
دىن قارىغاندا، ھەر بىر بوغۇمدا بىر ئاساسىي ھەرپ بولۇشى
كېرەك، ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرى ئاساسىي ھەرپ قىلىنسا بولى-
دۇ. ئاساسىي ھەرپلەرنىڭ ئالدىغا ياردەمچى ھەرپلەر قوشۇلىدۇ،
ئارقىسىغا ئارقا ياردەمچى ھەرپلەر قوشۇلىدۇ، ئۈستىگە ئۈستى
ياردەمچى ھەرپلەر قوشۇلىدۇ، ئاستىغا ئاستى ياردەمچى ھەرپلەر
قوشۇلىدۇ.

30 ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپى ئىچىدىن بەش ھەرپنى ئالدى
ياردەمچى ھەرپ، ئون ھەرپنى ئارقا ياردەمچى ھەرپ قىلغىلى
بولىدۇ؛ ئۈچ ھەرپنى ئۈستى ياردەمچى ھەرپ، تۆت ھەرپنى
ئاستى ياردەمچى ھەرپ (زاڭزۇ يېزىقى ئارقىلىق بىراخمان يېزى-
قىنى يازغاندا يەنە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە كاناي تاۋۇشىنى
بىلدۈرىدىغان ئىككى ھەرپ قوشۇلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، قەدىم-
كى ھۆججەتلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ئاستى ياردەمچى ھەرپ ئالتە
بولماستىن، بەلكى تۆت دۇر) . تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىدىن
ئۈچى ئاساسىي ھەرپنىڭ ئۈستىگە، بىرسى ئاستىغا يېزىلىدۇ.
ئوڭغا قاراپ يازغاندا، بوغۇملار ھەرپلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە
يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ئىپادە قىلىنىدۇ. بوغۇم بىلەن بوغۇم
ئارىلىقىدا سەل - پەل بوشلۇق قالىدۇ. كىتاب ماۋزۇلىرى،
بابلىرى باشلانغاندا باشلىنىش بەلگىسى قويۇلىدۇ. جۈملە ئاخىر-
لاشقاندا بىر تىك سىزىق توچكا ئورنىدا قويۇلىدۇ؛ باب، پراگراف-
لارنىڭ ئاخىرىغا ئىككى تىك سىزىق ئاخىرلاشقانلىق بەلگىسى
ئورنىدا قويۇلىدۇ؛ پۈتۈن تېكىست ياكى ئابزاستلار ئاخىرلاشقاندا
تۆت تىك سىزىق ئاخىرلاشقانلىق بەلگىسى ئورنىدا قويۇلىدۇ.

زاڭزۇ تىلى VII ئەسىردە ئىجاد قىلىنغاندىن باشلاپ
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ قېتىم رەتلەنگەن. تۇنجى قېتىم
رەتلەنگىنى تۇنمىساڭبوزا بىراخمان يېزىقىغا ئوخشىتىپ ئىجاد
قىلغان بىر خىل يېزىق نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى،
ئۈچىنچى قېتىمقى رەتلەنگەنلىرى IX ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە XI
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى رەتلەشنى كۆرسىتىدۇ.

## زاڭزۇ يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىسى



تاڭ سۇلالىسى — تۇبۇت ئىتتىپاقى ئابىدىسى (زاڭزۇچە
ئىتتىپاق سۆزلۈكىدىن ئېلىندى)

# زاڭزۇ يېزىقى ئېلىپبە جەدۋىلى①

| زاڭزۇ تىلى ھەرپى | | لاتىنچە يېزىلىشى | [illegible] بېسىمى | زاڭزۇ تىلى ھەرپى | | لاتىنچە يېزىلىشى | [illegible] بېسىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باشلىق يېزىق | باشسىز يېزىق | | | باشلىق يېزىق | باشسىز يېزىق | | |
| ཀ་ | ཀ་ | ka | ka˥˧ | ཙ་ | ཙ་ | tsa | tsa˥˧ |
| ཁ་ | ཁ་ | kha | kʰa˥˧ | ཚ་ | ཚ་ | tsha | tsʰa˥˧ |
| ག་ | ག་ | ga | kʰa˩˧ | ཛ་ | ཛ་ | dza | tsʰa˩˧ |
| ང་ | ང་ | nga | ŋa˩˧ | ཝ་ | ཝ་ | wa | wa˩˧ |
| ཅ་ | ཅ་ | ca | tɕa˥˧ | ཞ་ | ཞ་ | zha | ɕa˩˧ |
| ཆ་ | ཆ་ | cha | tɕʰa˥˧ | ཟ་ | ཟ་ | za | sa˩˧ |
| ཇ་ | ཇ་ | ja | tɕʰa˩˧ | འ་ | འ་ | va | ɦa˩˧ |
| ཉ་ | ཉ་ | nya | ɲa˩˧ | ཡ་ | ཡ་ | ya | ja˩˧ |
| ཏ་ | ཏ་ | ta | ta˥˧ | ར་ | ར་ | ra | ʐa˩˧ |
| ཐ་ | ཐ་ | tha | tʰa˥˧ | ལ་ | ལ་ | la | la˩˧ |
| ད་ | ད་ | da | tʰa˩˧ | ཤ་ | ཤ་ | sha | ɕa˥˧ |
| ན་ | ན་ | na | na˩˧ | ས་ | ས་ | sa | sa˥˧ |
| པ་ | པ་ | pa | pa˥˧ | ཧ་ | ཧ་ | ha | ha˥˧ |
| ཕ་ | ཕ་ | pha | pʰa˥˧ | ཨ་ | ཨ་ | a | ʔa˥˧ |
| བ་ | བ་ | ba | pʰa˩˧ | | | | |
| མ་ | མ་ | ma | ma˩˧ | | | | |

① «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 140 ـ بەت.

### 7. تۈرك يېزىقى

#### (1) «تۈرك» سۆزىنىڭ مەنىسى

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «تۈرك» ئاتالغۇسى VI — VIII ئەسىرلەردە چوڭ شىمالىي چۆللۈك ۋە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ھەمدە قۇدرەتلىك تۈرك خاندانلىقىنى قۇرغان ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەت — تۈرك مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ.

«tyrk» (تۈرك) تۈركلەرنىڭ ئۆزىنى ئاتىغان نامى. خەنزۇ يېزىقىدا بۇ «tyrk» دېگەن ئىسىم «突厥» (تۇجۆ) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

#### (2) تۈرك يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

«تۈرك يېزىقى» ياكى قەدىمكى تۈرك يېزىقى دېگەندە قەدىمكى تۈركلەر ئىشلەتكەن بىر خىل يېزىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۈرك خانلىقى (552 — 744 - يىللىرى)، ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840- يىللىرى) تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى دەۋردە يېنسەي دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان قىرغىزلار ۋە كېيىن قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھلىقى، قامجو ئۇيغۇر پادىشاھلىقىمۇ بۇ يېزىقنى قوللانغان.

تۈرك يېزىقى سىرتقى كۆرۈنۈشى جەھەتتە ئارىئانلار ئىشلەتكەن رونىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «تۈرك - رونىك يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل يېزىق ئەڭ دەسلەپ ئورخۇن، يېنسەي دەريا بويلىرىدىن چىققان تاش ئابىدىلەردە بايقالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى» دەپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار.

تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر دانىيىلىك تامسېننىڭ قارىشى بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قارىماقتا. تامسېن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) تۈرك يېزىقىدىكى 38 ھەرپتىن 23 ھەرپ ئەرەم يېزىقىدىن كەلگەن، بۇ ھەرپلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ئىران سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارقىلىق تۈركلەرگە تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار تۈرك تىلىنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان. (2) 23 ھەرپتىن باشقا بەزى ھەرپلەردە جەمەت ياكى قەبىلىلەرنى بىلدۈرىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن. (3) بەزى بېشارەتلىك بەلگىلەر قوللىنىلغان. ئالايلۇق، تۈرك تىلىدىكى εb, oq, aj دېگەن سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئاي» ، «ئوقيا» ، «ئۆي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، تۈركلەر ئاي (يېرىم ئاي) ، ئوقيا، كىگىز ئۆينىڭ شەكلىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ھەرپنى ئىجاد قىلغان D، ↓، 父 (⌂، ⌂).

تۈرك يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتىنى ئاساسەن Ⅶ — X ئەسىرلەر ئارىلىقىدا دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى نوقۇل ھالدىكى تاۋۇش ئېلىپبېتى يېزىقى ئەمەس، نوقۇل ھالدىكى بوغۇملۇق يېزىقمۇ ئەمەس، بەلكى تاۋۇش ئېلىپبېتى بىلەن بوغۇم ئارىلاشقان بىر خىل يېزىق، ئۇ 38 — 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان.


تۈرك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا قاراپ توغرىسىغا يېزىلىدۇ. لېكىن، بەزى ھاللاردا سولدىن ئوڭغا قاراپ توغرىسىغا يېزىلىدۇ. سۆز بىلەن سۆز ئارىسى (سۆز بىرىكمىلىرى) ئىككى چېكىت ( : ) بىلەن ئايرىۋېتىلىدۇ.

# قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى①

| № | ھەرپ | تاۋۇشلۇق سوپىتى | № | ھەرپ | تاۋۇشلۇق سوپىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 𐰀 | a، e | 20 | 𐰾 | $s^{2}$ |
| 2 | 𐰃 | ɪ, i | 21 | 𐱃 | $t^{1}$ |
| 3 | 𐰆 | o, u | 22 | 𐱅 | $t^{2}$ |
| 4 | 𐰇 | ø, y | 23 | 𐰖 | $j^{1}$ |
| 5 | 𐰉 | $b^{1}$ | 24 | 𐰘 | $j^{2}$ |
| 6 | 𐰋 | $b^{2}$ | 25 | 𐰲 | tʃ |
| 7 | 𐰑 | $d^{1}$ | 26 | 𐰢 | m |
| 8 | 𐰓 | $d^{2}$ | 27 | 𐰭 | ŋ |
| 9 | 𐰍 | ɣ | 28 | 𐰪 | nj |
| 10 | 𐰏 | g | 29 | 𐰯 | p |
| 11 | 𐰴 | q | 30 | 𐱁 | ʃ |
| 12 | 𐰚 | k | 31 | 𐰔 | z |
| 13 | 𐰞 | $l^{1}$ | 32 | 𐰸 | o, u q بىلەن قوشۇپ يېزىلىدۇ |
| 14 | 𐰠 | $l^{2}$ | 33 | 𐰜 | ø, y k بىلەن قوشۇپ يېزىلىدۇ |
| 15 | 𐰣 | $n^{1}$ | 34 | 𐰶 | i q بىلەن قوشۇپ يېزىلىدۇ |
| 16 | 𐰤 | $n^{2}$ | 35 | 𐰱 | itʃ/tʃi |
| 17 | 𐰺 | $r^{1}$ | 36 | 𐰡 | lt |
| 18 | 𐰼 | $r^{2}$ | 37 | 𐰨 | ntʃ |
| 19 | 𐰽 | $s^{1}$ | 38 | 𐰦 | nt |

① تەلئەت تېكىن: «ئورخۇن يېزىقلىرى»، ئەنقەرە 1988 ـ يىل نەشرى.

## تۈرك يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى



پالنامە

## 8. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

### (1) « 回鹘 » قەدىمكى ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى

« 回鹘 » ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق بىر ئابزاست تارىخىي پاكىتنى بايان قىلىشقا بولىدۇ: مىلادىيە 788-يىلى ئۇيغۇر « 回纥 » (خۇيخې) خانلىقىنىڭ قۇتلۇق بىلگە خاقانى - ياغلاقار جەمەتىدىن بولغان تۇنباغاخاقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دېزۇڭغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇيغۇرنى كۆرستىدىغان « 回纥 » دېگەن خەتنى « 回鹘 » دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان، « 回鹘 » ئۇلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان لاچىندەك قەيسەر ۋە چەبدەس ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. « 回鹘 » دېگەن سۆز « ujʁur » نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى.

### (2) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قەدىمكى باسمىل تۈركلىرى، تۈركەش تۈركلىرى ۋە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قاتارلىقلار قوللانغان يېزىق. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا كەشىپ قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسلىقى تاۋۇش ئېلىپبەنتلىق يېزىق بولۇپ، 23 ھەرپ (بەلگە) دىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى بەش ھەرپ ئىپادىلەيدۇ، 22 ئۈزۈك تاۋۇشنى 18 ھەرپ ئىپادىلەيدۇ.

8 سوزۇق تاۋۇش: a e ɛ i o u ∅ y


22 ئۈزۈك تاۋۇش: b p m w d t n l r s z dʒ tʃ ʃ
ʒ j g k ŋ q χ ʁ

يېزىقتا سوزۇق تاۋۇش o u ∅ y ɛ i لار پەرقلەنمەيدۇ؛ ø, y لار سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش k g j دىن كېيىن كەلسە، ئۇلارنىڭ يېزىلىشى o, u لارنىڭ يېزىلىشىغا ئوخشايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەڭ دەسلەپ ئوڭدىن سولغا قاراپ توغرىسىغا يېزىلاتتى، كېيىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان بولغان، كۆپىنچە سولدىن ئوڭغا قاراپ يېزىلىپ كەلگەن.

هازىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ۋە هۆججەتلەر ساقلانماقتا. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» نىڭ دەۋرى ھەممىدىن ئۇزۇن، هۆججەتلەر ئىچىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئائىت دەستۇرلار، تېبابەت ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، هۆكۈمەت ئالاقىلىرى ۋە هۆججەت قاتارلىقلار بار.


# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى[1]




---

① جۇڭگو مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» (كونسپېكت) بىرىنچى قىسىم، 1983 ـ يىلى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەرۋىشكىلىرى



### 9. خاقانىيە يېزىقى

#### (1) «خاقانىيە» سۆزىنىڭ مەنىسى

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، تۈركىي تىل شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان بىر قانچە مىللەت ياكى قەبىلىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە پامىرنىڭ شىمالى ۋە غەربى رايونلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى.

«خاقانىيە» بولسا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي رايونى (بالاساغۇن ـ قەشقەر رايونلىرى) نىڭ ئومۇمىي نامى. ئەينى چاغلاردا، مۇشۇ رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى «خاقانىيە تىلى»، يەنى «خانلىق تىلى» دەپ ھۆرمەت بىلەن ئاتالغان، «خاقانىيە تۈرك تىلى»، «تۈرك تىلى» دەپمۇ ئاتالغاندى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغانىـ
دى. ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىش
ئۈچۈن، ئىشلەتكىلى ئۇزۇن بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى
ئۆزگەرتىپ، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئۇنىڭ ئورنىغا
دەسسىتىپ، «خاقانىيە يېزىقى» دەپ ئاتىغاندى.

(2) خاقانىيە يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

خاقانىيە يېزىقى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى يېزىق.
ئۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق. «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا ئىشلىتىلگەن يېزىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىـ
لىق، خاقانىيە يېزىقىنى ئومۇمەن مۇنداق تونۇشتۇرىمىز:
ئىشلىتىلگەن ھەرپ 24:

ا ب پ ت ج
elif b p t tʃ/dʒ
x d ð r z ʒ s
ʃ ʁ f v q k/g
l m n w h j

بۇنىڭ ئىچىدىكى «l» سوزۇق تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ، w ۋە
j ھەم ئۈزۈك تاۋۇشنى، ھەم سوزۇق تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ.
سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئوقۇلۇـ
شىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەرپلەرنىڭ ئۈستى تەرىپى ياكى تۆۋەن
تەرىپىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكى بەلگىلەر قويۇلغان:
ـَ «پەتھە» (تەلەپپۇز بەلگىسى)، ئۇ «زەۋەر» دەپمۇ ئاتىـ
لىدۇ. ئۇ سوزۇق تاۋۇش a/ɛ لارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.
ـِ «كەسرە» (چىش تۆۋى تاۋۇش بەلگىسى)، ئۇ «زىر»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سوزۇق تاۋۇش I/i ياكى e نى بىلدۈرۈشتە
ئىشلىتىلىدۇ.
ـُ «زەممە» (تەلەپپۇز ئارىلىقى بەلگىسى، ئۇ «پىچ» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش y, u/ɵ, o نى ئىپادىلەشتە

ئىشلىتىلىدۇ.


ْ «ساكىن» (جىملىق بەلگىسى)، ئۇ شۇ ھەرپ بوغۇمىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە ئۇنىڭدىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ّ «تەشدىد» (قوش ئوقۇلۇش بەلگىسى)، ئۇ شۇ ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپىنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.


ئۇنىڭدىن باشقا، n بىلەن g/k نىڭ ئۇلاپ يېزىلىش شەكلى تىل تۈۋى - بۇرۇن تاۋۇشى $\eta$ نى بىلدۈرىدۇ.

(3) خاقانىيە يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن ئىبارەت.



«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىر بېتى



بسم الله الرحمن الرحيم

«قۇتادغۇبىلىك» تىن پارچىلار

# خاقانىيە يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| ترانسكرىپسىيىسى | ئاخىرىدىن ئۇلىنىدىغىنى | باش ۋە ئاخىرىدىن ئۇلىنىدىغىنى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغىنى | ئايرىم شەكلى | نامى | تەرتىپى | ترانسكرىپسىيىسى | ئاخىرىدىن ئۇلىنىدىغىنى | باش ۋە ئاخىرىدىن ئۇلىنىدىغىنى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغىنى | ئايرىم شەكلى | نامى | پى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ʃ | | | | | xin | 13 | a/ɛ | | | | [1] | elif | |
| ʁ | | | | | əyin | 14 | b | | | | | bə | |
| f | | | | [6] | fə | 15 | p | | | | | pə | |
| v | | | | [7] | və | 16 | t | | | | | tə | |
| q | | | | | kap | 17 | tʃ/dʒ | | | | | jim | |
| k/q | | | | | kap | 18 | x | | | | | hə | |
| l | | | | | lam | 19 | d | | | | | dal | |
| m | | | | | mim | 20 | ð | | | | [2] | zal | |
| n | | | | | nun | 21 | r | | | | [3] | rə | |
| w | | | | [8] | waw | 22 | z | | | | [4] | zə | |
| h | | | | [9] | ə | 23 | ʒ | | | | [5] | ʐə | |
| j | | | | [10] | ya | 24 | s | | | | | sin | |

ئىزاھات: (1) سوزۇق تاۋۇشلارنىلا ئىپادىلەيدۇ. سۆز بې-
شىدا كەلسە، قوشۇلغان بەلگىلەرگە قاراپ، i/γ — dopγ, a/
ε ياكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش y, u/∅,o دەپ ئوقۇلىدۇ.
سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلسە، پەقەتلا a/ε دەپ
ئوقۇشقا بولىدۇ.
(2) ئادەتتە سۆز بېشىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا ئەمەس، سۆز
ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.
(3) (4) (5) (6) (7) لار سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ.
(8) ھەم ئۈزۈك تاۋۇشنى، ھەم سوزۇق تاۋۇشنى بىلدۈرى-
دۇ (ئۈزۈك تاۋۇش W نى بىلدۈرىدۇ، يەنە لەۋلەشكەن سوزۇق
تاۋۇش، y, u/ɵ, o لارنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇ u دىن ئانچە چوڭ
پەرقلەنمەيدۇ.
(9) «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەش-
قىرى تۈرك تىلىدا ئەسلىدە بۇ تاۋۇش يوق دەپ قارايدۇ.
(10) ھەم ئۈزۈك تاۋۇشنى، ھەم سوزۇق تاۋۇشنى بىلدۈ-
رىدۇ (سوزۇق تاۋۇش j نى بىلدۈرىدۇ، سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى
سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش i/γ ۋە e نى بىلدۈرىدۇ).
ئۇنىڭدىن باشقا، ڔک (ڔک مو يېزىلىدۇ)، ئۇ تىل تۈۋى
تاۋۇشى «η» نى بىلدۈرىدۇ.

## 10. چاغاتاي يېزىقى

### (1) «چاغاتاي» سۆزىنىڭ مەنىسى

چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى (؟ — 1242 ـ
يىلى). چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقى تۆت موڭغۇل خانلىقىنىڭ
بىرى — چاغاتاي خانلىقىدۇر، چىڭگىزخاننىڭ 20 ـ يىلى (مىلا-
دىيە 1225 ـ يىلى) غەربكە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنلىرى
شەرقتە قايتقاندا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. چاغاتاي خانلىقى-
نىڭ زېمىنى غەربىي لياۋنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى، تەڭرىتېغىنىڭ

جەنۇبى ۋە شىمالى ۋە ھازىرقى ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ئارىلىقلىرىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

«چاغاتاي» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى شۇ خانلىقنى قايتا قۇرغان چاغاتاينىڭ ئەۋلادى دۇۋا خان دەۋرى (مىلادىيە 1274 — 1306 - يىللىرى) گە توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى تازا روناق تاپقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخشۇناسلار بارلىققا كەلگەن. ئالايلۇق: رابغۇزى، خارەزىمى، سەككاكى، لۇتفىي، نەۋائىي، ئاتايى، توربېك، ماجرىس، بابۇر قاتارلىقلار.

(2) چاغاتاي يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

چاغاتاي يېزىقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بەزى مىللەتلەر ئورتاق قوللانغان ئەرەب ئېلىپبەسى سىستېمىسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق. بۇ يېزىق ئاۋۋال چاغاتاي خانلىقىدا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ يېزىق XIII ئەسىردىن تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە قوللىنىلغان.

چاغاتاي يېزىقى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاقانىيە يېزىقى ئىسلاھ قىلىنىدىغاندىن كېيىن قوللىنىلغان بىر خىل يېزىق.

چاغاتاي يېزىقى دىئالېكت تەلەپ قىلمايدىغان يېزىقتۇر. بۇ يېزىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ياكى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان ئالتە - يەتتە ئەسىر ئىچىدە، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئورتاق قوللانغان يېزىقتۇر.

چاغاتاي يېزىقىدا 32 ھەرپ بار: ئەرەب يېزىقىدىكى 28 ھەرپ ۋە سوزۇق تاۋۇش a، ئۇزۇك تاۋۇش η ، t نى بىلدۈرىدىغان ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان باشقا بەش ئۇزۇك تاۋۇش بەلگىسى ئىشلىتىلگەن، پارس تىلىدىن تۆت ھەرپ قوبۇل قىلىنغان:

g, ʒ, tʃ, p

بۇلار ئىچىدە ظ، ط، ض، ص، ذ، ح، ث ، ع قاتارلىق ھەرپلەر مەخسۇسلا ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلگەن.

چاغاتاي يېزىقى بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئالايلۇق، نوقۇل ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەرەب - پارس يېزىقى ئىملاسىغا ئاساسەن يېزىلىدۇ؛ ئۇيغۇرچە قوشۇمچە تەركىبلەر ئۇلاپ يېزىلمايدۇ، ئىملا قائىدىسى مورفولوگىيىلىك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەمما، چاغاتاي تىلى ئىملا قائىدىسىدە ئەسلىدىكى تەركىب بىلەن چەتتىن كىرگەن تەركىبلەر ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك مۇرەككەپ ئەھۋال بار ئىدى. شۇڭا، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە چاغاتاي تىلىنىڭ مۇقىملاشقان ئىملا قائىدىسى بولمىغان. چاغاتاي يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى سۆزلەردىكى ئورۇنلىرىغا قاراپ، سۆز بېشى، سۆز ئوتتۇرىسى، سۆز ئاخىرى، يەككە شەكلى قاتارلىق شەكىللەر بويىچە بولىدۇ. چاغاتاي يېزىقى ئوڭدىن سولغا قاراپ توغرىسىغا يېزىلىدۇ.

(3) چاغاتاي يېزىقىدىكى ئاساسلىق ھۆججەتلەر

چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئالايلۇق: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «لىرىك شېئىرلار»، «گۇل ۋە نەۋرۇز»، (لۇتفىينىڭ داستانلىرى) «گۇزەل يار» («مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى دېگەن شۆھرەتكە ئىگە شائىر لۇتفىينىڭ داستان ۋە شېئىرلىرى)، «سەككاكى دىۋانلىرى» (10دىن ئارتۇق داستان، شېئىردىن تەركىب تاپقان)، «بابۇرنامە» («بابۇرنىڭ ئەسلىمىسى») «شەجەرەئىي تۈركى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە» قاتارلىقلار.


يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شىنجاڭدا يەنە بىر قىسىم چاغاتاي تىلىدىكى ھۆججەتلەر رەتلەپ نەشر قىلىندى، مەسىلەن، «تارىخىي مۇسىقىيۇن»، «ئابدۇرەھىم نىزارى داستانلىرى»، «زەلىلى شېئىرلىرى»، «تارىخىي ۋاقىئاتلار»، «چىڭگىزنامە» قاتارلىقلار.

# چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى①

| تەرتىپى | ھەرپ نامى | ھەرپ شەكلى: ئايرىم شەكلى | بېشىدا ئۇلىنىشى | ئوتتۇرىدا ئۇلىنىشى | ئاخىرىدا ئۇلىنىشى | ترانسكرىپسىيىسى | تەرتىپى | ھەرپ نامى | ھەرپ شەكلى: ئايرىم شەكلى | بېشىدا ئۇلىنىشى | ئوتتۇرىدا ئۇلىنىشى | ئاخىرىدا ئۇلىنىشى | ترانسكرىپسىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | elip | ا | | | ـا | a,ɛ | 17 | sat | ص | صـ | ـصـ | ـص | s |
| 2 | bə | ب | بـ | ـبـ | ـب | b | 18 | zat | ض | ضـ | ـضـ | ـض | z |
| 3 | pə | پ | پـ | ـپـ | ـپ | p | 19 | itki | ط | طـ | ـطـ | ـط | t |
| 4 | tə | ت | تـ | ـتـ | ـت | t | 20 | izɣi | ظ | ظـ | ـظـ | ـظ | z |
| 5 | sə | ث | ثـ | ـثـ | ـث | s | 21 | əyin | ع | عـ | ـعـ | ـع | |
| 6 | jim | ج | جـ | ـجـ | ـج | dʒ | 22 | ƣəyin | غ | غـ | ـغـ | ـغ | ʁ |
| 7 | qim | چ | چـ | ـچـ | ـچ | tʃ | 23 | fə | ف | فـ | ـفـ | ـف | f |
| 8 | hə | ح | حـ | ـحـ | ـح | h | 24 | qap | ق | قـ | ـقـ | ـق | q |
| 9 | hə | خ | خـ | ـخـ | ـخ | x | 25 | kap | ك | كـ | ـكـ | ـك | k |
| 10 | dal | د | | | ـد | d | 26 | gap | گ | گـ | ـگـ | ـگ | g |
| 11 | zal | ذ | | | ـذ | z | 27 | lam | ل | لـ | ـلـ | ـل | l |
| 12 | rə | ر | | | ـر | r | 28 | mim | م | مـ | ـمـ | ـم | m |
| 13 | zə | ز | | | ـز | z | 29 | nun | ن | نـ | ـنـ | ـن | n |
| 14 | ʒə | ژ | | | ـژ | ʒ | 30 | ha | ه | هـ | ـهـ | ـه | h |
| 15 | sin | س | سـ | ـسـ | ـس | s | 31 | wew | و | | | ـو | v,o,u,ø,y |
| 16 | xin | ش | شـ | ـشـ | ـش | ʃ | 32 | ya | ى | يـ | ـيـ | ـى | j,i,e |

① «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى» دىن ئېلىندى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىلى، 10 ـ ئاي نەشرى، 88 ـ بەت.

## چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى («تارىخىي ئەمىنىيە» دىن بىر بەت)



### 11. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقى

#### (1) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقى موڭغۇللار ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىق. ھەر بىر ھەرپنىڭ ئۇقۇلۇشى، يېزىلىش قائىدىسى، يېزىلىش شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

#### (2) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقى ۋە شۇ يېزىقتا يېزىلغان ئاساسلىق ھۆججەتلەر


يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىددىكى موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا 19 ھەرپنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشىدا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېزىلىش قائىدىسى قوللىنىلىپ كەلگەن. ھەرپ بىلەن تاۋۇشنىڭ ئۇقۇلۇشى مۇناسىۋىتى، ھەرپنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇندىكى ئۆزگىرىشلىرى ئاساسەن بىردەك. يېزىلىش شەكلى ۋە تەرتىپى قاتارلىقلار-

مۇ ئوخشايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھازىر ساقلانغانلىرى ئىچىدە، قولىيازما، ئويما، ئابىدە، باسما، بەلگە قاتارلىق بىر قانچە تۈرلەر بار. ئالايلۇق:

«ئىلىكخان قاغانلىقى خانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت پۈتۈكلىرى» (يول خېتى، خارجى ئىشلار خەت - چەكلىرى قاتارلىقلار)، «ياساندانىڭ راۋايەتلىرى»، «خۇايى تەرجىمىلىرى» قاتارلىقلار. ئويمىلاردىن خەنزۇچە - موڭغۇلچە يېزىقتا ئويۇلغان «نەسەپ-نامە»، «بۇت دراما ھەرىكەتلىرىدىن پەرھىزلەر» نىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلار.


ئابىدىلەردىن 1225 - يىلىدىكى «جاسارەت» ئەڭ بۇرۇنقى ئابىدىدۇر. يەنە كۈنمىڭدىكى چىجۇ ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان «يۈنەن پادىشاھلىرىنىڭ نوم بىتىگ ئابىدىلىرى»، «جاڭ ھەز-رەتنىڭ ئابىدىسى»، «جۇ ۋېنتەي ئابىدىلىرى»، «شىنىڭدىكى ۋاڭ بۇزرۇكۋار ئابىدىسى» قاتارلىقلار.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى
# موڭغۇل يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى[1]


而德教加于百姓刑于四海蓋天子之孝也
愛敬盡於事親
敬親者不敢慢於人
子曰愛親者不敢惡於人

① «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى» دىن ئېلىندى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىلى، 10 - ئاي نەشرى، 297 - بەت.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەقلىدىدىكى موڭغۇل يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىسى



خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە «نەسەبنامە» دىن بىر بەت

## 12. مانجۇ يېزىقى

### (1) كونا ۋە يېڭى مانجۇ يېزىقلىرى

مانجۇ يېزىقى چىڭ سۇلالىسى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ — مانجۇلار قوللانغان يېزىق. مانجۇلار قوۋۇقتىن كىرىشتىن ئاۋۋال، «مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىدار موڭغۇلچە كىتابلارنى ئوقۇيتتى، موڭغۇل تىلىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتەتتى». 1599 - يىلى، باش ۋەزىر ئېردەنىي ۋە گىگەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى نۇرخاچىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، موڭغۇل يېزىقىدىن پايدىلىنىپ، مانجۇ سىللىتىنىڭ يېزىقىنى كەشىپ قىلغانىدى. بۇ يېزىق تارىختا «دۇگىلەك چېكىتسىز مانجۇ يېزىقى» ياكى «موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

بۇ يېزىق مانجۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى توغرا خاتىرىلەپ بېرەلمىگەچكە، ئاران 30 يىل قوللىنىلغان. 1632 - يىلى دەرھەي چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى قونتاجىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، كونا مانجۇ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلدى. ئۇ بىر قىسىم ھەرپلەرنىڭ يېنىغا دۇگىلەك چېكىت قويۇش، ھەرپ شەكلىنى ئۆزگەرتىش، يېڭى ھەرپ قوشۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەسلىدە پەرقلەندۇرگىلى بولمايدىغان تاۋۇشلارنى ئىپادىلەپ بەردى، بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتتى ۋە قېلىپلاشتۇردى، يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ھەرپلەرنى قوشتى. قونتاجى يەنە «12 خەت بېشى» نى ئېلان قىلىپ، بۇ خىل يېزىقنى بىر قەدەر مۇكەممەللەشتۇردى. تارىختا بۇ يېزىق «چېكىتلىك مانجۇ يېزىقى» ياكى «يېڭى مانجۇ يېزىقى» دەپ ئاتالغان. ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان مانجۇ يېزىقى ئەنە شۇ.

### (2) مانجۇ يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

مانجۇ يېزىقىدا 40 ھەرپ بار، ئۇلار ئىچىدە ئالتە سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بار. يەنە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنى يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئون ھەرپ بار. مانجۇ يېزىقى تىك يېزىلىدىغان يېزىق بولۇپ،

سولدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خەت سىزىقلىرى مۇنداق: ھەرپ بېشى، ھەرپ ئەگمىسى، ھەرپ چەمبىرىكى، ھەرپ چېكىتى، ھەرپ ئاخىرىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپكە سۇرۇلىدىغان ۋە ھەرپلەرنى باغلايدىغان تىك سىزىق قاتارلىقلار.

مانجۇ يېزىقى دۆلەت بويىچە قوللىنىلغان يېزىق بولۇپ، «دۆلەت يېزىقى» دەپ ئاتالغان، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا مانجۇ يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى بىرلىكتە قوللىنىلغان، جۇملىدىن شىنجاڭ ۋە خوتەن رايونلىرىدىمۇ شۇنداق. شەنفېڭ، تۇڭجى يىللىرىدىن كېيىن مانجۇ يېزىقىنى ئىشلىتىش بارا - بارا سۇسلاشقان.

مانجۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىنتايىن مول. لېكىن، كونا مانجۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئەڭ چوڭى «مانجۇچە كونا ئارخىپ» دېگەن كىتاب، ئۇنىڭ ئورىگىنالى 40 قىسىم. يەنە «مانجۇرىيە خاتىرىسى»، 37 جىلتلىق بولۇپ، 180 قىسىم قىلىپ تۈپلەنگەن، ئۇ «چېكىتسىز ئارخىپ» تۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تاۋۇش بويىچە كۆچۈرۈلگەن «چېكىتلىك ئارخىپ» بار. ئۇ 180 قىسىم قىلىپ تۈپلەنگەن.

تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر ساقلىنىۋاتقان مانجۇ يېزىقىدىكى كىتابلار (مانجۇچە ئەسەرلەر، مانجۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر) جەمئىي 820 پارچىدىن ئارتۇق. ئالايلۇق:

پەلسەپە تۈرلىرى: «تۆت دەستۇر»، «پالنامە» قاتارلىقلار.

ئېتىكا تۈرلىرى: «كۆكتات يىلتىزى ھەققىدە»، «شاگىرت قائىدىسى» قاتارلىقلار.


ئەدەبىيات تۈرلىرى: «ئالتۇن ئۆزلەك قىسسىسى»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلار.

تارىخ تۈرلىرى: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، «ئەمىنىيە»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلار.

ھەربىي ئىشلار تۈرلىرى: «خۇاڭشى بۇزرۇكۋارىنىڭ مەك-تۇباتى»، «سۇنزىنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى» قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، «چىڭ سۇلالىسى يېزىقىدىكى 12 ھەرپ بېشى»، «چىڭ سۇلالىسى يېزىقىدىكى كىتابلار»، «غەيرىي يۇرت خاتىرى-سى»، «ئىلمىي ھېساب»، «دەريا تىزگىنلەش تەدبىرلىرى»، «گادىنجۇر نومى»، «ئىنجىل» قاتارلىقلار.

مانجۇ يېزىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى («بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى قامۇسى» دىن بىر بەت)



# مانجۇ يېزىقى ئېلىپبە جەدۋىلى①

ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ئېلىپبە جەدۋىلى

| خەنزۇچە ئوقۇلۇشى | سۆز بېشى | سۆز ئوتتۇرىسى | سۆز ئاخىرى |
|---|---|---|---|
| b | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| p | [illegible] | [illegible] | —— |
| m | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| f | [illegible] (a.e)<br>[illegible] (i.o.u.ū) | [illegible] | —— |
| d | [illegible] (a.i.o)<br>[illegible] (e.u.ū) | [illegible] | —— |
| t | [illegible] (a.i.o)<br>[illegible] (e.u.ū) | [illegible] ([illegible]) | [illegible] |
| n | [illegible] | [illegible] | [illegible] ([illegible]) |
| l | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| g.1 | [illegible] (a.o.ū)<br>[illegible] (e.i.u) | [illegible] | —— |
| k.2 | [illegible] (a.o.ū)<br>[illegible] (e.i.u) | [illegible] ([illegible]) | [illegible] ([illegible]) |
| h.3 | [illegible] (a.o.ū)<br>[illegible] (e.i.u) | [illegible] | —— |
| j | [illegible] | [illegible] | —— |
| q | [illegible] | [illegible] | —— |
| x.4 | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| sh | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| r.5 | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| y | [illegible] | [illegible] | —— |
| w | [illegible] (a.e) | [illegible] | —— |
| ng | | [illegible] | [illegible] |

سوزۇق تاۋۇشلۇق ئېلىپبە جەدۋىلى

| خەنزۇچە ئوقۇلۇشى | مۇستەقىل شەكلى | سۆز بېشى | سۆز ئوتتۇرىسى | سۆز ئاخىرى |
|---|---|---|---|---|
| a | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| e | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| i | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| o | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| u | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| ū.6 | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |

| خەنزۇچە ئوقۇلۇشى | مانجۇ يېزىقى شەكلى |
|---|---|
| g | [illegible] |
| k | [illegible] |
| h | [illegible] |
| zo | [illegible] |
| ci | [illegible] |
| si | [illegible] |
| r | [illegible] |
| c | [illegible] |
| zh | [illegible] |
| ch | [illegible] |

① «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىڭ سۈرىتى» دىن ئېلىندى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىلى، 10 - ئاي نەشرى، 332 - بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم خوتەندە هازىر ئىشلىتىلى-
# ۋاتقان تىل - يېزىقلار

## 1. ئومۇمىي بايان

خوتەن ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنداقلا كۆپ خىل تىل - يېزىق قوللىنىلىدىغان رايون. ئۇيغۇرلار 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئاهالىنىڭ 96% تىنى ئىگى-لەيدۇ. باشقا مىللەتلەردىن خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، قىرغىز، يەنە ناهايىتى ئاز ساندا قازاق، مانجۇ، موڭغۇل، ئۆزبېك، رۇس، شىۋە، تاتار قاتارلىق مىللەت بار. بۇلار ئىچىدە خۇيزۇ، مانجۇلار خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىدۇ.

خوتەن رايونىدا ئاساسلىقى تۆت خىل تىل، ئۈچ خىل يېزىق مەۋجۇت: خەنزۇ تىل - يېزىقى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، قىرغىز تىل - يېزىقى، تاجىك تىلى (شىنجاڭ تاجىكلىرى ئۇيغۇر يېزىقى-نى قوللىنىدۇ). مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ.

## 2. خوتەن رايونىدىكى تۆت خىل تىل

### 1) خەنزۇ تىلى

خەنزۇ تىلى خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل. خەنزۇ تىلى جۇڭگونىڭ ئاساسلىق تىلى ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل، شۇنداقلا دۆلەت تىلى. خەنزۇ تىلى دۇنيادا ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇ بىرلەش-كەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىزمەت تىلىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ.

خوتەن رايونى ۋە شىنجاڭدا خەنزۇ تىلى خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئالاقە قورالى، شۇنداقلا هەر

قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇھىم ئالاقە قورالى. خوتەن ۋە
شىنجاڭدىكى خەنزۇلار (خۇيزۇ ۋە مانجۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىـ-
گە ئالىدۇ) ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم
رايونلىرىدىن كەلگەن، ئوخشاش بولمىغان شىۋىلەردە سۆزلىشىـ-
مۇ، لېكىن ئۇلار ئالاقىدە ئاساسلىقى پۇتۇڭخۇانى قوللىنىدۇ.
شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن خەنزۇ، خۇيزۇلار ئىشلەتكەن
خەنزۇ تىلى ئاساسەن شىمال سۆزىدىكى غەربىي شىمال
دىئالېكتىدۇر.
2000 خەنزۇ تىلىنىڭ خوتەن ۋە شىنجاڭدا قوللىنىلغىنىغا
يىلدىن ئاشتى. تارىختا، خەنزۇ تىلى قەدىمكى ئۇدۇن ۋە شىنجاڭـ-
نىڭ باشقا بەزى جايلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان ھەم ھۆكۈمەت
ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل.
2) ئۇيغۇر تىلى
ئۇيغۇر تىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق مىللەت —
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئالاقە قورالى، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىـ-
دىكى باشقا بەزى مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان تىللار-
نىڭ بىرى.
ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىللە شەـ-
كىللەنگەن بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن
كۆچۈرگەن. بىزنىڭچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇنداق
بەش دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن: تۈركىي تىل دەۋرى، قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، خاقانىيەت تىلى دەۋرى، چاغاتاي تىلى
دەۋرى، ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. لېكىن بۇ تىللار بىر قەدەر ئۇزۇن
مەزگىللىكچە ئارىلاش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مۇنداق ئۈچ دىئالېكت رايونىغا
بۆلۈنىدۇ: مەركىزىي رايون دىئالېكتى، خوتەن دىئالېكتى، لوپـ-
نۇر دىئالېكتى.
خوتەن دىئالېكتى خوتەن ۋىلايىتىگە ۋە چەرچەن، چاقىلىقـ-
نىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارقالغان. مۇشۇ خىل دىئالېكتتا
سۆزلىشىدىغان ئاھالە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 20%

تىگە يەتمەيدۇ. لوپنۇر دىئالېكتى لوپنۇر ۋە چاقىلىقنىڭ مىرەن يېزىسى قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. مۇشۇ خىل دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ 0.4% تىگە يەتمەيدۇ. مەركىزىي رايون دىئالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتىدۇر. مەركىزىي رايون دىئالېكتى ئۈرۈمچى، ئىلى، تۇرپان، قومۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان. بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ.

1) فونېتىكا

(1) ئۇيغۇر تىلىدا 32 فونېما بار:

سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى 8: y ∅ u o i e ɛ a

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش: i e ɛ a

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش: y ∅ u o

تىل ئورنى ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى رولىغا قاراپ ئۈچ توركۇمگە ئايرىلىدۇ:

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش: y ɵ ɛ

تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش: u o a

تىل ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇش: i e

ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى 24:

b, p, t, dʒ, tʃ, χ, d, r, z, ʒ, s, ʃ, ʁ, f, q, k, g
η, i, m, n, h, w, j

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش:

b, dʒ, d, r, z, ʒ, ʁ, g, η, l, m, n, w, j

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش:

p, t, tʃ, χ, s, ʃ, f, k, h, q

2) ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىدا تاۋۇش ئورنى بويىچە ماسلىـ
شىش ۋە لەۋ ھالىتى بويىچە ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ
بار. تاۋۇش ئورنى بويىچە ماسلىشىشنىڭ تەلىپى بولسا بىر قەدەر
قاتتىق، لەۋ ھالىتى بويىچە ماسلىشىشنىڭ تەلىپى بىر قەدەر
بوش. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ
ماسلىشىشى ماھىيەتتە تاۋۇش ئورنى بويىچە ماشلىشىشتىن ئىباـ
رەت، لەۋ ھالىتى بويىچە ماسلىشىش (لوپنۇر دىئالېكتى بۇنىڭغا
كىرمەيدۇ) ئادەتتە تاۋۇش ئورنى بويىچە ماسلىشىش ۋە لەۋلەشـ
كەن بويىچە ماسلىشىش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى مۇـ
ھىم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتۇر. ئۇ سۆزدە تەكرار ئۇقۇلمايدىـ
غان بوغۇمدىكى a ياكى ɛ نىڭ قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا e ياكى i
تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىدەك ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئومۇمـ
يۈزلۈك ھادىسە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار ئاسسىمىلياتـ
سىيە بولۇپ كېتىدىغان ۋە چۈشۈپ قالىدىغان، قىسقىراپ كېتىـ
دىغان ئەھۋاللار بار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇ ئومۇمەن سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى
بوغۇمىغا چۈشىدۇ. ئۆزەكتىن كېيىن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا،
ئۇرغۇ ئارقىغا يۆتكىلىدۇ، ئادەتتىمۇ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمغا
چۈشىدۇ.

2) گراماتىكا

① مورفولوگىيە

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىـ
دىلىكى، مەنىسى ۋە ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولىغا قاراپ، مۇنداق
11 تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان، پېئـ
ئىل، رەۋىش، تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى) باغلىـ
غۇچىلار، ئۇلانمىلار، ئىملىقلار، تەقلىدىي سۆزلەر.

ئىسىم سان، شەخس كېلىشتەك گراماتىكىلىق كاتېگورىـ
يىگە ئىگە. سان بىرلىك سان، كۆپلۈك سان دەپ ئايرىلىدۇ.

كېلىش ئالتە خىل شەكىلدە بولىدۇ: باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنۈلۈش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش.

سۈپەت، بىر قىسىم سۈپەتلەر ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئۆزگىرىدۇ، جەمئىي مۇنداق ئۈچ دەرىجە بار: ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە.

پېئىللار دەرىجە، مەيىل، زامان، شەخس قاتارلىق گراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئىگە. پېئىللار ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ جانلىق بىر خىل سۆز تۈركۈمىدۇر.

② سىنتاكس

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر جۈملىدە كۆپ خىل باغلىنىشلاردا بولىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى، پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى، سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى، رەۋىشداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى مۇنداق: ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ: ئىگە جۈملىنىڭ بېشىدا، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، تولدۇرغۇچى ئىگە بىلەن خەۋەر ئارىلىقىغا، ئېنىقلىغۇچى تۈپ سۆزنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ھەرىكەت ۋە ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت خەۋەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. جۈملىنى چۈشەندۈرىدىغان ھالەت ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

③ لۇغەت تەركىبى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى تۆۋەندىكى ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە:

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىي تىل تۈركۈمى بىلەن مەنبەداش.

كۆپ مەنبەلىك قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر لۇغەت تەركىبىدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاسا-

سەن خەنزۇ تىلى، پارس تىلى ، ئەرەب تىلى، رۇس تىلى، موڭغۇل تىلى قاتارلىقلاردىن كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلى ياسالما سۆزلەرگە باي كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى چاپلىشاڭغۇ تىللارغا كىرىدۇ، تۇپ سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى سۆز ياساش، لۇغەت تەركىبىدىكى مەنىسىنى تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۇرۇش مۇھىم ئۇسۇلىدۇر. سۆز ياساش، سۆز قوشۇش يولى ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلما شەكلى. قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق سۆز ياساشتا ئالدى قوشۇمچىلار، ئارقا قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

3) خوتەن دىئالېكتى

خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى فونېتىكا، گراماتىكىلىق قۇرۇلما ۋە لېكسىكا جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

① فونېتىكا جەھەتتە

«r» تاۋۇشى بەزىدە «j» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى بويىچە ماسلىششى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، كۆپ ھاللاردا، ئۇ تاۋۇش ئورنى بويىچە ماسلىشىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ قەدىمكى شەكلى ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، q تاۋۇشى ʁ ۋە k ، g دەپ ئوقۇلىدىغان ئەھۋاللار بار. p ، k ، q لار سۆزنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا p ، k ، q قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاجىزلاشمايدۇ.

② لېكسىكا جەھەتتە

بەزى سۆزلەردە مەنە جەھەتتىن پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلىرى بولسا تامامەن ئوخشىمايدىغان سۆزلەر، بەزىلىرى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر.

| ئەدەبىي تىل | خوتەن دىئالېكتى | |
|---|---|---|
| ʃaq'iratma | azma | (ئازما) |
| pajtima | orundʒa | (ئۆرۈنجە) |
| tʃaŋ—topa | boʁunaq' | (بورخۇناق) |
| ɛmtʃɛk | bedʒik | (بېجىق) |
| kytʃiyk | tɛjlik | (تەيلىك) |
| jaʁatʃdas | jasaŋ | (كاساڭ) |
| it | sɛg | (سەگ) |
| jaʁatʃtʃi | xarɛt | (خارەت) |

③ گراماتىكا جەھەتتە

سۈپەت سۆزلىرىدە ئەركىلەتمە سۈپەت سۆزلىرىنى كۆرسىـ‑ تىدىغان قوشۇمچىلار kina — gina/ —qina/ —ʁina— لاردىن كېيىن k—/q— تاۋۇشلىرى قوشۇلىدۇ. «yp, up—, ip—, p—» تۈزۈلگەن رەۋىشداشلاردىن كېيىن ياردەمچى پېئىل «jat» (wat ئەمەس) قوشۇلۇپ كەلسە، ئۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتـ‑ قانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامان ھالىتىدە كەلگەن پېئىلـ‑ لاردىكى بىرىنچى شەخسلىك سۆزنىڭ ئالدىغا «t—» (ئىككىنچى شەخستە بولسا «t» قوشۇلمايدۇ)، ئۈچىنچى شەخستە بولسا «tu— (du— ئەمەس) قوشۇلىدۇ.

3) قىرغىز تىلى

خوتەن ۋىلايىتى (گۇما ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى قاتار‑ لىق ناھىيىلەر) دىكى قىرغىزلارنىڭ سانى 1000غا يېتىدۇ. قىر‑ غىز تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى گۇما ناھىيىسىنىڭ كەڭقىر قىرغىز ئاپتونوم يېزىسىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قىر‑

غىزلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ياكى باشقا تىل-
لارنىمۇ بىلىدۇ.
1) تىل تاۋۇشى
① سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش
قىرغىز تىلىدا 37 فونىما، 14 سوزۇق تاۋۇش فونىمىسى
(8 قىسقا سوزۇق تاۋۇش، 6 ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) بار.
قىسقا سوزۇق تاۋۇش: a, ə, e, i, o, u, ɵ, y
ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش: aː eː oː uː ɵː yː
ئۈزۈك تاۋۇش فونىمىسى 23. بۇنىڭ ئىچىدە جاراڭلىق
ئۈزۈك تاۋۇشلار:
b, d, g, ʁ, ʒd, w, z, j, ʒ, l, m, n, ŋ, r
جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: p, t, k, q, tʃ, f, s, ʃ, χ
② سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى
قىرغىز تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچ-
لۈك، بولۇپمۇ تاۋۇش ئورنىدىكى ئاھاڭداشلىق خېلىلا ئومۇميۈز-
لۈك، لەۋ ھالىتىنىڭ ماسلىشىشى ئانچە دېگەندەك ئەمەس. يې-
قىنقى دەۋرلەردە قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلاردا سوزۇق تاۋۇشلار-
نىڭ ئاھاڭداشلىقى قانۇنىيىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆ-
رۈلۈشكە باشلىدى. ئالايلۇق:
飞机 ajropilan 党 partija
③ ئۇرغۇ
كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە، ئۇرغۇ كۆپىنچە سۆزنىڭ ئاخىر-
قى بوغۇمىغا چۈشىدۇ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز
تۈرلىگۈچى تەركىبلەر بار سۆزلەردىمۇ ئۇرغۇ قوشۇمچىلارنىڭ
ئەڭ ئاخىرىدىكى بوغۇمغا چۈشىدۇ.
(2) گىراماتىكا
① سۆز تۈركۈملىرى
قىرغىز تىلىدا 11 خىل سۆز تۈركۈمى بار: ئىسىم، سۈ-
پەت، سان، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، تىركەلمىلەر، باغلىغۇ-
چىلار، ياردەمچى سۆزلەر، ئىملىقلار، تەقلىدىي سۆزلەر.

ئىسىملار سان، كېلىش، تەۋەلىك شەخس، خەۋەرلىك شەخس قاتارلىق كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلىدۇ. ئىسىملاردا بىرلىك سان ۋە كۆپلۈك سان پەرقلىرى، باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش پەرقلىرى بولىدۇ.

سۈپەتلەر ئەسلى سۈپەت، نىسپىي سۈپەت دەپ بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى سۈپەت ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل، ئۆتۈمسىز پېئىل دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا سان، شەخس، دەرىجە، راي، زامان قاتارلىق كۆپ خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بار، ئۇ مۇرەككەپ ھەم جانلىق بىر سۆز تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ.

② جۈملە

قىرغىز تىلىدىكى جۈملىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرى ئىگە بىلەن خەۋەر، ئىككىنچى ئورۇندىكى تەركىبلىرى باشقا ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۆز تەرتىپىدە، ئومۇمەن ئىگە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىسىدا كېلىدۇ، تولدۇرغۇچى ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ، ئېنىقلىغۇچى مەركىزىي سۆزنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ھالەتنىڭ ئورنى ئېھتىياجغا قاراپ، خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلسىمۇ، جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

③ لۇغەت تەركىبى

قىرغىز تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئەسلىدە بار سۆزلەر، قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي سۆزلەر ئەسلىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللار بىلەن مەنبەداش، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە قىرغىز تىلى، خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە رۇس تىلى قاتارلىق تىللاردىن كۆپ سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان.

4) تاجىك تىلى

خوتەن ۋىلايىتىدىكى تاجىكلارنىڭ ئاھالىسى 1000غا يېتى-

دۇ، ئۇلار ئاساسلىقى گۇما ناھىيىسىنىڭ نەۋئابات تاجىك مىللىي
يېزىسىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ سانلىق تاجىكلار چار-
ۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى قوشۇمچە دېھقان-
چىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى تاجىكلار 36 مىڭدىن كۆپرەك، بۇلارنىڭ 65%
ئاھالىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە-
سىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، خوتەن ۋىلايىتىدىكى تاجىكلار-
دىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاس-
تىدىمۇ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئون مىڭدىن كۆپرەك تاجىك
ئاھالىسى بار.

«tadʒik» تاجىكلارنىڭ ئۆز نامى. ئۇلارنىڭ مىللەت مەنبە-
سىنى قەدىمكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆز-
لىشىدىغان قەبىلىلەردىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئۆز تىلى بار. شىنجاڭدىكى تاجىكلار سۆزلى-
شىدىغان تاجىك تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران
تىلى گۇرۇپپىسى پامىر تىلى تارمىقى (ئىران تىلى گۇرۇپپىسى-
نىڭ شەرقىي تارمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا كىرىدۇ، شىنجاڭدىكى
تاجىك تىلى ئاساسەن سارىكول ۋە ۋاخان تىلىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى تاجىك تىلىنىڭ يېزىق شەكلى يوق، خوتەن
ۋىلايىتىدىكى تاجىكلار تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى
تاجىكلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا خاتى-
رىلەيدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشمۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئارقى-
لىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(1) سۆز تاۋۇشى

① سوزۇق تاۋۇش 14.

تاق سوزۇق تاۋۇش 6: o, ɯ, u, a, e, i
(ئالدىنقى ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇش e تاڭلايلىشىش رولىنى
ئوينايدۇ، كېيىنكى ئوتتۇرا لەۋلىك سوزۇق تاۋۇش o نىڭ
(ʌ) ۋارىيانتى بار. ئالايلۇق: χʌʃ خوش).

جۈپ سوزۇق تاۋۇش: 8: ou, ɯu, eu, iu, oi, ɯi, ui, ei

p, b, m, w, f, v, θ, ð, t, d, n, l, r, s, z, ②
ts, dz, ʃ, ʒ, tʃ, dʒ, j, k, g, x, ɣ, q, χ, ʁ, h

③ بوغۇملاردا تون بولماي ئۇرغۇ بولىدۇ. سۆزدىكى ئۇرغۇ ئادەتتە ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشىدۇ.

2) لۇغەت تەركىبى

شىنجاڭنىڭ تاجىك تىلىدا ئىران تىلى گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردا، ياكى ئاۋام تىلى، ياكى دىئالېكتىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنبەداش سۆزلەر ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

سۆز ياساش سۆز ئۆزەككە سۆز ياسىغۇچى ئەگەشمە مورفېمىلارنى قوشۇش ۋە سۆز بىلەن سۆزنى بىرىكتۈرۈشتەك ئىككى خىل ئاساسىي ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قوبۇل قىلىنغان سۆز مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى شىنجاڭ تاجىك تىلى سۆزلىرى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاساسەن پارس، ئەرەب، تۈرك، خەنزۇ تىلى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسىنىڭ تىل گۇرۇپپىلىرىدىكى تىللاردىن كەلگەن، يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى تاجىك تىلىدا قوللىنىلغان يېڭى ئاتالغۇلار ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ياكى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان.

③ مورفولوگىيە

تاجىك تىلىدا ئون بىر خىل سۆز تۈركۈمى بار: ئىسىم، ئالماش، سان، سۈپەت، پېئىل، رەۋىش، يۈكلىمىلەر، ئالدى قوشۇمچىلار، ئارقا قوشۇمچىلار، باغلىغۇچىلار، ئىملىقلار.

ئىسىملاردا سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بار. سانلار بىرلىك سان، كۆپلۈك سانغا بۆلۈنىدۇ، كېلىشلەردە تۆت خىل شەكىل بار: باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش.

سۈپەتلەردە دەرىجە دائىرىسى بولىدۇ. ئۇ ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە دەپ ئايرىلىدۇ.

پېئىللاردا زامان، دەرىجە، تۈس، شەخس قاتارلىق گراما-

تىكىلىق كاتېگورىيىلەر بار.

④ سىنتاكس

تاجىك تىلى جۈملىلىرى ئىگە، خەۋەر، تولۇقلىغۇچى، قىستۇرمىدىن ئىبارەت تۆت خىل تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۆز تەرتىپى ئادەتتە مۇنداق بولىدۇ: تولۇقلىغۇچى خەۋەرنىڭ ئالدىدا، ئىگە تولۇقلىغۇچىنىڭ ئالدىدا، قىستۇرمىلار كۆپىنچە جۈملە بېشىدا كېلىدۇ.

## 3. خوتەندە هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۈچ خىل يېزىق

خوتەن ۋىلايىتىدە هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۈچ خىل يېزىق: خەنزۇ يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، قىرغىز يېزىقى.

### 1) خەنزۇ يېزىقى

(1) خەنزۇ يېزىقى خەنزۇ تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق. خەنزۇ يېزىقى ئەسلىي پىكتوگرافىك يېزىقتىن كەلگەن بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى، ئۇ تەخمىنەن 6000 يىللىق تارىخقا ئىگە. خەنزۇ يېزىقى يىن، شياڭ دەۋرىدىكى (چىغناق - تاغاق يېزىقى ۋە شاڭ، سۇلالىرى دەۋرىدىكى مېتال پۈتۈكتىن ئۆزگەرگەن. خەنزۇ يېزىقى بىر خىل بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، بىر خەت سۆزدىكى بىر بوغۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، هەر بىر خەت بىر خىل مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. يېزىق شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭدا يېرىمى مەنىنى، يېرىمى تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان تەقلىدىي يېزىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن خەنزۇ يېزىقىنىڭ 80% تىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) قەدىمكى كلاسسىك كىتابلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي يۇرت (خوتەن ۋە شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا خەنزۇ تىل - يېزىقى ئەڭ بۇرۇن قوللىنىلغان تىل - يېزىقلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ.

جاڭ چيەن يول ئاچقان (مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 119 - يىلى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم كەلگەن)، جېڭجى

غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەك مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇقچىبېگى بولغان
(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) دىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقى-
دىكى ئەمر - پەرمانلار غەربىي يۇرتقا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى،
بەن چاۋ، بەن يۇڭ ئاتا - بالا غەربىي يۇرتقا لەشكەر تارتىپ
كېلىپ، جۇڭگونىڭ چېگرا زېمىنىنى ئاچتى، مەركەز غەربىي
يۇرتقا بولغان باشقۇرۇش ئورنىنى ساقلاپ قالدى، دۇنياغا مەشھۇر
يىپەك يولىنى ئېچىپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيە-
تىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ياراتتى. خەنزۇ تىلى
ۋە يېزىقىمۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈ-
مەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تىل ۋە يېزىققا ئايلاندى.

خوتەن ۋىلايىتىدىن قېزىۋېلىنغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە
ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن خەنزۇ يېزىقىنىڭ كەڭ قوللى-
نىلغانلىق ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاق-
سىپىلدىن خوتەن ئات سۈرەتلىك يارماقلىرى تېپىلغان بولۇپ،
كىشىلەر ئۇنى «خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل»
دەپ ئاتىدى. پۇلنىڭ بىر يۈزىگە «24 جۇلۇق مىس پۇل» دېگەن
خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىگە «ئۇلۇغ شاھ،
شاھىنشاھ، بۈيۈك زات جۇگېموييىسۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدى-
غان قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن. نىيە ناھىيىسى بازىرىنىڭ
شىمالىدىكى نىيا خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان خەن، جىن سۇلا-
لىرى دەۋرىگە تەئەللۇق 55 تارىشا پۈتۈك، شەرقىي خەن سۇلالى-
سى دەۋرىگە ئائىت بەش جۇلۇق پۇل، «زىرائەت مەھكىمىسى
مۆھۈرى» قاتارلىقلار ئەڭ قىممەتلىك ماددىي پاكىتلاردۇر. بۇلار
قەدىمكى زاماندا خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇدۇن خەلقىنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلى-
قىنى، شۇنداقلا، خەنزۇچە يېزىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى خوتەن ۋە شىنجاڭ
رايونىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى-
نىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىر تەركى-

بى قىسمى بولۇپ كەلگەن. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك باردى - كەلدى قىلىشى، ئۆزئارا چۈشىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىمۇ تەدرىجىي ھالدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىشتىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە خەلق ئارىسىدا ئىشلىتىشكە راۋاجلىنىپ، خوتەن ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم ئالاقە قورالىغا ئايلاندى.

### 2) ئۇيغۇر تىلى

ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇرلار تۈرك يېزىقى (ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى، تۈرك - رونىك يېزىقى، كۆك تۈرك يېزىقى)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئۇيغۇر كونا يېزىقى، لاتىن ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ۋە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن، يەنە ئايرىم مەزگىللەردە مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە سوغدى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، براھمان يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى (قەدىمكى زاڭزۇ يېزىقى) خاقانىيە يېزىقى ۋە باشقا بەزى يېزىقلارنىمۇ ئىشلەتكەن.

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى، چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى (كونا ئۇيغۇر يېزىقى) بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ھەرپى 32 (28 ئەرەب ھەرپى، 4 پارس ھەرپى).

1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىسى توغرىسىدىكى قارارى» دا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپى 30 قىلىپ بېكىتىلدى.

1959 - يىلى لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى لايىھىسى تۈزۈلۈپ، كۆپ يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق 1965 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ يېڭى يېزىقنىڭ ھەرپى 36 ئىدى.

1976 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنى يېڭى يېزىقنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش، كونا يېزىقنى ئىشلىتىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى.

1982 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ سانلىق يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى يولغا قويۇشنىڭ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى دەپ قارىدى. يىغىن ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى ئەسلىدىكى يېزىقنى داۋاملىق قوللىنىش، ئەسلىدىكى يېزىق ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى تاۋۇشلۇق بەلگە تەرىقىسىدە ساقلاپ قېلىش ھەمدە زۆرۈر تېپىلغان سورۇنلاردا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

1983 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسىنى جاكارلىدى.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ ئىملا قائىدىسى 1985 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلدى.

32 ھەرپ ئىچىدە:

سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان ھەرپ:

a, ɛ, e, i, o, ∅, u, y

24 ئۈزۈك تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان ھەرپ بار، بۇلار ئىچىدە:

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش 15:

b, d, g, m, n, ŋ, l, r, ʒd, w, z, ʒ, j, ʁ, h

جاراڭسىز تاۋۇش توققۇز:

p, t, k, tʃ, s, ʃ, q, x, f

# هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| تەرتىپ نومۇرى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىشى | باش ۋە ئاياغدىن ئۇلىنىشى | ئاياغدىن ئۇلىنىشى | ترانسكرىپسىيەسى | تەرتىپ نومۇرى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىشى | باش ۋە ئاياغدىن ئۇلىنىشى | ئاياغدىن ئۇلىنىشى | ترانسكرىپسىيەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا ئا | / | / | ـا (ـا) | a | 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | q |
| 2 | ە ئە | / | / | ـە (ـە) | e | 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | k |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | b | 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | g |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | p | 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ŋ |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | t | 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل لا ـلا | l |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | dʒ | 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | m |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | tʃ | 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | n |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | x | 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ɦ |
| 9 | د | / | / | ـد | d | 25 | و ئو | / | / | ـو (ـو) | o |
| 10 | ر | / | / | ـر | r | 26 | ۇ ئۇ | / | / | ـۇ (ـۇ) | u |
| 11 | ز | / | / | ـز | z | 27 | ۆ ئۆ | / | / | ـۆ (ـۆ) | ø |
| 12 | ژ | / | / | ـژ | ʒ | 28 | ۈ ئۈ | / | / | ـۈ (ـۈ) | y |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | s | 29 | ۋ | / | / | ـۋ | w |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | ʃ | 30 | ې ئې | ېـ ئېـ | ـېـ | ـې ـې | e |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | ʁ | 31 | ى ئى | ىـ ئىـ | ـىـ | ـى ـى | i |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | f | 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | j |

# هازىرقى قىرغىز يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىكى ئىشلىتىلىشى | ئوتتۇرىدىكى ئىشلىتىلىشى | ئاخىرىدىكى ئىشلىتىلىشى | ترانسكرىپسىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | ئـ | | ـا | a |
| 2 | ب | بـ | ـبـ | ـب | b |
| 3 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | p |
| 4 | ن | نـ | ـنـ | ـن | n |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | t |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | ʤ |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | ʧ |
| 8 | ح | حـ | ـحـ | ـح | χ |
| 9 | ف | فـ | ـفـ | ـف | f |
| 10 | ق | قـ | ـقـ | ـق | q |
| 11 | ع | عـ | ـعـ | ـع | ʁ |
| 12 | ک.ك | کـ | ـکـ | ـك | k |
| 13 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | g |
| 14 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ŋ |
| 15 | ل | لـ | ـلـ | ـل | l |

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىكى ئىشلىتىلىشى | ئوتتۇرىدىكى ئىشلىتىلىشى | ئاخىرىدىكى ئىشلىتىلىشى | ترانسكرىپسىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 16 | م | مـ | ـمـ | ـم | m |
| 17 | و | و | | ـو | o |
| 18 | ۅ | ۅ | | ـۅ | ø |
| 19 | ۇ | ۇ | | ـۇ | u |
| 20 | ۉ | ۉ | | ـۉ | y |
| 21 | ۋ | ۋ | | ـۋ | v |
| 22 | س | سـ | ـسـ | ـس | s |
| 23 | ش | شـ | ـشـ | ـش | ʃ |
| 24 | د | د | | ـد | d |
| 25 | ر | ر | | ـر | r |
| 26 | ز | ز | | ـز | z |
| 27 | ە | ە | | ـە | e |
| 28 | ى | ىـ | ـىـ | ـى | ə |
| 29 | ئى | ئـ | ـئـ | ـئى | i |
| 30 | ي | يـ | ـيـ | ـي | j |

### 3) قىرغىزلار يېزىقى

قىرغىزلار تۈرك يېزىقىنى ئىشلەتكەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقى سىستېمىسى ئاساسىدىكى تاۋۇشلۇق يېزىق — چاغاتاي يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. لېكىن، سوزۇق تاۋۇشنى خاتىرىلەيدىغان بەلگە كەمچىل بولغان بۇ خىل يېزىق بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئېغىز تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ بولغاچقا، قىرغىزلار ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ۋە ئۇنى تولۇقلاپ، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى قىرغىز يېزىقىنى ئىشلەپ چىقتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، قىزىلسۇدىكى بەزى قىرغىز باشلانغۇچ مەكتەپلىرى مۇشۇ خىل يېزىق بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. لېكىن، بۇ يېزىقتا كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلىنمىغان.

بۇ يېزىق جەمئىي 25 ھەرپ ۋە بەزى قوشۇمچە بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا بەش سوزۇق تاۋۇش، 20 ئۈزۈك تاۋۇش بار.

1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قىرغىز يېزىقىنىڭ يېزىلىش قائىدىسىنى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسى توغرىسىدىكى قارار (ھۆكۈمەت، ئىككىنچى، ئىشخانا، 0388 نومۇرلۇق ھۆججەت) نى ئېلان قىلدى. قىرغىز يېزىقىنىڭ ھەرپى جەمئىي 30 قىلىپ بېكىتىلدى.

ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قىرغىز يېزىقىنىڭ ھەرپى جەمئىي 30 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 22 ئۈزۈك تاۋۇش بار («ھازىرقى قىرغىز يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» گە قارالسۇن).

ئاپتور: شياۋ جۈيى

# توققۇزىنچى باب

## خوتەننىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

خوتەننىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى خوتەن خەلقى ئارىسىدا ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىش داۋامىدا پەيدا بولغان ۋە داۋاملىشىپ كۆلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇ خوتەننىڭ تارىخىدا ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تارىخي دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ قويۇق بىرىش - كېلىش قىلىشى ھەم قوشۇلۇشىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭدار، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ دائىرىسى ئىنتا- يىن كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆت چوڭ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ماددىي ئۆرپ - ئادەت؛ (2) ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت؛ (3) مەنىۋى ئۆرپ - ئادەت؛ (4) تىل ئۆرپ - ئادىتى.

بۇ تۆت قىسىم ئورگانىك بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرى- سىدا بىر - بىرىنى سەۋەب - نەتىجە قىلىش، بىر - بىرىنى ئىچكى - تاشقى سەۋەب قىلىش، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئىچكى لوگىكىلىق مۇناسى- ۋەت بار، ئاۋامنىڭ ئورتاق پسىخىكىسى، قىممەت قارىشى، تە- پەككۇر ئەندىزىسى ۋە ئېستېتىك زوقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ ھەم دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇ-

رىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا تارىخنىڭ ۋە كېلەچەكنىڭ بىخلىرى مۇ-
جەسسەملەنگەن، تارىخىي قىممەتكە ئىگە. تۆۋەندە خوتەننىڭ (ئە-
مەلىيەتتە خوتەندىكى ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ) يېمەك -
ئىچمەك ئادىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرى، ئۆرپ -
ئادەتلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم يېمەك - ئىچمەك ئادىتى

مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى،
ئىنسانلار خام پېتى يېيىش، پىشۇرۇپ يېيىش ۋە تاماق ئېتىپ
يېيىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەن. خوتەن-
لىكلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمۇ ئوخشاشلا ئاشۇنداق ئۈچ
باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھى-
تى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى
قاتارلىق شارائىتلىرىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك
ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ يېمەك - ئىچمەك خام ماتېرىيالى،
تاماق ئېتىش ئۇسۇلى، سەپلەش تەجرىبىسى، قازان - قومۇچ،
قاچا - قۇچا تۈرى، ئوزۇقلۇق قىممەت قارشى، تەم جەھەتتىكى
ئۆزگىچىلىكى، كۈندىلىك تاماق ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك كەس-
پى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تىجارەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇ-
ناسىۋەتلىك ناملار، كەسپىي تىل ۋە پەرھىز قاتارلىق ئىجتىمائىي
قۇرۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خوتەننىڭ يېمەكلىك ئادىتى تۈرىنى ئاساسلىق ماتېرىيالغا
قاراپ مۇنداق تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: ئۇن تائاملىرى
ئادىتى، گۈرۈچ تائاملىرى ئادىتى، گۆشلۈك تائاملىرى ئادىتى
ۋە باشقا ئادەتلەر.

## 1. ئۇن تاماقلىرى بىلەن غىزالىنىش ئادىتى

ئۇن تائاملىرى ئادىتى تۈرىنى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. نان تۈرى، ئاش تۈرى ۋە قىيمىلىق تاماق تۈرى.

نان تۈرى ئىچىدە كاكچى نان، گىردە نان، گۆشگىردە، سامسا، ياغلىق توقاچ، زاغرا نان، ئارپا نېنى، كۆمەچ ۋە قۇيماق قاتارلىقلار بار. نان ئىشلىتىلىشىگە قاراپ ئۆي نېنى، بازار نېنى، مېھمان نېنى، سەپەر توقچى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە تەمى، شەكلى ۋە ئىسمى بار. ھازىرقى زاماندىكى خوتەندە نان ئائىلىلەردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك قولايلىق تېز غىزا بولۇپ، كۈندىلىك تۇر-مۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ. ناننىڭ سىستېمىلىق تەرەققىي قىلى-شى ۋە مۇشۇنداق ئومۇملىشىشى ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي شارائىتقا ماسلىشىشتەك مۇھىم ئامىلغا ئىگە ئى-كەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قەدىمىي بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. خەنزۇ يېزىقىدىكى «饢» (نان) خېتى سىزىقلىرى بەكلا مۇرەككەپ مەخسۇس خەت بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇنجى قېتىم «تارىخىي خاتىرى-لەر» دە ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن ناننىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «كۆمەچ» توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. قوقاستا «كۆمەچ» پىشۇرۇش زاكىزۇلار ئارىسىدىمۇ تارقالغان. ئۇلار ئۇنى «ئۈچ قېتىم كاچاتلاش، ئۈچ قېتىم قېقىشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئاتايدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن پۇۋلەپ تۇرۇپ كاچاتلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۈلنى تازىلىغىلى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، كۆمەچ نان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەدىمىي غىزالى-نىش ئادىتىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى چارۋا بېقىش،

سەپەر قاتارلىق تاماق ئېتىش مۇمكىن بولمايدىغان، شۇنىڭغا ئوخشاش دالا تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك، كۆمەچ ئىستېمال قىلىش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كۆمەچ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بارغانسېرى سۇسلاشماقتا.

زاغرا نان قوناق نېنىنىڭ ئالاھىدە ئاتىلىشى. ئۇزۇن يىللار داۋامىدا زاغرا نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دېھقان چارۋىچىلارنىڭ غىزاسى ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقان نان تۈرى ئىدى، ئۇ قورساقنى تويغۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى جىسمانىي ئەمگەكچىلەر يېيىشنى ياقتۇرىدىغان، ئادەتتىكى ئائىلىلەردە دائىم بولىدىغان غىزا تۈرى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، زاغرا قېتىق، شورپا، جىگدە شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بىللە يېيىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ زاغرا نېنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭلىق. باشقا ۋىلايەتلەردە زاغرا خېمىرىنى كاللەكلەش ۋە نان شەكلىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى قايناق سۇدا يۇغۇرىدۇ، قايناقسۇدا يۇغۇرۇلغان خېمىرنىڭ نېنى مەززىلىك بولمايلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق، يىرىك پىشىپ قالىدۇ، چايغا چىلىسىمۇ يۇمشىمايدۇ. پەقەت خوتەندە قوناق ئۇنى ناھايىتى يۇمشاق تارتىلىپ، ئۇن سوغۇق سۇدا يۇغۇرۇلىدۇ، بەزىدە يەنە پىياز، كاۋا، قوي مېيى قاتارلىقلار ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بۇنداق زاغرىدا قوناق ئۇنىنىڭ تەبىئىي تەمى بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنىڭ زاغرىسىدا بۇنداق تەم بولمايدۇ، ئەگەر يېڭىلا تونۇردىن چىققان زاغرىنى ئىسسىقىدا ياڭاق مېغىزى بىلەن قوشۇپ يېسە تەمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ خىل زاغرىمۇ بازارغا يۈزلەندى.

ئۇيغۇرلار نان پىشۇرىدىغان ئوچاقنى تونۇر دەپ ئاتايدۇ، ئۇ ئورەك شەكىلدىكى ئوچاق بولغاچقا، يەرلىك خەنزۇلار «نان ئوردىكى» دەپ ئاتايدۇ. تونۇر دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئىدىشقا ئوخشىشىپ

كېتىدۇ. ئاغزى كىچىك، قورساق قىسمى چوڭ، تونۇرنىڭ يەر-
گە تېگىپ تۇرىدىغان بىر تەرىپىگە دۈتخانا قالدۇرۇلىدۇ، تونۇر-
نىڭ يۈزىگە شور ئىشلىتىلىدۇ. كىشىلەر تونۇر سالغاندا، مۇۋا-
پىق ئورۇن تاللاپ، ئالدى بىلەن نەم قۇم توپىدىن قېلىپ ياسى-
ۋالغاندىن كېيىن، شورنى ئۇششاق سوقۇپ ۋە ئۇنىڭدىن لاي
يۇغۇرۇپ، توپا قېلىپقا ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئاستا چاپلاي-
دۇ. تونۇرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىنى-
دۇ، ئەمما قېلىن - نېپىزلىكى مۇۋاپىق ۋە تەكشى بولۇشى
كېرەك. تەجرىبىلەر كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرغانكى، ئۇ ناننىڭ
سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق مەسىلە. شور
قېلىن چاپلىنىپ قالسا، ناننىڭ سىرتى كۆيۈپ كېتىپ ئىچى خام
قالىدۇ، نېپىز چاپلىنىپ قالسا، نان قۇرۇق ۋە قاتتىق چىقىپ
قالىدۇ. شۇڭا، ئومۇمەن تونۇرنى خەلق ئارىسىدىكى تەجرىبىلىك
ئۇستىلار ياكى ئائىلە ئاياللىرى سالىدۇ. شور چاپلىنىپ بولغان-
دىن كېيىن تونۇر سىرتىغا قۇم توپا قويۇلۇپ، تونۇرنى مەركەز
قىلغان ھالدا، ئېگىزلىكى توپا قېلىپ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش
بولغان تۆت چاسا سۇپا ياسىلىدۇ، تونۇرنىڭ ئىچىدىكى قېلىپ
توپىسى دۈتخانا ۋە ئۈستى تەرەپتىكى ئېغىزىدىن قول بىلەن
پاكىز چىقىرىۋېتىلىدۇ ھەمدە قۇرۇق شاخ - شۇمبا، پاسار،
سامان قاتارلىقلاردا ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
تونۇر پۈتىدۇ. تونۇر ئېغىزى ئوت قالاشقىمۇ، ناننى ئېگىشىپ
تونۇرغا يېقىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. نان يېقىشقا توغرا كەلگەندە،
تونۇر ئاقارغىچە ئوتۇن سېلىنىپ، تونۇر ئىچىدە چوغلار قالدۇ-
رۇلىدۇ، ئاندىن تونۇر يۈزىگە تۇز سۈيى سېپىلىپ، تېمپېراتۇرا
تەڭشەلگەندىن كېيىن، ھەر خىل نانلارنى يېقىپ پىشۇرۇشقا
بولىدۇ. ئەگەر كاكچى نان يېقىشقا توغرا كەلسە، نان ئۇدۇللۇق
يېقىلىپ، ئۇدۇللۇق ياغاچ دەستىلىك تۆمۈر ئىلغۇچ بىلەن قومۇ-
رۇلىدۇ. تونۇرنى بىر قېتىم قىزىتقاندا 100 كىلوگرام ئۇننىڭ

نېنىنى پىشۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر گىردە ياكى سامسا يېقىشقا توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال گىردە ياكى سامسا تەييارلىنىدۇ، ئاندىن تېزلىك بىلەن تونۇرغا لىق يېقىلىدۇ، تونۇرنىڭ ئاستى تەرىپىدى- كى دۇتخانا ۋە تونۇر ئېغىزى ھىم ئېتىلىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا بۇسلانغاندىن كېيىن، دۇتخانا ۋە تونۇر ئېغىزى ئېچىۋېتىلىپ، تونۇردىكى گىردە ياكى سامسا چوغ بىلەن يەنە 15 مىنۇت ئەتراپىدا پىشۇرۇلۇپ يۈزى سارغايغان ھامان قومۇرۇلىدۇ، شۇ چاغدا يېيىشكە بولىدۇ، تەمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

نان يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تەييار ئوزۇقنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، كىشىلەر قوتۇرماچ، ئارپا نېنى قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «قازان نېنى» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا، بىز خوتەن- لىكلەرنىڭ قۇيماق، پوشكاللىرىنىمۇ مۇشۇ قاتاردا شەرھلەيمىز.

قۇيماق خوتەنلىكلەر تۇز سېلىپ يۇغۇرۇپ تىندۇرۇلغان خېمىرنى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇپ ئېتىدىغان ناننىڭ نامى. خوتەن خەلقى ئىچىدە ئەجدادلىرىنى ياد ئېتىش ۋە ئەجدادىنىڭ روھىغا نەزىر بېرىشتە ئىشلىتىدىغان نەزىر تامىقى ھېسابلىنىدۇ.

پوشكال كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇندىن ئېتىلىدىغان بىر خىل قازان نېنىنىڭ ئاتىلىشى، ئۇنى ئېتىشتە تۇخۇم بىلەن ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن تۇز ۋە توغرالغان پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ماي بىلەن داغلانغان قازانغا تەكشى يېيىتىلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇخۇم نېنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا كونكرېت ئاتىلىشى بار. ئىزدىنىشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، خوتەنلىكلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل قازان نېنىنى ئاتىشى باشقا ۋىلا- يەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، يەنى باشقا ۋىلايەتلەردىكى ئۇيغۇرلار ئالدىنقىسىنى «پوشكال»، كېيىنكىسى- نى قۇيماق دەپ ئاتايدۇ.

خېمىر ئاش تۈرى ئىچىدە چۆپ، سۇيۇقئاش ۋە لەغمەن بار.

چۆپ ئاش ئاساسەن سويۇقئاش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا خېمىرنىڭ كېسىلىش شەكلىگە ئاساسەن ھەر خىل ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، كىچىك ئۇچ بۇلۇڭ شەكىلدە كېسىلگىنى قۇشقاچ تىلى ئاش دېيىلىدۇ؛ خېمىرى سوقا تۆت بۇرجەك شەكىلدە كەڭ كېسىلگىنى ئۇگرە ئاش دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇيى پەسىل، بايلىق، نامراتلىق ۋە ئېھتىياج قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ خېمىرى پىششىق تۇرغۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پىلتە قىلىنىپ، بىر ئاز تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن بېسىپ ياپىلاق قىلىپ سوزۇلۇپ، قايناۋاتقان قازانغا بىۋاستە ئۇزۇپ تاشلىنىدۇ. ئۇزۇپ تاشلانغان سۇيۇقئاشنىڭ سۇيى چۆپ ئاشقا قارىغاندا ئوبدانراق تەييارلىنىدۇ، خېمىرىمۇ ئۇزۇنراق ئىشلىنىدۇ، تەمى ياخشى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ئاش كۆپ ھاللاردا كېسەل تامىقى قىلىنىدۇ، يەرلىك خۇيزۇ ۋە خەنزۇ ئاممىسى ئۇنى «خۇيمیەن»، «سۇەنتاڭمیەن» دەپ ئاتايدۇ. لەڭمەننى خوتەن ئۇيغۇرلىرى «لۇمەن» ياكى «لەغمەن» دەپ ئاتايدۇ.

ئالدىنقىسى خۇيزۇلارنىڭ «شيەنمیەن» (سوزۇلغان خېمىر) دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، كېيىنكىسى خەنزۇلارنىڭ «لياڭمیەن» (سوغۇق ئاش) دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. بۇ خىل لەڭمەنگە ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما قورۇما «سوزا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ساۋزى دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. «مىيەنتاڭ» (ئاش سۇيى) مۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «مەنتاڭ» دېيىلىدۇ. خېمىرنى پىلتە قىلىپ بىر دەم قويۇپ قويۇش توغرىسىدىكى سۆزمۇ ئۇيغۇر تىلىدا «شىڭلى قىلىش» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «شىڭ» سۆزىمۇ خەنزۇ تىلىدىكى «شىڭ» (饧) دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. قوبۇل قىلىنغان بۇ ئاتالغۇلار خېمىر ئاشنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئۇ يەرلەردە بۇ

تارتىپ سوزۇلغان خېمىر ئاش دېيىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تارقىـ
لىپ كىرگەن تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇ ئىنتايىن
ئومۇملىشىپ كەتكەن، بۈگۈنكى كۈندە چەت ياقىدىكى تاغلىق
كەنتلەرگە جايلاشقان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئىزناسىـ
نى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ مەززىلىك، يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك،
قورساقتا تۇرىدىغان تاماق بولۇپ، خەلق ئىچىدە بىرقەدەر كۆپ
ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ خىل لەڭمەننى ئېتىش ۋە يېيىش ئۇسۇ-
لى مۇنداق: خېمىر يۇغۇرۇلۇپ پىلتە قىلىنىپ، بىردەم تىنىدۇ-
رۇلغاندىن كېيىن ئاش تاختىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ سوزۇلىدۇ، ئانـ
دىن قايناۋاتقان قازانغا تاشلىنىدۇ، پىشقاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىـ
نىپ، سوغۇق سۇدا چايقىلىپ ئۈستىگە سوزا، لازا، ئاچچىقسۇ
سېلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىسلاھات، ئېـ
چىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىجـ
تىمائىي ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىچىدىكى
بۇ خىل تاماق ئادىتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.
لەڭمەننىڭ ئارىلاشما قورۇمىسى — سوزىسى كىچىك قورۇمىغا
تەرەققىي قىلدى. «گويۇرۇ قورۇمىلىق لەڭمەن» بۇنىڭ تىپىك
مىسالى. قورۇما سەي ئادىتىدىكى چوكىمۇ ھەممە ئائىلىلەر تەرد-
پىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ مۇھىم قاچا - قۇمۇچلىـ
رىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىـ
كىدەك قولىدا لەڭمەن يېيىش ئادىتى تۈپتىن ئۆزگەردى، كىشىـ
لەر ئۇزۇن سوزۇلغان ۋە چاپلاشقاق بۇنداق تاماقنىڭ چوكىدا
يېيىشكە بەكمۇ ئەپلىك ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلدى.
قىيمىلىق تاماقلار تۈرى ئىچىدە ئاساسەن مانتا، جۇۋاۋا ۋە چۆچۈ-
رە بار. مانتا بولاق مانتا ۋە پېتىر مانتا دەپ ئىككى خىلغا
بۆلۈنىدۇ. خوتەنلىكلەر ھەممىسىنى مانتا دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە
دېيىلىۋاتقان مانتا سۆزىمۇ خەنزۇچە مەنتۇ دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ
ئۆزگەرگەن تۈرى. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خەنـ

ـنۇلار قەدىمكى زاماندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان خېمىر تاماقنى مەنتۇ دەپ ئاتىغان. دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنىڭ كۆپىيىدـشىگە ئەگىشىپ، كېيىن قىيمىلىق خېمىر تاماقنى «باۋزى»، قىيمىسىز خېمىر تاماقنى يەنىلا مەنتۇ دەپ ئاتالدى. لېكىن، «باۋزى» (مانتا) نىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولغان «مەنتۇ» خوتەن خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ «ئەتراپلاردا ساقلىنىپ قېلىش قانۇنىيىتى» توغرىسىدىكى كۆز قاراشنىڭ بىر ئەمەلىي پاكىتىدۇر. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەنتۇ، خۇاـجۇەر يەيدىغانلار تەدرىجىي كۆپىيىپ قالدى، ئۇلار لازىم بولغاندا ئۇنى «موما» («مومۇ» سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگەرگەن تۇرى) ياكى جىڭموما («جىڭمومۇ» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تۇرى دەپ ئاتايدۇ، خۇاجۇەرنىمۇ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ بويىچە «خاـجەر» دەپ ئاتايدۇ. يۇتازى بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، «يۇتاـزا» دەپ ئاتىلىدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە سۇدا دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان مانتا بار. خوتەندە، بۇ خىل مانتىنىڭ شەكلى ۋە ماتېرىيالى ھور بىلەن پىشۇرۇلىدىغان مانتا بىلەن ئوخشاش، پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئىچكى جايلاردىكىگە ئوخشايدۇ، ئاۋۋال قاـزاندا مايغا داغلاپ قىزارتىلىدۇ، ئاندىن قازانغا سۇ چېچىلىپ ھور بىلەن پىشۇرۇلىدۇ، لېكىن كىشىلەر بۇنى «خوشياڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئېھتىمال بۇ ئىسىممۇ خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى بىر خىل تابا نېنى بولغان «خوشاۋ» (ئوتتا پىشۇرۇلغان) دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن بولسا كېرەك. يۇقىرىقىلار چېگرا خەلقى بىلەن ئىچكى جايلاردىكى خەلقنىڭ قويۇق بېرىش ـ كېلىش تارىخىنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇۋاۋا خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئانچە تىپىك تاماق ھېـسابلانمايدۇ. ئەمما، چۆچۈرە بەكلا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۆزگىـ

چە تەمى بار.

«چۆچۈرە» نىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى ئاق ئۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا گۆش قىيمىسى تۈگۈلىدۇ، سىرتقى شەكلى ۋە پىشۇرۇش جەريانى خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى «خۇندۇن» دېگەن تاماققا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنداقلا سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ. لېكىن، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىلى بولغان چۆچۈرىنىڭ مىللىيچە ئالاھىدىلىكى ئاساسەن قىيمىسى ۋە سۈيىدە ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ئاۋۋال سېمىز مۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس يېڭى قوي گۆشىنى پىچاق بىلەن ئۇششاق توغرايدۇ، ئاندىن توغرالغان قوي گۆشى، چانالغان پىياز ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى زىرە، قارىمۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇز قۇيۇپ قىيما تەييارلايدۇ. زەنجىۋىل، كاۋاۋىچىن، جياڭيۇ، كۇنجۇت مېيى، تېتىتقۇ قاتارلىق خۇرۇچلار سېلىنمايدۇ (ئىزاھات: بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىيما تەييارلاشتىكى ئاساسي ئۇسۇلى). كىشىلەر قىيمىنى بۇنداق تەييارلىغاندا ئاززاق چايناشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا، گۆشنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولىدۇ ھەم يېيىشلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. خەلق ئىچىدىكى «چۆچۈرىنىڭ مەززىلىك بولۇشى گۆشتە» دېگەن ماقال دەل بۇنى ئىسپاتلايدۇ. چۆچۈرە ئېتىش تەرتىپىدىن ئېيتقاندا، بۇ چۆچۈرە ئېتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. ئىككىنچى قەدەمدە بۇغداي ئۇنى تۇز قوشۇپ سوغۇق سۇدا قاتتىقراق يۇغۇرۇلۇپ، چوڭ يېيىلىپ تۆت كۇۋادرات سانتىمېتىر چوڭلۇقتا كېسىلىدۇ. ئىچىگە قىيما سېلىپ، خېمىرنىڭ ئىككى تەرىپى تەڭ قاتلىنىدۇ، ئاندىن قايرىلىپ چىڭ چاپلىنىپ يامبۇ شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە قايناتقان سۇغا سېلىپ پىشۇرىدۇ. پىشقاندا تۇزىنى تەڭشەپ، قۇرۇتۇلغان پىننە يوپۇرمىقىنى ئېزىپ سېلىپ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىپلا، ئوتىنى توختىتىپ، قاچىغا ئۇسۇپ ئىچسە بولىدۇ. پۈتۈن جەريان ئاددىي ۋە تېز «ئۇچ باسقۇچ» تىن تەركىب تاپىدۇ. تەم ئالاھىدىلىكى، توغرالغان قوي

گۆشكە ماس كېلىدىغان زىرە، قارىمۇچ ۋە پىننە بىلەن چۆچۈرىنىڭ سۈيى تەملىك ۋە ئىچىشلىك بولىدۇ. بۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ «خۇندۇن» ىدىن باشقىچە پەرق قىلىدۇ.

خوتەن چۆچۈرىسىنىڭ تۈرى خۇندۇندەك ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما گۆشلۈك ۋە گۆشسىز دەپ ئايرىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، گۆشسىز چۆچۈرە هازىرغىچە كىشىلەرگە مەلۇم ئەمەس. گۆشسىز چۆچۈرە ئېتىشتە يېڭى ياڭاق مېغىزى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىدۇ، ياڭاق مېغىزى قوشۇق بىلەن ئېزىلىپ پىياز ۋە تۇز قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەنە مېغىز چۆچۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

هالۋا بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ، هالۋا ئېتىشنىڭ مەلۇم تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقلىرىنىڭ «مايلىق چېيى»غا ئازراق ئوخشىشىپ كېتىدۇ. هالۋا ئېتىش تەرتىپىنىمۇ مۇنداق ئۈچ قەدەمگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى قەدەمدە، شېكەر، چاقماق قەنت ياكى ناۋات قايناق سۇدا ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە، سۇ مېيىغا ئازراق قوي مېيى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇن قورۇلۇپ سارغايتىلىپ تەييارلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، ئېرىتىلگەن شېكەر سۈيى قازانغا قۇيۇلۇپ قىزىتىلىدۇ، قورۇۋېلىنغان ئۇن ئاستا - ئاستا قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ قانچىلىك سېلىنىشى تەجرىبىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. قايناپ قويۇقراق ئۇماچ هالىتىگە كەلسىلا قازاندىن ئېلىپ يېيىشكە بولىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى كىچىك تەخسىگە ئېلىپ، نانغا مىلەپ يەيدۇ.

قوناق ئۇنى تائاملىرى خوتەن خەلقىنىڭ تاماملىرى ئىچىدە ناهايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

سىقماق — قوناق ئۇنىدىن ئېتىلىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش. يۇغۇرۇلغان خېمىرنى كاللەكلەپ ئالىقانغا ئېلىپ كۈچەپ سىققاندا، بارماقلارنىڭ ئارىلىقىدىن چىققىنى قايناۋاتقان قازانغا

چۈشىدۇ. سىقىپ چىقىرىلغان خېمىرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۇماچ قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدۇ. بۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ قوناق ئۇنى بىلەن سۇنى ئاددىيلا ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىدىغان تۇزسىز ئۇمىچىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇماچقىمۇ ئۇن بىلەن سۇ ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۇز تەمى بولىدۇ. ئۇماچ قوشۇمچە سېلىنغان ماتېرىيالغا قاراپ، گۆلە ئۇمىچى، جىگدە ئۇمىچى، چامغۇر ئۇمىچى، غورا ئۇمىچى، بېدە ئۇمىچى، گۆش ئۇمىچى قاتارلىق بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئېتىش ئۇسۇلىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۇماچ ئېتىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. خوتەندە، كىشىلەر ئاۋۋال سېلىنىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۈزۈۋالىدۇ، ئۇننى قايناۋاتقان قازانغا بىر تەرەپتىن سېلىپ، بىر تەرەپتىن ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇن سېلىشنى توختىتىپ، كاللەكلىشىۋالغان ئۇن يوقالغۇچە قوچۇپ پىشۇرىدۇ، ئاندىن سۈزۈۋالغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى قازانغا سېلىپ قاينىتىۋېتىپلا، قاچىغا ئېلىپ يەيدۇ. خەنزۇلار ئۇماچنى موما ۋە سەي بىلەن قوشۇپ يەيدۇ، ئەمما خوتەندە ئۇ بىر ۋاق تاماق ھېسابلىنىدۇ.

شۆگۈتماق — توغرالغان پىياز، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ يوغۇرۇلغان قوناق ئۇنى خېمىرى كومىلەك قىلىنىپ قايناۋاتقان قازانغا سېلىنىدۇ. دەسلەپ كومىلەكنىڭ ھەممىسى قازاننىڭ تېگىگە چۆكۈۋالىدۇ. سۇ قاينىغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. شۆگۈتماق دېگەن نام مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ خىل تاماق ئەمەلىيەتتە سۇدا پىشۇرۇلغان قوناق موممىسىنىڭ ئۆزى. سۈيى ۋە ئىچىش ئۇسۇلى سىقماققا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شارائىت يار بەرسە، كىشىلەر كومۇلەكنىڭ ئىچىگە گۆشلۈك ياكى گۆشسىز قىيما سېلىپ، يۇمىلاق مۇندىلەك ئېتىدۇ.

يۇبدان — ئاق قوناق خېمىرىنى يېيىپ كېسىپ ئەتكەن

سۈيۈقئاش. يۇبدانىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇشتا ۋە يېيىشتە، مەلۇم تەجرىبە ۋە تېخنىكىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، خېمىرنى يۇغۇرغاندا ئازراق ئاق ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تۇز قويۇشقا؛ خېمىرنى يايغاندا ئاق ئۇن سېپىلىپ، قېلىن - نېپىز-لىكىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەنئەنىۋى توي ئادىتىدە، بۇ خىل تاماق ئارقىلىق بولغۇسى كېلىننىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارى سىنىلىدۇ.

زاڭ بىر قەدەر قويۇقراق ئېتىلىپ، ئۈستىگە قورۇما ئېلىپ يېيىلىدىغان قوناق ئۇمىچى.

قوناق ئېشى كۆكۋاش قوناقتا ئېتىلىدىغان ئاشنى كۆرسىتىدۇ. كۆكۋاش قوناق دېنى سۇرمەل تاشتا ئېزىلىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن سوقۇلغان كۆممەقوناق دېنى گۆش، كۆكتات بىلەن ماي قويۇلغان قازاندا قورۇلىدۇ، تۇز ۋە سۇ قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇماچ ھالىتىدىكى كۆكۋاش قوناق دېنى قازانغا قويۇلۇپ، ئازراق قاينىتىلغاندىن كېيىنلا قاچىغا ئېلىپ ئىچىشكە بولىدۇ.

## 2. گۇرۇچ تائاملىرى ئادىتى

خوتەن خەلقىنىڭ گۇرۇچ تائاملىرى ئاساسەن پولۇ بىلەن شويلا. پولۇ پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، تېپىك خاراكتېرگە ئىگە.

پولۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى تائاملارنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا پولۇ يېيىشنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھەر بىر ھېيت - بايرام ياكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ قاتارلىق ئۆرپ - ئادەت ۋە باردى - كەلدى ئىشلىرىدا پولۇ بىلەن مېھمان كۈتىدۇ.

«پولۇ قولدا يېيىلمىسە مەززىلىك تېتىمايدۇ». كىشىلەر
دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ گەپ ئۇلارنىڭ بىۋاستە تەسە-
راتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قولدا تاماق يېيىشتىن
ئىبارەت ئەڭ قەدىمىي ۋە ئاددىي ئۇسۇلنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇ-
رۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خوتەنلىكلەر ئەرەب ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش بۇ تاماقنى
«پولۇ» دەپ ئاتايدۇ. خوتەننىڭ ئۆز تىلىدا پولۇنى گۇرۇچ ئاش
ياكى «قويۇقئاش» دەپمۇ ئاتايدۇ. يېقىنقى زاماندا ئىستېمال
قىلىنىشقا باشلىغان قورۇمىلىق گۇرۇچ ئېشى خەنزۇ تىلىدىن
قوبۇل قىلىنغان «گاڭپەن»، «مىفەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن
ئاتىلىپ، پولۇدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

پولۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى توغرىسىدا، خەلق ئارىسىدا
مۇنداق بىر رىۋايەت بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە 1000 نەچچە يىل
ئىلگىرى، ئابدۇئەلى ئىبن سىنا ئىسىملىك داڭلىق بىر تېۋىپ
ئۆتكەنىكەن. بۇ كىشى 50 ياشقا كىرمەيلا كېسەلچان بولۇپ
قاپتۇ. كېسىلى ئېغىرلىشىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك دورىلارنى
ئىچىپ باقسىمۇ كار قىلماپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن
ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ كىشىنىڭ كېسىلىگە كۆڭۈل
بۆلۈۋاتقانلار ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كىشىدە مۆجىزە كۆرۈلگەنلىكىنى
بايقاپتۇ. بولۇپمۇ قوشنا - قولۇملىرى بۇ كىشىنىڭ ئىنتايىن
قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى-
نىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى، يول ماڭغاندا قەدەملىرىنىڭ پۇخ-
تا ۋە ئىتتىك ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ،
ئۇلار بۇ كىشىنى بىرەر شىپالىق دورا يېگەن بولسا كېرەك دەپ
قاپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئەسلىدە
ئۇ مۇنداق تاماق بىلەن ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ داۋالاش ئۇسۇلىنى
قوللانغانىكەن: قوي گۆشى، سەۋزە، پىياز، سۇ ماي، قوي
ماي، گۇرۇچ، تۇز ۋە سۇنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ، مەلۇم

تەرتىپ بويىچە قورۇش، پىشۇرۇش، دۇملەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاماق بىلەن سەي بىرلەشتۈرۈلگەن يېمەكلىكنى تەييارلاپ، ئۇنى پات - پات يەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. كېيىن بۇ كىشى بۇ تاماققا «پولۇ» دەپ ئات قويۇپتۇ ۋە بۇنى كىشىلەرگە دەپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ تاماق ئۆيمۇ ئۆي، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەتكۈزۈلۈپ، تەدرىجىي قېلىپلىشىپ، كىشىلەر ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئېسىل تاماققا ئايلىنىپتۇ.

بۇ رىۋايەتنىڭ راست ياكى يالغانلىقى، زادى قايسى ۋاقىتتا پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىزمىز. ئەمما، پولۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ موللۇقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. قوي گۆشىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئاقسىل، ماي ۋە ئامىنو كىسلاتاسى بولغاچقا، ئۇ باكنى كۈچەيتىپ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۈچ - ماغدۇر ۋە قان تولۇقلايدۇ، سەۋزە تەركىبىدە ۋىتامىن ئىنتايىن مول بولۇپ، «كىچىك ئادەمگىياھ» ياكى «يەرلىك ئادەمگىياھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، زېھنىنى كۈچەيتىش رولى بار؛ پىياز تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، كاروتېن، ۋىتامىن $B_1$ ، $B_2$ ، ۋىتامىن C ، كالتسىي، ماگنىي ۋە تۆمۈر ماددىسى قاتارلىق كۆپ خىل تەركىبلەر بار، يەنە ئۇنىڭ تەركىبىدە پارغا ئايلىنىدىغان ماي بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئاللىتسىن. ئۇ باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ماددا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پىيازنى ئۈچ مىنۇت چاينىغاندا، ئېغىزدىكى باكتېرىيىنى پاك - پاكىز ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. گۈرۈچ بىلەن ئۆسۈملۈك مېيىمۇ ئادەم بەدىنىگە لازىملىق، ئوزۇقلۇق تەركىبى بىر قەدەر كۆپ بولغان يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. بىر گۈرۈپپا مۇۋاپىق ماتېرىيالنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەييارلانغان بۇنداق يېمەكلىك قانداقمۇ قۇۋۋەتلىك بولمى-

سۇن، كېسەلچان ئادەمنىڭ يۈزىدە قىزىللىق پەيدا قىلىپ، ئۇ-
نىڭ روھىنى جانلاندۇرمىسۇن!

پولۇ ئېتىشكە كېتىدىغان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرى-
ياللار پەقەت ئەڭ تۆپكى ئۆرپ - ئادەت ئەندىزىسىگە كىرىدۇ.
ئەمەلىي تۇرمۇشتا، رايون، ئادەم، پەسىل، شارائىت ۋە
ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن پولۇغا ئىشلىتىدىغان ماي
ۋە گۆش تۈرلىرى ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ. ماي، گۆش ئىشلى-
تىش جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشقا بولىدۇ. ئائىلىدە
بېقىلغان توخۇ، ئۆلار گۆشى سېلىپ ئەتكەن پولۇ تېخىمۇ مەززى-
لىك بولىدۇ.

مېھمان چاقىرغاندا، ئادەتلەنگەن قائىدە بويىچە ئۈچ ئادەمگە
بىر لىگەندىن پولۇ قويۇلىدۇ. پولۇنى يېيىشتىن ئىلگىرى، بە-
رەيلەن پولۇنىڭ گۆشىنى قولى ياكى پىچاق بىلەن كىچىك پارچى-
لاپ قويىدۇ، يېگەندە ھەر بىر ئادەم ئاشنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ،
ھەر بىر كاپام ئاشقا بىر توغرام گۆشنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيدۇ،
ئۇ بىر كاپام، بۇ بىر كاپامدىن ئېلىپ، تۈگىگۈچە يەيدۇ، پولۇنى
ئاشۇرۇپ قويىسىمۇ ساھىبخانا خاپا بولمايدۇ، بۇ بىھۆرمەتلىكمۇ
ھېسابلانمايدۇ. ئەنئەنىۋى مەھەللىلەردە كىشىلەر يەنە مېھمانلار-
دىن ئاشقان تاماقنى مېھمانلاردىن قالغان بەرىكەت دەپ قاراپ،
ئەڭ كىچىك بالىلىرىغا يېگۈزۈۋېتىدۇ. ئائىلە كىشىلىرىمۇ پولۇ-
نى چوڭ بىر لىگەنگە ئېلىپ، ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ
يەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندا، تۈغقانچىلىق
كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن، پولۇ تېخىمۇ مەززىلىك تېتىي-
دىكەن. ئۆيگە خەنزۇلار مېھمان بولۇپ كەلسە، ساھىبخانا مېھ-
مانىنىڭ پولۇنى قولى بىلەن يېيەلمەيدىغانلىقى ياكى ئادەتلەنمىگەن-
لىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ياغاچ قوشۇقنى لىگەننىڭ يېنىدا قويۇپ
قويىدۇ، مېھمان قولىدا يېسىمۇ ياكى قوشۇقتا يېسىمۇ بولىۋېرى-
دۇ.

بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە، زامانىۋى شەھەرلەردە بىر نەچچە پېتىر مانتا ياكى زىخ كاۋىپىنى پولۇغا باسىدىغان يېڭى ئادەت شەكىللەندى. كىشىلەر بۇنى ئاشمانتا، «ئاش كاۋاپ» دەپ ئاتايدۇ. بەزى ئەسەرلەردە: «پولۇنىڭ ئۇستىگە پىنتوزا، بەسەي، شوخلا، لازا قاتارلىقلاردىن قورۇلغان قورۇما سېلىنىدۇ. بۇ بەتتە پولۇ ... دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ خەنزۇ مىللىتىنىڭ قورۇما قورۇش ئادىتىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. بەزىلىرى خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە پولۇنى قوبۇل قىلغان ئادىتى بولۇپ، ئۇلار پولۇنى قورۇما قورۇماي كۇنجۇت يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سوغۇق سەي ياكى چىلىغان سەي بىلەن يېيىشىدىمۇ مۇمكىن.

شويلىنىڭ ماتېرىيالى پولۇ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى سۇيۇق ئېتىلگەن پولۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، شويلىغا سۆڭەكلىك يوغان گۆش ئەمەس، ئۇششاق توغرالغان ياكى يالپاقلانغان گۆش سېلىنىدۇ.

## 3. گۆش تائاملىرى ئادىتى

خوتەنلىكلەرنىڭ گۆش تائاملىرى ئادىتىنىڭ تۇرى ئاساسەن كاۋاپ ۋە شورپىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

كاۋاپ خوتەنلىكلەر قوي گۆشىنى ئىستېمال قىلىشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئەڭ ئۆزگىچە تاماق ئادىتىنىڭ بىرى.

كاۋاپ پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كونكرېت ئىسمى بار. تونۇر كاۋىپى تونۇرغا سېلىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپنى، يەنى كىشىلەر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايدىغان پۇتۇن قوي كاۋىپىنى كۆرسىتىدۇ؛ زىخ كاۋىپى زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلغان كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ؛ قازان كاۋىپى قازاندا پىشۇرۇلغان كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ قورۇلغان كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ؛

چاۋا كاۋىپى قىيمىلىق كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ؛ «دۇمبە - جىگەر كاۋىپى» ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز، كېسەلچان كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، قوي جىگىرى ۋە دۇمبە يېغى زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ؛ قېرىن كاۋىپى، بۇ قوي قېرىنىدا پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپنى كۆرسىتىدۇ ۋەھاكازالار. خەلق ئىچىدە قوي گۆشىنى كاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولۇپ، شارائىت ۋە ئېھتىياجنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، ئەمما ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ كاۋاپلارنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بار.

تونۇر كاۋىپىنىڭ داڭقىنى بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپىنىڭ داڭقىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. خوتەننىڭ چوڭ - كىچىك بازارلىرىدا تونۇر كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. تونۇر كاۋىپى بۈگۈنگە كەلگەندە كوچىلاردىكى ئۆزگىچە يېمەكلىك بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار ياقتۇرۇپ يەيدىغان داڭلىق تاماق بولۇپ قالدى.

تونۇر كاۋىپىنىڭ شۇقەدەر داڭق چىقىرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ماتېرىيال تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىلگەندىن باشقا، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆزگىچە پىشۇرۇش ئۇسۇلى بار. خوتەن قويىنىڭ گۆشى يۇمشاق، غەيرىي پۇراق يوق، بازىرى ئىتتىك. كىشىلەر تونۇر كاۋىپىغا قوي تاللىغاندا بىر قەدەر قۇرغاق رايوندا بېقىلغان ئېرىك قوينى تاللايدۇ، ئىككى چىشلىق پاقلان ياكى يۇڭى قىرقىلمىغان ئوغلاق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كىشىلەر بۇنداق قوينىڭ گۆشى يۇمشاق، مەززىلىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، قۇرغاق رايونلاردىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ سۇ تەركىبى ئاز، تۇز تەمى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل تەجرىبىۋى بىلىمگە ئاساسەن، كىشىلەر يېمەكچى بولغان قوينى ئايرىپ باققاندا، يەم - خەشەككە ئومۇمىيۈزلۈك تۇز قوشۇپ

بېرىدۇ. بۇ قىممەتلىك تەجرىبىمۇ تونۇر كاۋىپىنىڭ داڭلىق بولۇ-
شىدىكى سىرلارنىڭ بىرى. كاۋاپ قىلىنىدىغان قوي تاللانغاندىن
كېيىن بوغۇزلىنىپ، تېرىسى سويۇلۇپ، كاللا - پاقالچاقلىرى
ۋە ئىچ - قارنى ئېلىۋېتىلىپ، يوغان تۆمۈر مىخى بار ياغاچقا
ئۆتكۈزۈلىدۇ، قوينىڭ بوينى تۆمۈر مىخقا ئورنىتىلىدۇ، ئاندىن
كېيىن تۇخۇم سېرىقى، تۇز، زەنجىۋىل تالقىنى، زىرە، قارى-
مۇچ، ئاق ئۇن قاتارلىقلاردىن شىرنە تەييارلىنىپ، گۆشكە سۈر-
كىلىدۇ. بەزىلىرىگە ئېھتىياجغا قاراپ لازا تالقىنىمۇ ئارىلاشتۇ-
رۇلىدۇ. بۇ خۇرۇچلار كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ ياكى ئاز ئىشلىتىل-
سىمۇ بولىدۇ، بۇ جانلىق ئىگىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە
شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان زىرە قوي گۆشىگە بەكمۇ
ماس كېلىدىغان بولغاچقا كەم بولسا بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن،
قوينىڭ باش تەرىپى پەسكە قارىتىلىپ قىزىتىلغان تونۇرغا سېلى-
نىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ، تونۇرنىڭ ئاغزى نەم رەخت بىلەن مەھ-
كەم ئېتىلىپ، گۆش ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچ ئايلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ،
بىر سائەتتىن ئارتۇقراق بۇسلانغاندىن كېيىن ئېلىنسا بولىدۇ.
هازىر بەزى چوڭ مېھمانخانىلاردا تونۇر كاۋىپىنىڭ كۆركەم بولۇ-
شى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قوينىڭ بېشى قوشۇپ پىشۇرۇلۇپ، سارغى-
يىپ پىشقان قوينىڭ بېشىغا قىزىل شايى چىگىپ قويۇلىدىغان،
ئاغزىغا يۇمغاقسۇت ياكى چىڭسەي چىشلىتىپ قويىدىغان ، شۇ-
نىڭ بىلەن تونۇر كاۋىپى سەنئەت بۇيۇمىدەك تېخىمۇ گۈزەل ۋە
كۆركەم كۆرۈنىدىغان بولدى. زىخ كاۋىپى هەم كوچىلاردىكى
تەملىك تېز تاماق، هەم مېھمان كۈتۈشتە داستىخانغا قويۇلىدىغان
مەززىلىك ئېسىل تائام. يەرلىك زىخ كاۋىپى تونۇر كاۋىپىغا
ئوخشاش سېرىق، پارقىراق، پۇراقلىق بولۇپ، غەيرىي تەم يوق،
گۆشى يېيىشلىك. زىخ كاۋىپىنى پىشۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئەت
گۆش سويۇپ ئېلىنىپ نېپىز يالپاقلاپ توغرىلىدۇ، گۆشنىڭ
ئورۇق - سېمىز يېرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ زىخقا بىردىن - بىردىن

ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىلگىرى زىخ كاۋىپى پىشۇرۇشتا ئىنچىكە ئۇچلانغان يۇلغۇن شېخى ئىشلىتىلەتتى. بۇنداق كاۋاپنى پىشۇرۇشتا گۆشنىمۇ، زىخنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەسلىك (ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى) تەلەپ قىلىنىدۇ. ھازىر بۇنداق ئىپتىدائىي ياغاچ زىخنى ئۇچرىتىش تەس، ئۇنىڭ ئورنىغا داتلاشماس پولات زىخ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، زىخ بىلەن زىخنىڭ ئارىلىقىنى ئوبدان تەڭشەپ، ئوتتۇن كۆمۈرى چوغى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوقۇر شەكىللىك قاڭالتىر كاۋاپدانغا قويۇپ، يەلپۈپ پىشۇرغاچ، تۇز، زىرە ۋە لازا تالقىنى سېپىپ ئۆرۈپ تۇرۇپ، بىر نەچچە مىنۇت پىشۇرغاندىن كېيىن يېيىسە بولىدۇ. خوتەننىڭ يەرلىك زىخ كاۋىپى گۆش زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپلا پىشۇرۇلماستىن، بەلكى تونۇر كاۋىپىغا ئوخشاش شىرنىگە مىلەنگەندىن كېيىن پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق زىخ كاۋىپى تېخىمۇ يۇمشاق، مەززىلىك ۋە تەملىك بولىدۇ. ئوت سەل كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، ئاسانلىقچە كۆيۈپ كەتمەيدۇ. ھازىرقى زامان سەھىيە ئىلمىنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان گۆش سالامەتلىككە تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەن.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، قاراقاش قاتارلىق جايلارنىڭ بازىرىدا زىخ كاۋىپىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى مەيدانغا كەلدى. خەلق ئارىسىدا مېتىر كاۋاپ دەپ ئاتىلىدۇ، كاۋاپ زىخى 70 – 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، گۆشىمۇ چوڭ بولىدۇ. تونۇرغا تىك سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. بىر قېتىمدا ئون زىخ پۇشۇرغىلى بولىدۇ، بۇنداق كاۋاپ ئۆزگىچە تەملىك.

«قازان كاۋىپى» ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى تېتىتقۇلارنى ئىشلىتىپ قازاندا قورۇلغان، يالپاق توغرالغان قوي گۆشىنى كۆرسىتىدۇ.

قېرىن كاۋىپى، قوي گۆشىنى پاكىز قېرىن ئىچىگە سېلىپ، تۇز قۇيۇپ، گۆشنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغزىنى ئې-

تىپ گۈلخان سېلىنغان قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان گۆش، ئەمە-
لىيەتتە بۇ قوي گۆشىنىڭ ئۆزىدىكى سۈيۈقلۇقلار بىلەن بۇسلاپ
پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، بۇ خىل كاۋاپ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ
ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمكى غىزالىنىش ئادىتىنىڭ بىرى ھېسابلى-
نىدۇ.

ئۆپكە — ھېسىپ قوينىڭ ئۆپكىسى ۋە ياغلىق ئۈچىيىدە
قۇيۇلىدىغان ئەتىۋارلىق تاماقلارنىڭ بىرى. بۇ ئىككىسىنىڭ ما-
تېرىيالى ۋە پىشۇرۇش ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنى
تەييارلاش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدە ھۈنىرى ھېسابلىنىدۇ.
خەلق ئىچىدە پىشۇرۇلغان ئۆپكىنى قۇيغان ئۆپكە، ھېسىپنى
قۇيغان ياغلىق ھېسىپ دەپ ئاتايدۇ. مەخسۇس بۇ كەسىپ بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئاياللار ئۆپكىچى خوتۇن دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قوينىڭ ئۆپكىسى ۋە ئۈچىيىنى سېتىۋې-
لىپ، قىزغۇچ ئۆپكە قاناتلىرى ئاقارغۇچە قانسىرىتىپ ئۆپكىنىڭ
تومۇرىنى ئاچىدۇ؛ ياغلىق ئۈچەينى تەتۈر ئۆرۈپ، مايلىق يۇقۇن-
دىلىرىنى پاكىز يۇيىدۇ، پاكىز يۇيۇلغان قېرىندا بۆك تىكىپ،
ئۇنى پاختا يىپ بىلەن كانايغا ھىم تىكىپ، ئۆپكىگە شىرنە
ماڭغۇزۇشقا تەييارلايدۇ. ئۆپكىنىڭ تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇ-
شى، رەڭگى ۋە تەمى پۈتۈنلەي ئۇن شىرنىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە
باغلىق. ئۇن شىرنىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: يۇغۇرۇل-
غان خېمىرنى سۇغا چىلاپ مىجىغاندا ئۇننىڭ شىرنىسى سۇغا
چىقىدۇ، شىرنىنى تىندۇرغاندىن كېيىن ئۈستىدىكى سۈيۈق
قىسمى تۆكۈۋېتىلىپ قالغان شىرنىگە چۈچۈتۈلگەن قىچا يېغى،
تۇز ۋە سوقۇلغان زىرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككى
تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئوت يېقىلغان قازاننىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇپ سۇ قايناتقاچ ئۆپكىگە شىرنە بېرىلىدۇ. ئۆپكە قۇيۇش
تېخنىكىلىق تەلىپى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىنچىكە ئىش،
شۇنداقلا ئۆپكىنى ياخشى پىشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئادەتتە تەجرى-

بىلىك ئايالار ئۆپكىنى ئادەم يوق هويلا ياكى ئۆيدە «مەخپىي»
قويىدۇ. مەخپىي قويۇشنىڭ سەۋەبى خەلق ئىچىدە تارقالغان
«يامان كۆز» ۋە «يامان تىل» يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن
گەپكە ئىشەنگەنلىكتۇر، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ «كۆز تېگىدۇ» ياكى
«تىل تېگىدۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆپكىگە ئۇن شىرنىسى ماڭدۇرۇش بىر خىل تېز ئىشلىنى-
دىغان مەشغۇلات بولۇپ، ئۇن شىرنىسى كىچىك چىنە ياكى
كۇرۇشكا (ئىلگىرى نوگاي ئىشلىتىلەتتى) بىلەن، قېرىنىدا تى-
كىلگەن بۆكىگە قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۆك ئىككى قول بىلەن
ئاستا سىقىلىپ، ئۇن شىرنىسى كاناي ئارقىلىق ئۆپكىنىڭ هەر
قايسى قىسىملىرىغا ماڭدۇرۇلىدۇ. شۇ بويىچە چوڭ بىر داس
ئۇن شىرنىسى تامامەن تۈگەپ، ئۆپكە ئېسىلىپ كۆپۈپ چىققۇچە
تەكرار - تەكرار ماڭدۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن كاناي يىپ بىلەن
هىم چىگىلىپ، شىرنىسى چىقىرىۋېتىلىپ قاچىدا قالغان خېمىر
سوقۇلغان لازا قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ
قېرىن بۆكىنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ، ئاغزى چىڭ چىگىلىپ، ئاندىن قايناۋاتقان قازانغا سېلىنىدۇ، ئىككى سائەت ئەتراپىدا پىشۇ-
رۇلغاندىن كېيىن يېيىشكە بولىدۇ.

هېسىپ قويۇش ئۆپكە قويۇشقا ئوخشاش ئۇنداق ئېهتىياتچان-
لىق ۋە «مەخپىيەتلىك» نى تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىمۇ
ئىنچىكە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئايالار پاكىز يۇيۇلغان ياغلىق
ئۈچەينى ئۇستىلىق بىلەن تەتۈر ئۆرۈپ، مايلىق تەرىپىنى ئىچىدە-
گە، سىلىق تەرىپىنى تېشىغا قىلىدۇ ۋە بىر نەچچە پارچىگە
بۆلۈپ، هەر پارچىسىنىڭ بىر ئۇچىنى بوغۇپ تەييارلىۋالىدۇ؛
ئاندىن كېيىن جىگەر، بۆرەك، چاۋا ياغ قاتارلىقلارنى ئۇششاق
توغراپ، قارىمۇچ، زىرە، تۇز ۋە پاكىز يۇيۇپ تەييارلانغان
گۇرۇچنى ئارىلاشتۇرۇپ، «كاۋاپ تەملىك» قىيما تەييارلاپ،
ياغلىق ئۈچەيگە سەككىز ئۇلۇش تولغۇچە ماڭغۇزغاندىن كېيىن

يەنە بىر ئۇچىنى يىپ بىلەن چىڭ بوغىدۇ. ئەگەر ماڭغۇزۇلغان
قىيما زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۈچەي گۆرۈچىنىڭ سۇ يەپ
كۆپۈشى بىلەن يېرىلىپ كېتىدۇ. قۇيۇپ بولغان ياغلىق ئۈچەي
سۇغا سېلىنىپ ئازراق قاينىغاندىن كېيىن پات - پات توم يىڭنە
ياكى ئىنچىكە سىم بىلەن ئۈچەي تېشىلىپ ئىچىدىكى ھاۋا چىقى-
رىۋېتىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۈچەي يېرىلىپ كېتىپ قالى-
دۇ. ئۈچەينىڭ تەمى جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى، سې-
لىنغان تـەم تـەڭشىگـۈچنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن
ئاز - تولا پەرقلىق بولىدۇ. خوتەنلىكلەر ئۈچەي قۇيغاندا، كۆ-
پىنچە «پولۇ» نىڭ ماتېرىيالىنى ئىشلىتىپ، پولۇ تەملىك ئۈچەي
پىشۇرىدۇ.

شورپا، بۇنى خوتەن خەلقى گۆش سېلىش دەپ ئاتايدۇ، بۇ
مەيلى قوي گۆشى بولسۇن ياكى كالا گۆشى بولسۇن، ئاق شورپى-
لىق گۆشنى كۆرسىتىدۇ. شورپا سېلىش خوتەن خەلقى ئىچىدە
ئەڭ ئومۇملاشقان گۆش بىلەن غىزالىنىش ئادىتىدۇر.

ئادەتتە، قازان قاينىغان ھامان، لەيلەپ چىققان كۆپۈكلەرنى
ئېلىۋېتىپ، توغرالغان سەۋزە ۋە پىياز قاتارلىقلار سېلىنىپ،
تۇزى تەڭشىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق شورپىنىڭ گۆ-
شى ۋە شورپىسى مەززىلىك بولىدىكەن. ئەمما، گۆشنىڭ مەززى-
لىك ۋە يۇمشاق پىشىشىدىكى ئاچقۇچ يەنىلا گۆشنى پىشۇرۇش
داۋامىدا شورپىنى پات - پات سورۇپ تۇرۇشتا. «پولۇ قورۇش-
تىن، شورپا سورۇشتىن ئوخشايدۇ» دەيدىغان ماقال بۇنى ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ.

كاللا - پاقالچاق شورپىسى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئالاھىدە
ئوزۇقلۇقى بولۇپ، خەنزۇ ئاياللار تۇغقاندىن كېيىن توخۇ شور-
پىسى ياكى بېلىق شورپىسى ئىچىشكە ئادەتلەنگەنگە ئوخشاش،
ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇغۇت مەزگىلىدە كاللا - پاقالچاق يېيىشكە
ئادەتلەنگەن. كىشىلەر «بىر قوينىڭ ھەممە ئوزۇقلۇقى ئۇنىڭ

كاللىسىدا» دەپ قارايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇغۇتلۇق ئايال-
لار قوي كاللىسىنىڭ گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچسە، تۇغقاند-
دا بوشىغان مۇسكۇللىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە سۈتىنىڭ جىق
بولۇشىغا پايدىلىق بولىدىكەن.

### 4. باشقا غىزالىنىش ئادەتلىرى

بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقا غىزالىنىش ئادەتلىرى ئاساسلىقى
مۇراببا ۋە گۈلقەنتنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك ئامما مېۋە مۇراببا-
سىنى مۇراببا، گۈلدىن ئىشلەنگىنىنى گۈلقەنت دەپ ئاتايدۇ. بۇ
ئىككى تاتلىق يېمەكلىكنىڭ كونكرېت نامى ئىشلىتىلگەن ماتېرى-
يالىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەنجۈر
مۇراببىسى، «پىننە گۈلقەنتى» قاتارلىقلار. ھەرخىل گۈلقەنت
ۋە مۇراببالارنىڭ تەمى ۋە دورىلىق رولى بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدۇ.

مۇراببالار ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئەنجۈر مۇراببا-
سى ۋە بىيە مۇراببىسى. بۇلار قان تومۇرنى راۋانلاشتۇرۇش،
بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە ئىكەن.
مۇراببالاردىن يەنە ئالما، ئۆرۈك مۇراببالىرىمۇ بار. مۇراببا
ياساشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى مۇنداق: مېۋىنى پاكىز يۇيۇپ،
شېكەر بىلەن قايناتقاندىن كېيىن، كۆپ ياكى بوتۇلكىغا قاچىلى-
ۋېلىپ ئاستا - ئاستا ئىستېمال قىلىش.

گۈلقەنت ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ۋە ئەڭ ئومۇملاشقىنى قىزىل
گۈل گۈلقەنتى بىلەن پىننە گۈلقەنتى. قىزىلگۈل گۈلقەنتى پۇ-
راقلىق بولۇپ، قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھۆسن گۈزەل-
لەشتۈرۈش، مىجەز تەڭشەش رولىغا ئىگە ئىكەن؛ پىننەگۈلقەنتى
ئىشتىھانى ئېچىپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، كۈچەيتىش رو-
لىغا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا جىگدە چېچىكى گۈلقەنتىمۇ
بار، بۇ ئاياللار كېسەللىكلىرىگە شىپالىق ئىكەن. گۈلقەنت يا-

ساش ئۇسۇلى مۇنداق: گۈل بەرگىنى ئۈزۈپ پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مۇجۇپ، كۇپ ياكى چوڭ بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئورۇندا بىر ياز قويۇپ قويغاندىن كېيىن يېسە بولىدۇ. ھازىر گۈل بەرگى بىلەن شېكەرنى ماشىنا ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇپ ئېزىپ ئېتىش ئۇسۇلىمۇ پەيدا بولدى، لېكىن بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان گۈلقەنتنىڭ رەڭگى قارامتۇلراق بولۇپ قالىدۇ.

### 5. ئىچىملىك ئادىتى

خوتەننىڭ چاي ئىچىش ئادىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، «بىر كۈندە تاماق بولمىسىمۇ بولىدۇكى، چاي بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن سۆز سەل ئاشۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، لېكىن «كۈندە بىر قېتىم چاي ئىچمىسە تاماق يېمىگەنگە باراۋەر»، «ئادەم چاي ئىچمىسە كېسەل بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزلەر كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىدۇر.

خوتەنلىكلەر تەبىئىي تاللىغان ۋە ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان چاي — كېسەك چاي. كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە قارىغاندا، بىر كۈنلۈك ئۈچ ۋاخ تاماقتا پەقەت بىر ۋاخلا قازان ئېسىپ تاماق ئېتىلىدۇ، قالغان ئىككى ۋاختا ئاساسەن چاي بىلەن نان يېيىلىدۇ، شارائىتى بارلار ئازراق پىشىق گۆش، ھەسەل، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى ياكى مۇرابba، گۈلقەنت قاتارلىقلارنى قوشۇپ يەيدۇ، مەيلى نېمە يېيىسۇن، چاي كەم بولسا بولمايدۇ. چاي بىلەن نان خوتەنلىكلەرنىڭ، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

چاي بىلەن مېھمان كۈتۈش خوتەن خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە، مېۋە - چېۋىلەر راسا پىشقان پەسىللەردە، يېڭى مېۋە - چېۋىلەر يۇيۇپ پەتنۇسقا سېلىنىپ مېھ-

مانىڭ ئالدىغا قويغان تەقدىردىمۇ، مېھمانغا يەنە بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مېھمان كۈتۈشتىكى قائىدە-سى. ئۆيىگە كەلگەن مېھمانغا چاي قۇيمايلا، «قۇرۇق» پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇش ياكى مېھماننى مۇشۇنداقلا ئۇزىتىپ قويۇش، خوتەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەمگەرچىلىك قىلمىغان-لىق، شۇنداقلا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

خوتەندىن ھېچقانداق چاي ئىشلەپ چىقىرىلمايدۇ، ئەمما چاي-نىڭ مەززىلىك ھىدى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، چاي ئادىتىنى ئىپادىلەيدىغان «چاي سۆزلۈكلى-رى دائىرىسى» نى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئائىلىگە مېھمان چاقىرىش، زىياپەت ياكى تاماققا چىللاش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان چاي سۆزلىرى، چايغا مۇناسىۋەتلىك قاچا - قۇچا قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان چاي سۆزلىرى، چايغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنى بىلدۈرىدىغان چاي سۆزلىرى قاتارلىقلار. ئۇيغۇر تىلىدا چىنە سۆزى كەڭ مەنىدە فارفور قاچا - قۇچىلارنى، شۇنداقلا مەخسۇس فارفور قاچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چوڭ چىنە، كىچىك چىنە، چىنتەخسە قاتارلىقلار. مېھمان كۈتكەندە چاي قۇيىدىغان كىچىك فارفور قاچا سىنچاي چىنىسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىنە» سۆزى چىن شىخۇاڭ قۇرغان «چىن دۆلىتى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-قاندا، كۆچمە نامدىكى «چىن» سۆزىمۇ فارفور قاچا - قۇچىنىڭ نامىدۇر. مىللىي ئۆرپ - ئادەت سۆزلىرىگە سىڭگەن تارىخىي ئۇچۇردىن ۋە خوتەن خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن چاي ئىچىشتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور قاچىنىڭ تۇنجى قېتىم چىن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، قەدىمكىلەر فارفور قاچا - قۇچىنى ۋە ئۇ چىقىدىغان دۆلەتنى «چىن» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى يىپەك يولى، قاشتېشى يولى، فارفور قاچا - قۇچا يولى، چاي يولى

بولغان.

ساغلاملىق ئىچىملىكى بولغان چاي دورىسى. خوتەن بازار-لىرىدىكى سەكسەن خالتىلىق يايمىلاردا ئۇرغۇن خالتىلارنىڭ ئاغ-زى ئۆرۈپ قويۇلغان بولۇپ، خالتىلار بىر ـ بىرىگە يېقىن قويۇلىدۇ. خالتىلاردىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، غولى، قوۋزىقى، مېۋىسى، ئۇرۇقى ۋە گۈللىرى كۆرۈنۈپ تۇرى-دۇ، بۇلارنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي-دۇ، بۇلار ساغلاملىق ئىچىملىكى بولغان چاي دورىسىنىڭ خام ماتېرىيالى.

چاي يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك خەنزۇ تىلىدىكى «چا» سۆزىدىن كەلگەن، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى دورا دېگەن سۆز بىلەن قوشۇ-لۇپ چاي دورىسى دېگەن سۆزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. چاي سۆزى ئىچىملىك دېگەن مەنىدە كەلگەن، چۈنكى چاي دورىسىنىڭ تەركىبىدە ئادەتتە قارا چاي بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى چاي دورىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تەركىبى ئىچىدىغان كىشىنىڭ ئەھۋا-لىغا قاراپ پەرق قىلىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ياسىغان چاي دورىسى بىر قەدەر تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ ئاساسلىقى دارچىن گۈلى، قوۋزاق دارچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، ئارپا بەدىيان، رۇم بەدىيىنى، پىلپىل، زەپە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ، بۇ چاي دورىسى تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقى-نىڭ ياقتۇرۇپ ئىچىشىگە مۇيەسسەر بولدى. خوتەن چاي دورىسى مۇنداق ئۈچ خىل روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، دورا پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، توسالغۇلارنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. ئىككىنچىدىن، ئاچچىق ماتېرىيال ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ-نىڭ تەجرىبىۋى نەزەرىيە ئاساسى «تاتلىق نەرسە مۇسكۇلنى بوشى-

تىدۇ، ئاچچىق نەرسە ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتىدۇ» دېگەن ماقال-
دۇر. ئۈچىنچىدىن، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ باكنى كۈچەيتىش ئۈنۈ-
مى بار. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، چاي دورىسى ئوخشىمىغان
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىنى قوشۇپ ۋە
مەلۇم تەركىبلەرنى كۆپرەك ياكى ئازراق سېلىش ئاساسىدا تەييار-
لىنىدىغان بولغاچقا، بەزىلىرى ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، بەزىلىرى
تالنى ياخشىلايدۇ، بەزىلىرى مىجەزنى تەڭشەيدۇ، بەزىلىرى قاننى
جانلاندۇرىدۇ، بەزىلىرى بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەزىلىرى ئۇس-
تىخاننى چىڭىتىدۇ، بەزىلىرى زەھەرنى ھەيدەيدۇ، بەزىلىرى
جىگەرنى ياخشىلاپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، بەزىلىرى مېڭىنى
سەگەكلەشتۈرىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ، بەزىلىرى سوغۇق ۋە ھۆللۈك-
تىن بولغان كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز
ئالدىغا ئاساسلىق ئۈنۈمى بار. ئەمما، ئۇ چىن مەنىدىكى دورا
ئەمەس، بەلكى بىر كۈنلۈك ئۈچ ۋاخ تاماقتىكى ئىچىملىك.
بەزىلەر يىلبويى بۇنداق چاي دورىسىغا نان چىلاپ يەيدۇ. بەزى
چاي دورىسى ئىچكۈچىنىڭ مىجەزى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ تاللاپ
تەييارلانغان ئۆسۈملۈك دورىسىدىنلا ئىبارەت. مەسىلەن، پىلپىل
قاتارلىقلار.

سوغۇق ئىچىملىك راخاپ (دوغاپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تومۇز
ياز ۋە كۈز پەسىللىرى بازاردا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان
بىر خىل ئەنئەنىۋى سوغۇق ئىچىملىك. بۇ خىل سوغۇق ئىچىمـ-
لىكنى تەييارلاش ۋە ئىچىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئىپتىدائىي ۋە
ئاددىي بولۇپ، كىشىلەر قىش پەسلى كۆلدىكى قېلىن مۇزلارنى
پالتا بىلەن چېپىپ ئېلىپ، مۇزخانىدا ساقلايدۇ. ياز پەسلى
كەلگەندە، بازارغا ئېلىپ چىقىپ، سوغۇق ئىچىملىك قىلىپ،
كىشىلەرگە بىر قاچا - بىر قاچىدىن ساتىدۇ، ئۇنى تەييارلاشتا،
چوڭ مۇز پارچىسى ئۇششاق چوقۇلۇپ قاچىغا سېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا
ئازراق سوغۇق سۇ قۇيغاندىن كېيىن، خېرىدارنىڭ تەلىپىگە

ئاساسەن ئىككى، ئۈچ قوشۇق قېتىق ياكى شىرنە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىر خىلىنى تەييارلاشتا چوڭ مۇز پارچىسى ھەرە بىلەن قىرىلىپ قاردەك مۇز دانىچىسى ياكى مۇز پاراشوكى ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، قاچىغا سېلىنىپ، قېتىق ياكى شىرنە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق سوغۇق ئىچىملىك چۈچۈمەل، تاتلىق ھەم ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، ئادەمگە راھەت بېغىشلايدۇ. ئۇ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاچقا، ئۇنى تەكرىتېغىننىڭ جەنۇبىدىكى قۇرغاق ۋە قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان قۇملۇق رايونلاردىكى خەلق ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئىچىدۇ.

جىگدە شەربىتى — خوتەننىڭ ئالاھىدە بىر خىل تاتلىق سوغۇق ئىچىملىكى، ئۇ پىشۇرۇش، سىقىش قاتارلىق ئاددىي ئىش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايرىپ چىقىلغان جىگدە سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. ئىچىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا قورۇپ پىشۇرۇلغان كەندىر ئۇرۇقى ئۇندەك سوقۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. تومۇز ياز ۋە كۈز پەسىللىرى بازاردا كۆپ سېتىلىدۇ. ئۇ سوغۇق ۋە تاتلىق بولۇپ، كەندىر يېغىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ، بازارغا كەلگەنلەر جىگدە شەربىتىدىن بىر قاچا ئېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى سايىراق جايدا ئولتۇرۇپ، ئېلىۋالغان زاغرا نېنىنى چىلاپ، سۈيى بىلەن ئىچىپ ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدۇ.

مەيزاپ خوتەن خەلقى يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىتىدىغان ئۈزۈم هارىقى. ئۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىمۇ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، ئەمما ئۇ يەردە «مۇسەللەس» دېيىلىدۇ. مەيزاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، كۆپ ئىچسە مەست قىلىدۇ. مەيزاپ ياساش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، پىشقان يېڭى ئۈزۈم قايىنىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ، كۈبكە قاچىلىنىدۇ، ئاندىن ئازراق هاراق خېمىر تۇرۇچى سېلىنىپ ئاغزى ھىم ئېتىلىپ، ئاپتاپقا سېلىنىپ، تەبىئىي ئېچىتىلىدۇ، ئۇنى بىر ھەپتىدىن

كىيىن ئىچسە بولىدۇ. قۇرۇق ئۇزۇمدىمۇ مەيزاپ ياساشقا بولى-
دۇ. كۆپىنچە مەھسۇلاتى بىر قەدەر كۆپرەك بولغان قىزىل
ئۇزۇم خام ئەشيا قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كۆپىنىڭ
ئاغزىنى ئېتىۋېتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭغا پاكىزلانغان بىر ياكى
بىر نەچچە باچكا سېلىۋېتىلسە، ئۇزۇقلۇق قىممىتى تېخىمۇ يۇقى-
رى، تەمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن، ئۇزۇن مۇددەت ئېچىتىل-
سا، بەدەن كۈچلۈك ۋە ساغلام بولىدىكەن.

## 6. يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز تۇتۇش ئادەتلىرى

خوتەنلىكلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى پەرھىزلىرى
ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن سىرتتىن كىرگەن.
مەسىلەن: چوشقا، ئېشەك، خېچىر ۋە ئىت گۆشلىرىنى يېمەس-
لىك ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقاد جەريا-
نىدا پەيدا بولغان. مەسىلەن، ئاش - تاماقنى چاچماسلىق
ۋە ئاش - تاماقتىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك ۋەھاكازالار. بەزىلىرى
ئىنسانلارنىڭ يامان ئادەتتىن بىزار بولۇش پسىخىكىسىدىن پەيدا
بولغان. مەسىلەن، يېمەكلىكلەرنى بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ پۇرى-
ماسلىق، تاماق سورۇنلىرىدا ئوسۇرماسلىق، بۇرنىنى تارتماس-
لىق ياكى تۈكۈرمەسلىك ۋەھاكازالار. بۇ پەرھىزلەر كىشىلەرنىڭ
پسىخىكىسى، تەپەككۇرى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەل-
مەكتە. شۇڭا، «چېگرىدىن كىرسەڭ پەرھىزنى بىلىۋال، دۆلەت-
كە بارساڭ ئۆرپ - ئادەتنى بىلىۋال، ئۆيگە كىرسەڭ يامان
بولىدىغان ئىشلارنى بىلىۋال» ، «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا
كىرسەڭ بېلىقچە» دەيدىغان پىكىر قىلىش يولى جەمئىيەتشۇناس-
لىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغى-
دى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ھالقىغان پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە بې-
رىش - كېلىش بارغانسېرى كۆپ ۋە مۇھىم بولۇۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە بۇ نۇقتا تېخىمۇ مۇھىم.

## 7. تاماق سايمانلىرى ئادىتى

بۇستانلىق ناتۇرال ئىگىلىك تۇزۇلمىسىدىكى ئەنئەنىۋى خەلق تۇرمۇشىدا، تاماق ئېتىدىغان قازان، چاي قاينىتىدىغان چۆگۈن، ئۆتۈن يارىدىغان پالتا، نەرسە كېسىدىغان پىچاق ۋە ھەممىگە قادىر دېھقانچىلىق قورالى كەتمەن قاتارلىق سايمانلار مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغاندىن باشقا تۇرمۇشتا، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا سايمانلار، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەكتە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياغاچتىن ياسالغان. مەسىلەن، ئاياق دېگەندە ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل داس شەكىللىك قاچا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى تەرەپكە يانتۇراق قىلىپ گىرۋەك چىقىرىلغان بولىدۇ، ئۇ قېلىنراق بولۇپ، نەقىشسىز بولىدۇ، ئىچى - سىرتى سىلىق ۋە پارقىراق بولىدۇ، ياغاچنىڭ تەبىئىي رەڭگى ۋە گۈللىرى ساقلاپ قېلىنغان بولىدۇ. بۇنداق ئاياقنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆكۈلدىكىدەك ياغاچ «ھاڭگا تېرەك» ياغىچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان ئاياق چىدامىلىق بولۇپ، ئۇنى ئۇزۇن ئىشلەتكىلى بولىدىكەن، شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىكەن، ئاسانلىقچە يېرىلىپتۇ كەتمەيدىكەن.

«جام» تاماق ئۇسۇپ يەيدىغان ياغاچ قاچا بولۇپ، شەكلى تۇتقۇسى يوق كۇرۇشكىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە جىگدە ياغىچىدىن نەپىس قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى - تېشى سىلىق، پارقىراق، ئەتراپى نېپىز ۋە يېنىك، رەڭگى بېغىر رەڭ بولىدۇ. كۆپىنچە ئۇششاق باللارغا تاماق بېرىشتە ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى چۆچەك دەپمۇ ئاتايدۇ.

ياغاچ تەخسە، ئەڭ دەسلەپتە تەخسە ياغاچ تەخسىنى كۆرسەتسە كېرەك. كېيىن ساپال تەخسە، مىس تەخسە، كۈمۈش تەخسە، فارفور تەخسە قاتارلىقلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئىسمىنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا ماتېرىيالىنىڭ نامى قوشۇلۇپ، ھا

زىرقى بىرىكمە ئىسىم مەيدانغا كەلگەن (تۆۋەندىكى ياغاچ قو-
شۇق، ياغاچ قۇتا قاتارلىق ئىسىملارمۇ شۇنداق). ياغاچ تەخسە
يۇمىلاق بولۇپ، ياغاچ ئوتتۇرا قىسمىدىن تۆت ئەتراپىغا گورىزون-
تال قىرىلىدۇ، ئاندىن مەلۇم يانتۇلۇق بويىچە تەبىئىي گىرۋەك
چىقىرىلىدۇ. ياغاچ مەركىزى تەخسە مەركىزى قىلىنىدۇ، رەڭگى
ياغاچنىڭ ئەسلىي رەڭگىدە بولىدۇ، ياغاچ تەخسىنىڭ چوڭ -
كىچىكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا قازان نىنى، پىشۇرۇلغان قوي
گۆشى قاتارلىق چاپلاشقاق پىششىق تاماقلارنى ئېلىشقا ھەمدە قاچا
ياپقۇچ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

دۆشئاياق، ئائىلىلەردە كۆكتات توغراشقا ئىشلىتىلىدىغان
بىر خىل داس شەكلىدىكى دۆشە بولۇپ، شەكلى ئۆزگىچە،
خوتەننىڭ ئالاھىدە بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. دىئامېتىرى 40 سانتى-
مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان يۇمىلاق داسنىڭ ئوتتۇرىسىغا دىئامې-
تىرى 10 — 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان سىلىندىرسىمان تەگلىك
چىقىرىلىدۇ، تەگلىك ئاستىدىن ئۇستىگە قاراپ تەدرىجىي توم
قىلىپ كاناي شەكلىدە ياسىلىدۇ. تەگلىك يۇزى داس گىرۋىكى-
دىن سەل - پەل ئېگىزرەك قىلىنىدۇ. تەگلىك بىلەن داس
تۇتاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. ئائىلە ئاياللىرى بۇ تەگلىكنىڭ يۇزىدە
ياغاچ دەستىلىك پىچاق بىلەن گۆش - كۆكتات توغرىغاندا توغرال-
غان گۆش ۋە كۆكتاتلار تەگلىكنىڭ ئەتراپىغا تەبىئىي دۆۋىلىنى-
دۇ. بۇ كۆكتاتلار ناھايىتى ئاز يېيىلىدىغان ئەنئەنىۋى كىچىك
ئائىلىلەرگە بەك باپ كېلىدۇ.

ياغاچ قۇتا، ئادەتتە گۇلقەنت، مۇراببا قاتارلىق داۋالاش ۋە
قۇۋۋەت تولۇقلاش يېمەكلىكلىرى ۋە ئۆزى ياسىغان دورىلار ئې-
لىپ قويۇلىدۇ، كۆپىنچە سودىگەرلەر ئىشلىتىدۇ.

ياغاچ چۆمۈچ ۋە قوشۇق، چۆمۈچ يوغان قوشۇقنى كۆرسى-
تىدۇ، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ،
ئاياقچە شەكلىدىكى چۆمۈچ بېشى بىلەن تەبىئىي تۇتاشقان، ئۇ

خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك چۆمۈچىگە ئوخشىشىپ كېتى-
دۇ، چۆمۈش سېپى ئاستىغا قاراپ بارغانسېرى ئىنچىكە قىلى-
نىپ، يىلان ياكى بۆرە بېشى شەكلىدە، بەزىلىرىنىڭ ئىلمەك
شەكلىدە چىقىرىلىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ چۆمۈچ بىلەن چۆمۈچ سېپى-
نىڭ تۇتىشىدىغان جايىغا بىر جۈپ كىچىك «قۇلاق»، بەزىلىرىگە
بىر نەچچە توغرا سىزىقچىلار ياكى X شەكلىدىكى گۈل ئويۇلىدۇ.
چۆمۈچتە ياغاچنى ئويغان ۋاقىتتىكى ئىزلارنى روشەن كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى شورپا قاتارلىق سۇيۇق، چاپلاشقاق
يېمەكلىكلەرنى ئۇسۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. «قوشۇق» چۆمۈچنىڭ
كىچىكلىتىلگەن شەكلى. ئۇ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى جەھەتتە
ئومۇمەن يۇمىلاق، تىلسىمان ۋە سوقا شەكىللىك قاتارلىق ئۈچ
خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى ئىككى خىلى خوتەندىكى تىپىك ياغاچ
قوشۇق بولۇپ، ماتېرىيال تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ،
ئىنچىكە، پۇختا، سىلىق، رەڭدار، نەپىس ياسىلىدۇ، سې-
پى 12 — 16 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. كېيىنكى بىر
خىلىنىڭ سېپى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قوشۇقنىڭ
بېشى كىچىك، ئىچى دۆڭ بولۇپ، ئاساسلىقى ياز پەسىللىرى
بازارلاردا مۇز سۇيى ساتىدىغان سېتىقچىلار سوغۇق ئىچىملىك
ئۇستىگە قېتىق ياكى شىرنە ئېلىشقا ئىشلىتىدۇ.

كاساڭ، بۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرى بولىدۇ، چوڭلىرىنىڭ
دىئامېتىرى 80 — 90 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 30 — 40 سانتى-
مېتىر كېلىدۇ. كاساڭنىڭ ئىچى سىلىق ۋە پارقىراق بولىدۇ،
سىرتىدا ئويغان ۋاقىتتىكى ئىزلار روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،
ئوتتۇرىسى پەس، تۆت ئەتراپى تەدرىجىي ئېگىز، يانتۇلۇقى بىر
قەدەر چوڭ. ياندىن قارىغاندا يېرىم چەمبەر شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.
كۆپ مىقداردا خېمىر تۇرۇچ تەييارلاش ۋە قوناق ئۇن خېمىرى
يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە نان ئېلىپ قويۇلىدۇ. كىچىك
كاساڭنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى داس شەكلىدىكى دۆشى-

گه ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى بۇغداي ئۇنى خېمىرى يۇغۇ-
رۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كاساڭ ياساشقا بىر قەدەر پۇختا، ياخشى
ياغاچ تاللىنىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ قىرىلىدۇ، قىرىلغان ئىز قال-
دۇرۇلمايدۇ، رەڭگى تەبىئىي ياغاچ رەڭگىدە بولىدۇ، ئۇ كۆركەم
بولۇپ، ئىشلىتىشكە ئەپلىك. بۇ ئىككى خىل ياغاچ داس باشقا
رايونلاردا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

«تەڭلە» مەخسۇس كىر يۇيىدىغان ياغاچ داسنى كۆرسىتى-
دۇ. ئۇ ئىككى تەرىپى كېسىۋېتىلگەن ياغاچتىن ئايلاندۇرۇپ
چاسا شەكلىدە ياسىلىدۇ. سىرتقى تەرىپى ئاساسەن ئەسلىي ياغاچ-
نىڭ تەبىئىي شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشى
قوپالراق بولۇپ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى
50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. خوتەندە ئوخشىمىغان نامدىكى ئۈچ
خىل ياغاچ داس بار. باشقا رايونلاردا ياغاچ داسنىڭ ھەممىسى
«تەڭلە» دېيىلىدۇ، ياسىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، چوڭ
- كىچىكلىرى بولىدۇ. لېكىن، تاماق سايمانلىرى قاتارىدا ئىش-
لىتىلىدىغان ياغاچ داسلار چىرايلىق بولىدۇ، ياسىلىشىمۇ ئىنچى-
كە بولىدۇ.

تۇكۇچ — تۆمۈر ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر خىل تاماق
سايمىنى بولۇپ، ئاساسلىقى نان يۈزىگە گۈل چېقىرىشقا ئىشلىتى-
لىدۇ كورلىدا چەككۇچ، قەشقەردە تۇكچى دېيىلىدۇ. ھازىر
ئىشلىتىلىۋاتقان تۇكچى ئەسلىدىكى توخۇ پېيىدە ئىشلەنگەن تۇ-
كۇچنىڭ ئۆزگەرتىپ ياسالغىنىدۇر.

ھاۋانچا — قارىمۇچ قاتارلىق دورا - دەرمەكلەرنى سوقۇشقا
ئىشلىتىلىدۇ، شەكلى ياغاچ قۇتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما
ھاۋانچىنىڭ ئەتراپى ۋە ئاستى قىسمى ياغاچ قۇتىدىن قېلىن ۋە
پۇختا ياسىلىدۇ. ئادەتتە ھاۋانچىنى سېتىۋالغانلار مۇۋاپىقراق
سىلىندىرسىمان تاش بىلەن دورا - دەرمەك سوقىدۇ.

ئەلگەك — ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، قول ئەلگەك بو-

لۇپ، ئات قىلىدىن توقۇلىدۇ، تۆشۈكچىلىرى ئىنتايىن كىچىك،
قوناق ئۇنى تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە بىرى، يىپەكتىن توقۇل-
غان بولۇپ، تۆشۈكلىرى كىچىك بولۇپ، بۇغداي ئۇنى تاسقاشقا
ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئەلگەك دېيىلىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەترا-
پىغا ياغاچتىن قاسقان چىقىرىلىدۇ.

سوغا — ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپى ئويۇلۇپ يۇمىلاق چېلەك
ياسىلىدۇ. بۇنداق چېلەكنىڭ ھەر ئىككى ئاغزى چېلەك دىئامې-
تىرىدىن كىچىك بولىدۇ، ياغاچنىڭ يىلتىز تەرەپتىكى ئۇچىغا
پۈتۈن ياغاچ قويۇپ مەھكەم ئېتىلىدۇ ھەمدە ياغاچ يېرىقچىلىرىغا
پاختا تىقىپ ھىملەشتۈرۈلىدۇ، چېلەك ئېغىزىغا قاتتىق، ئەمما
ئېلاستىكلىققا ئىگە ياغاچ بىلەن چېلەكنىڭ ئىچى تەرەپتىن تۇتاش-
تۇرۇلغان تۇتقا ياسىلىدۇ، بۇ تۇتقا ئات - ئۇلاغ بىلەن سۇ
توشۇغاندا ئارغامچا بىلەن چېگىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، تۇتقىغا كۆ-
پىنچە خوتەندە ئۆسىدىغان يۇلغۇن ياغىچى ئىشلىتىلىدۇ. سوغى-
نىڭ ئېگىزلىكى ياغاچنىڭ ئىنچىكە - توملۇقىغا قاراپ بېكىتىلى-
دۇ. ئىنچىكە، ئۇزۇن بولسىمۇ، پاكار، كەڭ بولسىمۇ بولماي-
دۇ، ئادەتتە دىئامېتىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك
بولسا بولىدۇ. چوڭ سوغا ئاساسلىقى ئىچىملىك سۇ ساقلاشقا
ھەمدە ئېشەك ياكى كالىغا ئارتىپ سۇ توشۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

چىندان — ئات - ئۇلاغ بىردىنبىر قاتناش قورالى قىلىنى-
دىغان يىللاردا بايلار سەپەرگە چىققاندا ئېلىپ ماڭىدىغان فارفور
قاچا - قۇچىلارنىڭ قاپچۇقىنى كۆرسىتىدۇ. تىكىلىپ ھازىرقى
تاپانچا قاپچۇقىغا ئوخشاش بەل تاسمىسىغا ئېسىلاتتى، يەنە بىر
خىلى، قاچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن سۆگەت شېخى-
دىن توقۇلۇپ ئىچىگە پاختا رەخت ئېلىنىپ، قاچىنىڭ سوقۇلۇپ
چېقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سەپەردە مىنىلى-
دىغان ئۇلاغقا ئارتىلغان خۇرجۇنغا سېلىناتتى. ھازىر چىنداننى
تاپقىلى بولمايدۇ.

قوشۇقلۇق ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستى كەڭ، ئاستى تار، تەشمە نەقىش گۈللىرى بار، ئۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ چوكىدىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ياغاچتىن ياسالغان يېمەك - ئىچمەك سايمانلىرىدىن يەنە مانتا پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاسقان، ئاش سۈزگەندە ئىشلىتىلىدىغان چويلا، قازان قويىدىغان تۇۋرۇك، قازان تۇۋقى، نوغۇچ قاتارلىقلار بار، بۇلارنى يەرلىك ئۇستىلار قولدا ياسايدۇ، ئۇلار روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بازاردا كۆزنى چاقنىتىدىغان زامانىۋى سانائەت بۇيۇملىرىدىن ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ نەرسىلەر يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەمما، بۇ ئىنتايىن قەدىمىي نەرسىلەردۇر. ئالىملارنىڭ پەرىزىگە قارىغاندا، ياغاچ قوراللار مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى بۇنىڭدىن 50 مىڭ يىلدىن 350 مىڭ يىلغىچە بولغان ۋاقىتلاردا پەيدا بولغانىكەن. بۇ پەرەز ئاساسسىز بولمىسا كېرەك.

ئاپتورى: يۈەن جىگۇاڭ، يۈەن نايۇ

# ئىككىنچى بۆلۈم كىشىلىك تۇرمۇش قائىدە - يوسۇنلىرى

## 1. خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى

خوتەندە كىشىلەرنىڭ ئىسمى دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىسمى ئالدىدا، دادىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىغا شۇ كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، كەسپى، ئابرۇيىنى بىلدۈرىدىغان ھۆرمەت نامى، ئۇنۋانى ياكى

فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، شۇ كىشىنىڭ پەزىلىتىگە بې-
رىلگەن باھا قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «لەقىمى» قوشۇ-
لۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن، «ئىمىن + توختى + قارى» دېگەن
ئىسىمدىن «ئىمىن» نىڭ «توختى» نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بى-
لىۋالغىلى بولىدۇ؛ «قارى» دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرگە
بېرىلگەن نام بولۇپ، دادىسى ياكى ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم»
نى يادلاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «سېلىمخان + روزى
+ تۆگە» دېگەن ئىسىمدا «سېلىمخان» «روزى» نىڭ قىزى دې-
گەن مەنىدە؛ «تۆگە» ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ تۆگە باققۇچى ئىكەنلى-
كى ياكى شۇ كىشىنىڭ تۆگىدەك ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ؛ «يۇنۇس + مامۇت + ئۆستەڭ» دېگەن ئىسىمدىكى
«يۇنۇس» «مامۇت» نىڭ بالىسى دېگەن مەنىدە؛ «ئۆستەڭ» ئۇ-
لارنىڭ ئۆيىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ بويىغا سېلىنغان بولۇشى
مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ
ئىسىم قويۇشنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسى. ئۆزىنىڭ ئىسمى قوش،
دادىسىنىڭ ئىسمى تاق كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچ-
رايدۇ، ئۇنىڭ شەكلى A+A+AA، مەسىلەن، ئىمىنتوختى
+ ياسىن + لەقىمى؛ ئۆزىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمى قوش
بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇنىڭ شەكلى: A+AA+AA،
مەسىلەن، ئىمىنتوختى + ياسىنيۈسۈپ + لەقىمى. لەقەم رەس-
مىي سورۇنلاردا كۆپىنچە ئاشكارىلانمايدۇ ياكى بەزىدە يوشۇرۇ-
لۇپ، بەزىدە ئاشكارىلىنىدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئاددىيلىق-
تىن مۇرەككەپلىككە، تاق قاتلاملىقتىن كۆپ قاتلاملىققا تەرەققىي
قىلدى. بۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنىڭ جەم-
ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقىدۇر، بۇ بىر
خىل مۇقەررەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسىم قويۇش قائىدىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە،
تۇغۇلغان بوۋاقنى مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى قائىدىسىگە

ئېلىپ كىرىشتىكى تۇنجى قەدەم بولۇپ، هاياتلىق مۇساپىسىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان بوۋاققا كىشىلەرنىڭ باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئاتىشى ئۇچۇن ئۆمۈرلۈك نام بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئىشنىڭ باشلىنىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بەخت - سائادەت تىلەيدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىسىم قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس، ئۇلار ئۇنى ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر بالا - قازادىن ساقلىنىپ بەختلىك بولۇشىغا، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خاسىيەتلىك ئىش دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر پسىخىك ھالەتتۇر.

1) ۋاقىتلىق ئىسىم قويۇش ئادىتى

خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان چەت، يىراق يېزا - كەنت ۋە تاغلىق رايونلاردا بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا تۇغۇت ئانىسى ياكى تۇغدۇرۇشقا ياردەملەشكەن ئايال ياكى بوۋاقنىڭ ئانىسى بوۋاقنىڭ قىز - ئوغۇللۇقىغا ئاساسەن دەرھال بوۋاقنى خالىغان بىر ئىسىم بىلەن قايتا - قايتا ئاتاپ قولىغا ئالىدۇ. بۇ بەلكىم بوۋاقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىسمى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ۋاقىتلىق ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىش ناھايىتى قىيىن. ئەمما، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئادەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە داۋاملىشىشى كىشىلەرنىڭ روھقا بولغان قارىشى، كېسەللىك، چۈش كۆرۈش، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ھادىسىلەرگە بولغان قەدىمىي تونۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بوۋاققا ۋاقىتلىق ئىسىم قويۇشتىكى يەنە بىر ئېتىقاد پسىخىك ئاملى ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن: كىشىلەر بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر مىنۇتمۇ ئىسىمسىز قالسا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بوۋاق رەسمىي ئىسىم قويۇلماستىنلا، تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتسە، ئىسمى يوق ئادەمنى ئاللا ئېتىراپ قىلماسمىش، شۇڭا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن «جەننەت» كە كىرەلمەسمىش. ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن بۇ خىل قاراش بىلەن ئىپتىدائىي مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. بۇ ئادەت كىشىلەرنىڭ هاياتلىققا بولغان ئىپتىدائىي ئىنتىلىشىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2) ئىسلامچە ئىسىم قويۇش ئادىتى

بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان ئىسىم قويۇش ئادىتى. بۇ جامائەتنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رەسمىيەت بولۇپ، دىننى قوبۇل قىلدۇرۇپ، «مۇسۇلمانلار تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈش خاراكتېرىگە ئىگە.

رەسمىي ئىسىم قويۇش ئادىتى ئادەتتە بوۋاق تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بوۋاقنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. مۇراسىمدىن ئىلگىرى بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە تەييارلىق كۆرىدۇ: بىرىنچىدىن، ئىمام ئاخۇنۇم ۋە باشقا مېھمانلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ماددىي تەييارلىق قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىسىم تاللايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنى تاللايدۇ ۋە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇلاردىن مۇراسىم باشقۇرغۇچىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار ئىسىم قويۇش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىناق ئۆتۈش، ئوغۇل - قىزلىرى تولۇق بولۇش، بىلىمى مول، ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مويسىپىت بولۇش قاتارلىق شەرتلىرىگە قارايدۇ.

ئىسىم قويۇش مۇراسىمى باشلانغاندا، «تاھارەت» ئېلىپ

تەييارلانغان ئىمام ئاخۇنۇم ئۆي ئىگىسى سېلىپ بەرگەن «جايىنا-
ماز» دا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال «قۇرئان» دىكى سۈرى پاتى-
ھەنى ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن پاكىز، چىرايلىق كۆرپىگە
زاكىدالغان بوۋاقنى ئىككى قولى بىلەن قۇچىقىغا ئېلىپ، بوۋاق-
نىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، بىر قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن
قۇلىقىنى ئېتىپ تۇرۇپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چىللاپ:
«ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر،
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى، نـامـازغـا ئالدى-
راڭلار!» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ، سورۇندىكى مېھمانلار بۇ
تونۇش ۋە تەنتەنىلىك ئاۋازنى ئاڭلاپلا سۈرلۈك قىياپەتتە دۇئا
قىلىپ سۈكۈتتە تۇرىدۇ. ئارقىدىن ئاخۇنۇم بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى
ئاستا تۇتۇپ تۇرۇپ: قولىقىڭىزغا دېگىنىم سىزنى نامازغا چاقىر-
غىنى، سول قۇلىقىڭىزغا دېگىنىم «قۇرئان» نى تەبىر قىلغىنىم؛
ئاللا سىزگە ئىسىم ئاتا قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭىز ××
بولىدۇ، دەيدۇ.

ئىسىم ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن بوۋاق جايناماز
ئۈستىدە دومۇلىتىلىدۇ. دومۇلاتقاندا زاكىدىكى بوۋاق قورقۇپ
يىغلايدۇ. بوۋاقنىڭ يىغىسى بىلەن سۈكۈتتە تۇرغانلارنىڭ سۈر-
لۈك چىرايىنى خۇشاللىق ئالامىتى قاپلايدۇ. ئالدى بىلەن، سو-
رۇندىكى يېشى چوڭراق بىرى مەسىلەن، بوۋاقنىڭ بوۋىسى قاتار-
لىقلار دەرھال بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ (ئەمەلىيەتتە ئىمام ئاخۇ-
نۇم بوۋاقنى شۇ كىشىگە قارىتىپ يۇمۇلىتىلىدۇ)، ھەقىقىي
ئىسمىنى ئېيتىپ بوۋاقنى پەپىلەپ، تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ
بەخت - سائادەت تىلىگەندىن كېيىن، يەنە بىر ھۆرمەتلىك كىشى-
نىڭ قولىغا سۇنۇپ بېرىدۇ، يەنى بوغۇن پەرقى ۋە يېشىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، بوۋاق تەرتىپ بويىچە يۇقىرىدىن
تۆۋەنگىچە سۇنۇپ بېرىلىدۇ، بوۋاقنىڭ دادىسى بوۋاقنى كارىۋاتتا
ياتقان ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يەتكۈزۈپ بەرگەندىلا ئىسىم قويۇش

مۇراسىمى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. مۇراسىمنىڭ پۈتكۈل جەريانى،
ئەمەلىيەتتە بوۋاقنىڭ دىلىغا ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد ئېڭى
ۋە روھىنى سىڭدۈرىدىغان بىر خىل سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە
تەقلىدىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. مۇخلىسلار مۇشۇنداق قىلغاندىـ
ـلا بوۋاقنىڭ ئۆمۈر بويى مۇسۇلمان بولۇپ ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك
قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. نىيە، كېرىيە، چاقىلىق،
چەرچەن قاتارلىق جايلاردا مۇراسىمنىڭ يەنە مۇنداق داۋامى بار:
بوۋاق دادىسىنىڭ قولىغا سۇنۇلغاندىن كېيىن، ئانىسىغا تاپشۇـ
رۇپ بېرىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بوۋاق ئىشىك سىرتىدا ساقـ
ـلاپ تۇرغان بىر ياش يىگىتكە بېرىلىدۇ. يىگىت ئالايىتەن تاللانـ
ـغان بولىدۇ، ئۇ ساغلام، كېلىشكەن، ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارـ
ـلىق، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىـ
ـدىكى غايىلىك ياشلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. بۇ ياش بوۋاقنى قولىغا
ئېلىپلا يىراققا قاراپ يۈگۈرەيدۇ، قانچە تېز ۋە قانچە يىراققا
يۈگۈرسە شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئەمما «كەينىگە يېنىش» قا،
يەنى ئەسلىدىكى ماڭغان يول بىلەن قايتىپ كېلىشكە، يۈگۈرۈپ
كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە بولمايدۇ، بولمىسا بۇ يامانلىقنىڭ
بېشارىتى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ياش بار كۈچى بىلەن ئەڭ تېز
سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ كەنتنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، بوۋاقنى
ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان چوڭ غەلۋىرگە سېلىپ ئاشلىق تاسقىـ
ـغاندەك تاسقىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىدۇ.
يۇقىرىقى جەريانلاردىن، بىز پىرىخونلۇق ئىدىيىسى ۋە ئېتىقاد
پسىخىك ھەرىكىتىنىڭ سىرتقى شەكلىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام
ئاخۇنۇمنىڭ بوۋاقنى جايىنامازدا ياتقۇزۇپ قولى بىلەن يۇمۇلتىـ
ـلىشى ئىنائەت قىلىش، چەكسىز بولۇش قاتارلىق سىمۋوللۇق
ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، پىرىخونلۇقتىن قېپقالغان ئادەتنىڭ ئىـ
ـپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بوۋاقنى بىر ياش يىگىتكە كۆتۈرـ
ـتۈپ كەنتنى بىر ئايلاندۇرۇش — بوۋاقنى كىشىلىك دۇنيا بىلەن

ئۇچراشتۇرۇپ بېقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ «كىشلىك تۇر-
مۇش» قا تەقلىد قىلىش ۋە ئۇنى سىمۋوللاشتۇرۇش بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. ياش يىگىتتىن تېز يۇگۇرۇش، يىراققا يۇگۇرۇش،
ئوخشۇشلۇق يۇگۇرۇشنى تەلەپ قىلىشمۇ تەبىئىي ھالدا «ئوخشۇش-
لۇق» ، «چاپسان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ، بوۋاقنىڭ
ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىنى يوشۇرۇن بىلدۇرىدۇ. بە-
زى جايلاردا ياش يىگىت بوۋاقنى كۆتۈرۈپ يۇگۇرگەندە يەنە بىر
ياش ئۇنى قوغلاشقا ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. قوغلى-
غۇچى «توختا» دەپ توۋلىغاچ، كۇچەپ قوغلىسىمۇ يېتىشۋالال-
مايدۇ. كىشىلەر بۇنى بوۋاقنىڭ «ئالغا ئىلگىرىلەش» تىكى جاسا-
رىتى ۋە «مۇۋەپپەقىيەت» يولىنى ھېچكىمنىڭ توسۇۋالالمايدى-
غانلىقىغا سىمۋول قىلغان. بوۋاقنى غەلۋىرگە سېلىپ تاسقاشنىڭ
نېمە مەنىسى بار؟ خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا، كىشىلەر «نېرۋىسى-
نىڭ بىر ۋېنتىسى كەم» دېگەن سۆز ئارقىلىق، دۆت ياكى بىر
ئىش قىلىشتا گالۋاڭراق كەلگەنلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادى-
لەشكە ئادەتلەنگەن. خوتەندە كىشىلەر بۇنى «زاغۇنباش» ياكى
«كاللىسىنىڭ سۇيى بار» دېگەن ئادەت سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەي-
دۇ. بوۋاق غەلۋىرگە سېلىپ سامان تاسقىغاندەك تاسقاشتىن
ئىبارەت بۇ تەقلىدىي ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى بالىنىڭ
مېڭىسىدىكى ناچار نەرسىلەرنى تاسقىۋېتىپ، ئۇنى مېڭىسى سە-
گەك، تەپەككۇرى ئېنىق، ئەقىللىق ئادەم قىلىشنى مەقسەت
قىلىدۇ.

3) قەدىمىي ۋە ئۆزگىچە بولغان ئىسىم قويۇش ئادىتى

خەلق ئىچىدە ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى،
ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسى بويىچە ئىسىم قويۇش ئادىتىمۇ بار،
ئۇنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن
ساقلىنىپ كەلگەن ئېتىقاد پسىخىكىسى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت
ئارزۇسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

1. بەزى ئائىلىلەر بوۋاقڧا ئىسىم قويغاندا كۆپىنچە بۇيرۇق شەكلىدىكى خەۋەر جۈملىنى ئىسىم قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇن»، «تۇرغۇن»، «توختى»، «تۇرا» قاتارلىق ئىسىم- لارنىڭ ھەممىسى «توختا»، «توختىغىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈ- رىدۇ. بۇ سۆزلەر مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: بىرى، «ساقلاپ قېلىش»، «كېتىپ قالماسلىق» مەنىسىدە بو- لۇپ، خەنزۇ خەلقى ئىچىدىكى «تۆمۈر قۇلۇپ»، «باغلاش» قاتارلىق مەنىدىكى «تېسو، چۈەنچۈن» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى بوۋاقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇنى ئىپادىلەيدۇ؛ بالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئائىلىلەر بۇ خىل مەنىدىكى ئىسىمنى كۆپرەك قوللىنىدۇ؛ يەنە بىرى، «كەلمەڭ» «لازىمى يوق» دېگەن مەنىدىكى ئىسىملار بولۇپ، بالىسى ئارقا - ئارقىدىن قىز تۇغۇلغان ئائىلىلەر قىز تۇغۇلۇش توختاپ قالسىكەن دېگەن مەق- سەتتە شۇنداق ئىسىملارنى قويىدۇ. خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولغانىكەن: مەلۇم بىر ئائىلە ئارقا - ئارقىدىن بەش قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغۇل يۈزى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇلار ئاخۇنۇمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قىرائەت قىلدۇرۇپ، ئاللادىن ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى تىلىگەندىن باشقا، يەنە كۆڭلىگە يەتكەنلىكى نۇرغۇن تىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ بېقىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بالى- نىڭ ئانىسى ئېغىر - ئاياغ بوپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن يەنىلا قىز تۇغۇلۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسىلەن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ ۋە قاتتىق خاپا بولۇپ، بۇ قىزغا «قىز تۇغۇلۇش توختىسۇن» دېگەن مەنىدىكى «توختىقىز» دېگەن ئىسىمنى قويۇپتۇ، كېيىن ئايال يەنە ئېغىرئاياغ بوپتۇ. توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان يەتتىنچى بالىسىمۇ يەنە قىز تۇغۇلۇپتۇ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاتا - ئانا بوۋاققا «بولدىقىز» دېگەن ئىسىمنى قويۇپتۇ. بۇ

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمى بولسا كېرەك.

2. مەلۇم بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار 3 ـ ياكى 4 ـ بوۋاق تۇغۇلۇشقا يېقىن بوسۇغىنىڭ ئاستىدىن بىر ئادەم پاتقۇچىلىك يول كولاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ياكى قوشنىلىرى ئىچىدىن پەرزەنتلىرى تولۇق تۇرغان بىر ئايالغا ئازراق سوۋغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بالىسىغا بىر نەچچە كۈن قاراپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا بالىنىڭ دادىسى بوۋاقنى ئېلىپ بوسۇغا ئاستىغا كولىغان يول بىلەن ئۇدۇل ئاشۇ ئۆيگە بېرىپ، بوۋاقنى ھېلىقى ئايالغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەنە شۇ يول بىلەن ئۆيىگە كېلىپ، ھېلىقى كولىغان يولنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە سوۋغاتلارنى ئالغاچ بېرىپ ھېلىقى ئايالنى يوقلاپ، ئۇنىڭدىن «بىر بالا سوۋغا قىلىش»نى ئۆتۈنۈپتۇ. ھېلىقى ئايال: «مەن تەلىپىڭىزنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. مېنىڭ بالىلىرىم ناھايىتى كۆپ، سىزگە بىرنى سوۋغا قىلاي» دەپ بوۋاقنى دادىغا سۇنۇپ بېرىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بوۋاقنى ئۆگزىدە ساقلاپ تۇرغان كىشىگە بېرىپتۇ ـ دە، ئۆيگە كىرىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان شوتىنى تۈڭلۈككە قويۇپ شوتىغا چىقىپتۇ. ئۆگزىدىكى ئادەم بوۋاقنى تۈڭلۈكتىن دادىسىغا سۇنۇپ بېرىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئاللانىڭ شەپقىتىدىن خۇرسەن بولۇپ، «خۇدابەردى» ياكى «ئىگەمبەردى» دەپتۇ. بوۋاق شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىدىغان بوپتۇ. بەزىلەر تۇنجى بالىسىغا مۇشۇ ئىسىمنى قويۇپ، كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ. يەنە بەزىلەر بوۋاقنى ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن «تىلىۋالدى» ياكى «سېتىۋالدى» دەپمۇ ئىسىم قويىدۇ.

3. بەزى ئائىلىلەر ئۈچىنچى بالىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇشىغا

كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئايالنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا، ئادەت بويىچە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ: بىرىنچى، قىز - ئوغۇل پەرزەنتلىرى تولۇق، ساغلام، چىرايلىق، تۇرمۇشى ئىناق توققۇز ئائىلىنى تېپىپ، تۇغۇلىدىغان بالىنى ئۇلارنىڭ ئايال ئۆي خوجايىنلىرىنىڭ بېقىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ؛ ئىككىنچى، توققۇز ئائىلىدىن توققۇز پارچە رەخت تىلەپ، بوۋاققا كىيىم تىكىپ تەييارلاپ قويىدۇ؛ ئۈچىنچى، توققۇز ئائىلىدىن توققۇز ئۇچۇم ئۇن تىلەپ نان يېقىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويىدۇ؛ تۆتىنچى، دەريا، سازلىق، ئېرىق، بۇلاق، قۇدۇق، كۆل، چېلەك، قاپاق، داس قاتارلىق توققۇز يەردىن توققۇز قاچا سۇ ئەكىلىپ، خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاپ قويىدۇ. بالا تۇغۇلغان كۈنى بۇ توققۇز ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنلىرى مېھمانغا چاقىرىلىدۇ. ھەممەيلەن تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، توققۇز ئۇچۇم خېمىر توققۇز قاچا سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، توققۇز نان يېقىلىدۇ، ئىچىدىكى خالىغان بىر نانغا بىر تال مارجان سېلىپ قويۇلىدۇ. نان پىشقاندىن كېيىن توققۇز ئايال بىردىن يەيدۇ، كىمنىڭ يېگەن نېنىدىن مارجان چىقسا، بوۋاقنى شۇ باقىدۇ. ئادەتتە بوۋاقنى كىندىكى چۈشكىچىلىك بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بېقىپ بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، دادىسى بىر نەچچە مېھمان بىلەن بىللە سوۋغات ئېلىپ ھېلىقى ئايالنى يوقلاپ، ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن بالا بېرىشنى تىلەيدۇ. شەكلى ئاساسەن ئالدىنقى قېتىمدىكىسىگە ئوخشايدۇ. بوۋاقنىڭ دادىسى بوۋاققا تىلەپ كەلگەن توققۇز پارچە رەختتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالىدۇ. باشتا ئېيتقاندەك، بوۋاققا «تىلەپ كەلگەن» ياكى «سېتىۋالغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم قويۇلىدۇ، ئادەت بويىچە، بالىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە دادىسىنىڭ ئىسمى، ئەڭ ئاخىرىغا لەقىمى قوشۇلۇپ مەڭگۈ ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئادەتتىنىڭ ئىپادىلىرى

1. باراۋەرلىككە، ئەركىنلىككە ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن خۇشال كەيپىياتنى ئىپادىلەيدىغان كىشى ئىسىملىرى: ئازاد، ئازاد زامان، نىجاد، ئەركىن، ھۆرىيەت، بەختىيار، دىلمۇرات، دىلشات، ئىلھام، مۇھەببەت، ئەنۋەر، خەمىت، ئامان، ئېلشات، ئىلمىنۇر قاتارلىقلار. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئايال كىشى ئىسىملىرىدا ئالاھىدە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: گۈلىستان، گۈلزار، گۈلچىمەن، گۈلبوستان، گۈلباھار، باھارگۈل، ئانارگۈل، گۈلنار، گۈلجاھان، گۈلجەننەت، گۈلجامال، ئايجامال قاتارلىقلار. بۇ ئىسىملار، چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، ئېيتىلىشىمۇ ئۆزگىچە چىرايلىق، بۇ خىل كىشى ئىسىملىرى كۆپىنچە بىلىملىك كىشىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە كىشى ئىسىملىرى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. پائال ئالغا ئىلگىرىلەش، باتۇرلارچە ئالغا بېسىش روھىنى ئىپادىلەيدىغان كىشى ئىسىملىرى: بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا، يەنە باتۇر، قەھرىمان، كۈرەش، جەسۇر، قۇدرەت، دولقۇن، يالقۇن، غەيرەت، جۇشقۇن قاتارلىق ئىسىملار بار. بۇ خىل كىشى ئىسىملىرىغا دەۋرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى سىڭگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

3. كونا دەۋر، كونا قاراش، كونا شەكىلنى بىلدۈرىدىغان كىشى ئىسىملىرى تەدرىجىي ئازلاپ قالدى ياكى ئىشلىتىلىشتىن قالدى. ئەسلىدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن» دېگەن قوشۇمچە قوشۇلسا، جىنسى ۋە ھۆرمەتلەش مەنىسى ئىپادىلىنەتتى. ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» قوشۇلسا، ئۇ ئەسلىدە «پادىشاھ، خان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، بۇنىڭ ئانىلىق

ئۆرۈقداشلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى
يېقىن، ئىلگىرى كىشىلەر بىر - بىرىنى چاقىرغان چاغدا،
ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاشۇنداق قوشۇمچىلارنى ئىشـ
لەتمىسە قارشى تەرەپ خاپا بولۇپ قالاتتى. ھازىر بۇلار قوشۇلسا
سەھرالىقچە ئىسىمدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت
سەۋىيىسى يۇقىرىراق كوللېكتىپ ئىچىدە، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدـ
ـدە بىرەرىنى چاقىرغاندا ئاخۇن ياكى خان قوشۇلۇپ قالسا، كىـ
شىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ، چاقىرىلغۇچىنى خىجىل قىلىپ قوـ
يىدۇ. سوپى، ئىشان، قازى، قارى قاتارلىق ساپ دىنىي تۈس
ئالغان ئىسىملار ياكى ئىسىملار ئاخىرىغا قوشۇلغان قوشۇمچىلار
باشقىچىرەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

4. كىشى ئىسىملىرىدىكى «ئەكسىگە قايتىش» —
ياتلىشىش خاھىشلىرى: ئۇزۇن تارىخ مۇساپىسىدە كىشى ئىسىمـ
لىرىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر فونېتىكا ۋە گرامماـ
تىكا قاتارلىق جەھەتلەردە تەدرىجىي ماس ھالدا ئۆزگەرگەن.
مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ مۇھەممەد دېگەن ئىسمى ئاھاڭ جەھەتتىن
ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ شەكلىمۇ قىسقىراپ «مەمەت»
ياكى «مەت» دەپ ئۆزگىرىپ قالدى؛ ماخمۇد دېگەن ئىسىم
«مەخمۇت»، «مامۇت»، «مامىخان» قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىپ
كەتتى؛ ئاياللار ئىسمىغا ئىشلىتىلىدىغان پاتىمە دېگەن ئىسىم
«پاتەم»، «پاتەمخان»، «پاتىگۈل»، «پاتمىخان»، «پاتىخان»
قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىپ كەتتى، غەرەپلەنگەندە «پاتەك» دەپمۇ
چاقىرىلىدۇ؛ ئايىشە دېگەن ئىسىم «ئايشەمخان»غا ئۆزگىرىپ
كەتتى، غەزەپلەنگەندە «ئايشەك» دەپمۇ چاقىرىلىدۇ ۋەھاكازالار.
بەزى قوش كىشى ئىسىملىرىدىمۇ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش
يۈز بەردى. مەسىلەن، «مۇھەممەد» بىلەن باشلانغان ئىسىملار
ئاخىرىغا «ئىمىن»، «ئەلى»، «نىياز» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇـ
شى بىلەن مەتىمىن، مەتىلى، مەتنىياز قاتارلىقلارغا ئۆزگىـ

رىپ كەتتى، بۇ خىل ئەھۋاللار ئادەتكە ئايلىنىپ كەڭ تارقالدى.

5. ئەتراپتىكى دۆلەت، رايون ۋە قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

خوتەندە ئاساسلىقى خەنزۇ كىشى ئىسىملىرى ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار، كۆپ ساندىكى خەنزۇلار ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇۋالغانغا ئوخشاش، خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان، خەنزۇچە ئىسىم قويغاندا، خەنزۇلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئەسلىي ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ ئاھاڭداش سۆزى فامىلە قىلىنىپ، مەلۇم مەنىدىكى سۆز ئىسىم قىلىنغان. مەسىلەن، ئەسلىي ئىسمى ئابلا ياكى ئابلەت بولسا، ئايىچىڭ، ئايۇڭچىڭ؛ ئەسلىي ئىسمى ئايشەم ياكى ئامانگۇل بولغان ئاياللار ئاجىنخۇا، ئاچۇنخۇا؛ ئەسلىي ئىسمى قۇربان ياكى قۇدرەت بولغانلار كۇجۇڭيى، كۇشۈجۇن؛ ئەسلىي ئىسمى دۆلەت بولغانلار دۇشېڭخۇا، دۇ خېيىڭ دەپ ئىسىم قويۇۋالغان؛ بەزىلەرنىڭ خەنزۇچە ئىسمى بولمىسىمۇ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆز ئىسمىنى خەنزۇچە يازغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەنىسى گۈزەل سۆزلەرنى تاللايدىغان بولدى. مەسىلەن، ئەسلىي ئىسمى تۇرسۇن «吐儿孙» بولسا، «吐尔集» دەپ، ئەسلىي ئىسمى ھوشۇر «乌守尔» بولسا، «伍秀尔» دەپ، ئەسلى ئىسمى دولقۇن «多里困» بولسا «杜丽坤» دەپ يېزىلىدىغان بولدى.

## 3. خوتەنلىكلەرنىڭ خەتنە توي، جۇۋان تويى مۇراسىملىرى

خەتنە توي دېگەن سۆز ئەرەب تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئۆسمۈر ۋاقتىدا خەتنىلىكىنى كېسىۋېتىش-

نى تۈپ ئالاھىدىلىك قىلىدىغان مۇراسىم ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئادەتتە خەتنە قىلىش دېيىلىدۇ. دىنىي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندىمۇ
سۈننەت توي دېيىلىدۇ. سۈننەت مۇسۇلمانلار چوقۇم ئادا قىلىشقا
تېگىشلىك «مۇقەددەس ھەرىكەت» نى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك
تۇرمۇش قائىدىسىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن قارىغاندا، خەتنە قىلىش
شەك - شۈبھىسىزكى، قۇرامىغا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى زۆرۈر تەييارلىق
ھېسابلىنىدۇ. خەتنە قىلىش ئادىتى ئەسلىدە ئەرەب يېرىم ئارىلى-
دىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قۇرامىغا يەتكەنلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزى-
دىغان مۇراسىمى ئىدى، ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كىرىشىگە
ئەگىشىپ خوتەنگە كىرگىنىگە 1000 يىل بولدى. خوتەنلىكلەر-
نىڭ خەتنە تويى يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان ئوغۇل بالىلار
بىلەنلا چەكلىنىدۇ. خەتنە قىلىشتا ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزا-
سىنىڭ ئۇچىدىكى ئارتۇق تېرە پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلىدۇ. كىشى-
لەر، ئوغۇللار 12 ياشقا يېقىنلاشقاندا خەتنە قىلسا بۇنداق بالىلار
غەرەز ئۇققاچقا، خەتنىسىنى قىلغۇچىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ماسلىشىدۇ، دەپ قارايدۇ.
خەتنە توي ئادەتتە سالقىن ئالتۇن كۈز پەسلى ياكى ھاۋا
ئىسسىشقا باشلىغان باش باھار پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە
كىشىلەر ئۆرۈك راسا چېچەكلىگەن چاغ خەتنە قىلىشنىڭ ئەڭ
ياخشى ۋاقتى دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدىكى
8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەتنە توي ئۆتكۈزىدىغانلار بارغانسېرى
كۆپەيمەكتە.
ئەنئەنىۋى خەتنە قىلىش ئادىتىدە قايسى ئائىلىدە خەتنە قى-
لىش بولسۇن، داۋراڭ سېلىنمايتتى، پەقەت قۇربى يېتىدىغان
بىر قازان ياخشى تاماق ئېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە خەتنىسىنى
قىلغان ئاخۇنۇم بىلەن غىزالانسىلا خەتنە قىلىش ئاخىرلىشاتتى.
خەتنە قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان بەزى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە

دوست ـ بۇرادەرلىرى بىر نەچچە تۇخۇم ياكى بىرەر قاچا تەملىك تاماق ئەكىلىپ بالىنى يوقلاپ تەبرىكلەيتتى ۋە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۇرەتتى.

ئارتۇق خەتنىلىكنى كېسىۋېتىش — هازىرقى زامان تېبابەتچىلىكىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياخشى ئادەت. چۈنكى، مېدىتسىنا ساهەسىدىكىلەر خەتنە قىلىدىغان مىللەتلەردە ئەرلەر جىنسىي راك كېسەللىكىنىڭ يوقلۇقى ياكى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايقىدى. هازىر بەزى دوختۇرخانىلارنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە هەر مىللەت بالىلىرىنى خەتنە قىلىدىغان كەسىپ تۈرى تەسىس قىلىندى.

خەتنە قىلىنغان بالا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى كۆپرەك يەيدۇ. بالىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرمۇ چوقۇم تۇخۇم ئەكىلىدۇ.

جۇۋان تويى — خەلق ئىچىدە ئاياللارنىڭ مەخسۇس جۇۋان تويى ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ، كۆپىنچە شارائىت ۋە ئادەمگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. ئەمما، چوقۇم باللىق بولغان ئايال بولۇشى كېرەك. ئاياللار پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇۋان تويى شۇ ئايالنىڭ هەقىقىي پىشىپ يېتىلىپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. بەزى باللىق ئاياللار بەختكە قارشى جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، بۇ «رەسمىيەت» تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، يەنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، مۇراسىمدا قۇرامىغا يەتكەن ئايالنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى مېيىتقا كىيدۈرۈلىدۇ ۋە زىبۇزىننەتلىرى تاقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كىيىم ـ كېچەكلىرى زىبۇزىننەتلىرى ئېلىۋېتىلىپ، قۇرامىغا يەتكەندە سالدۇرۇلۇپ ۋە زىبۇزىننەتلىرى ئېلىۋېتىلىپ، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ دەپنە ئادىتى بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغ ئاياللارنىڭ تولغان، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، قەددى ـ قامىتى ۋە هۆسن ـ جامالى راسا ۋايىغا

يەتكەن ئەڭ گۈزەل ۋاقىتلىرى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر تۇغمىغان ياش ئاياللىنى سېكىلەك دەيدۇ. ئەمما، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياش قۇرامىدىكى ئاياللارنى جۇۋان دەيدۇ، يەنە چوكانمۇ دېيىلىدۇ. چوكان ئەسلىدە باش باھاردا يېڭى يوپۇرماق چىقارغان سۆگەت شېخى دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆگەت شېخىنىڭ باھار شامىلىدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان ھالىتى ئايال كىشىگە ئوخشىتىلىپ، ئۇلارغا چىن قەلبىدىن مەدھىيە ۋە ئاپىرىن ئوقۇلغان.

جۇۋان تويى مۇراسىمىدا ئادەت بويىچە، ئالدى بىلەن بىر جەمەتتىكى ئاياللار يىغىلىپ جۇۋان بولىدىغان ئايالنىڭ چېچىنى تاراپ قويىدۇ، يەنى ئىلگىرىكى چۇشۇرۇۋالىدىغان ماڭلاي چېچى ۋە ئىككى قۇلىقىنىڭ يېنىدىكى چېكە چاچلىرى ئىككى ئۆرۈم چېچىغا قوشۇۋېتىلىپ، يۈزىدىكى تەر تۈكچىلىرى يىپ بىلەن پاكىز ئېلىۋېتىلىدۇ. مانا بۇ يۈزنى ئېچىش دېيىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئايالنىڭ دادىسى ۋە ئېرى ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش كىيىم ۋە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان زىبۇزىننەت سوۋغات قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دوپپا، ئاق ياغلىق، ئۈزۈن پەلتو ۋە ئۆتۈك ئەڭ ئەقەللىي سوۋغاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئايال ھەرقانداق رەسمىي ياكى بىرەر يۈزلۈك سورۇنلاردا مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىش ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى تاقاش شەرىپى ۋە سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇچىنچى، ئەگەر شارائىت بولسا، جۇۋان بولغۇچى ئايال ياسىنىپ، تارىنىپ، چىرايلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ، زىبۇزىننەتلىرىنى تاقىغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، چوڭ مازارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەۋلىيالارنىڭ مازىرىغا ۋە شۇ يەردىكى دىنىي زاتلارغا پۇل ۋە كىيىم - كېچەك سەدىقە قىلىپ «گۇناھىغا توۋا» قىلغاچ ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ تەبرىكلەيدۇ. بۇ ئادەت كېرىيە، چىرادا ناھايىتى ئومۇملاشقان.

جۇۋان تويىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا خۇشاللىق كەيپىياتى سىڭ-

گەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭغا «ياشلىقى بىلەن خوشلى-
شىش» ، «يىغلىغۇسى كەلسىمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەش» كەيپىيا-
تى سىڭگەن بولىدۇ. خەلق ئىچىدە «ئۇننى بۇزماي دىسەڭ كۆمەچ
قىل؛ قىزنى بۇزماي دىسەڭ بۇرۇنراق جۇۋان قىل» دەيدىغان
ماقال بار، بۇنىڭغا گۈلنىڭ تىزلا توزۇپ كەتكەنلىكىدەك ئەپ-
سۇسلىنىش ھىسسىياتى سىڭگەن. چۈنكى، جۇۋان بولغان ئايال
قىنىق رەڭلىك كىيىم كىيەلمەيدۇ، ياش ئاياللارنىڭ چاچ پاسونى
بولغان ماڭلاي ۋە چىكە چاچلىرىنىمۇ قويۇپ يۈرەلمەيدۇ.

## 4. تويلىشىش ئادەتلىرى

خوتەنلىكلەرنىڭ تويلىشىش ئادىتى ئومۇمەن، ئەلچى ئەۋە-
تىش، چاي ئىچۈرۈش، مەسلىھەت چىيى، نىكاھ قاتارلىق تۆت
باسقۇچتىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر باسقۇچنىڭ كونكرىت
قەدەم - باسقۇچى، لەھجىسى قاتارلىقلار ناھىيە بىلەن يېزىلاردا
ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئوخشىمىغان يەرنىڭ
ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش بولمايدۇ دىگەندەك. تويلىشىش ئادىتى
جەھەتتىكى پەرق ئىنتايىن روشەن ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ. قاراقاش
ناھىيىسىدىلا ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۈچ خىل تويلىشىش
شەكلى بار. مەسىلەن، ئىككى كۈنلۈك توي، بىر كۈنلۈك توي،
ئىسلام ئادىتى شەكلىدىكى توي، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى بار.

### 1) لايىق تاللاشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە بالدۇر توي قى-
لىش ئادىتى

خوتەنلىكلەرنىڭ لايىق تاللاش پرىنسىپى: بىرىنچىدىن،
تۇغقانلارنى بىر - بىرىگە چېتىش، يەنى ئۇرۇق - جەمەتى ئىچى-
دىن لايىق ئىزدەش. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى
بەكلا ئومۇميۈزلۈك ئىش ئىدى. ئىككىنچىدىن، نەسىل - نەسەب-
تە تەڭ بولۇش. نامرات ئائىلىلەر ئوغلى ئۈچۈن باي ئائىلىنىڭ

قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ توي تەلىپى قويۇپ، ئىگىز ئوقۇرغا ئىپسە-
لىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى بۇرنىغا يەپ قىلىشتىن،
ئازار يىيىشتىن قورقىدۇ، شۇنداقلا قىزىنىمۇ باي ئائىلىگە ياتلىق
قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى قىزىنىڭ خارلىنىپ قىلى-
شى، ھەتتا ئېرى تەرىپىدىن تاشلىنىپ قىلىشتەك شۇم قىسمەتكە
ئۇچراپ قىلىشتىن قورقىدۇ. ئۇچىنچىدىن، بالدۇر ئەلچى ئەۋە-
تىش، بالدۇر چاي ئىچۈرۈش، بالدۇر توي قىلىش، بالدۇر
پەرزەنتلىك بولۇش، خەلق ئىچىدە بولۇپمۇ چەت - يىراق رايون-
لاردا ھازىرغىچە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل
روھىي ھالەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، مۇسۇلمان
بولمىغان مىللەتلەر بىلەن توي قىلماسلىق. يۇقىرىقىلار فېئودال-
لىق جەمئىيەتتىن قالغان ئادەتلەردۇر.

نىكاھقا چات كېرىۋېلىش بالدۇر توي قىلىش ئادىتىنىڭ
مەھسۇلى. ھازىر نىكاھقا چات كېرىۋېلىش ئەھۋاللىرى يەنىلا
مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىق ياشتا توي قىلىش ۋە ئەركىن
مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىش بىر خىل ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايى-
لىنىپ قالدى. بۇ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن ئارقىلىق چەك-
لەپ، تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىي جەھەتتە قېلىپ-
لاشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**2) ئەلچى ئەۋەتىش، چاي ئىچۈرۈش ئادىتى**

ئەلچى ئەۋەتىش ئادەت شەكلى مۇنداق: ئالدى بىلەن
ئۇرۇق - تۇغقان ياكى قوشنا - قولۇملار ئىچىدىن بىر نەچچە
ئايال ھاۋالە بويىچە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە گەپ ئېلىش ئۈچۈن
بېرىپ دارىتمىلاپ گەپ قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ مۇددىئاسىنى
بىلىدۇ، سوۋغات ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئەڭ ئۆزگىچە بولغىنى
شۇكى، كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنى ئوبرازلاشتۇرۇپ قولاقلىشىش ياكى
تومۇر تۇتۇش دەپ ئاتايدۇ. كىشىلەر بۇنى ئەلچى ئەۋەتىش دەپمۇ
ئاتايدۇ. ئادەتتە، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى قىز تەرەپنىڭ

بۇ توي ئىشى توغرىسىدا ئويلىشىپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى
ئۇققاندىن كېيىن، ئاندىن قىزنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بېرىپ قۇدىلى-
شىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇدىلىششىقا گۇۋاھچى بولۇش ئۇچۇن
ئىمام ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇزلۇكرەك كىشىدىن بىر - ئىككىسى
تەكلىپ قىلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى بارغاندا ئادەت بويىچە
بىر قۇر كىيىم ياكى رەخت قاتارلىق چاي ئىچۇرىدىغان سوۋغات-
لارنى ئېلىپ بارىدۇ، قۇربى يەتكەنلەر ئالتۇن ھالقا، بىلەزۇك،
خۇرۇم ئاياغ قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەرسىلەر شۇ
ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىنىدۇ، ئادەتتە بۇ
نەرسىلەر تويلۇقنىڭ ئۇچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

چاي ئىچۇرۇش. بەزى رايونلاردا «گۇل تۇگدى» دېيىلسە،
بەزى رايونلاردا «گۇل قويدى» دېيىلىدۇ. بۇ چاي ئىچۇرگەن
سوۋغاتلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە سالامغا بېرىش ۋە ھەشقاللا
ئېيتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قارشى تەرەپنىڭ قىزىنى ئۆز ئوغلىغا
ياتلىق قىلىشنى خالايدىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشنى بىلدۇرىدۇ.
ئىلگىرى كالا، قوي ئاساسلىق تويلۇق ئىدى، كىشىلەرنىڭ قىزى-
نى ياتلىق قىلىش ئارقىلىق بايلىققا ئىگە بولۇۋېلىش ئېڭى ئا-
جىز، بۇ جەھەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئاددىي بولۇپ، بۇگۇنكى-
دەك ئاشكارا باھا تالىشىش ئەھۋاللىرى يوق ئىدى.

ئەركىن مۇھەببەتلەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بې-
كىتىلگەندىن كېيىن، ئادەتتە يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى
قۇدىلىششنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەركىن
مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغاندا، قىز - ئوغۇللار چوڭ بولۇپ
قالغاچقا، بىر نەچچە يىل ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا، بەزىدە
چاي ئىچۇرۇلگەندە توي ۋاقتى بېكىتىلىدۇ. تويلۇقنىڭ مىقدارى،
قىممىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كېڭىشىش ئارقىلىق
بېكىتىلىپ، «تويلۇق سېلىش» ، يەنى تويلۇقنى بېكىتىش مۇرا-
سىمى ئۆتكۇزۇلمەيدۇ. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجتى-

مائىي ئورنى بار كىشىلەر بارغانسېرى بۇ خىل مۇراسىمدىن خالىي بولالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تويلۇقنىڭ مىقدارى بارغانسېرى كۆپ بولۇشتەك ئەھۋاللار پەيدا بولۇپ قالدى.

**3) تويدىن ئىلگىرى قىز ـ يىگىتنىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارىنى سىناش ئادەتلىرى**

كۇيئوغۇلنى سىناپ بېقىش ئۇسۇلى ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل: بىرىنچىدىن، پالتا بىلەن كۆتەك يارغۇزۇش. توي ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاندا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغۇسى كۇيئوغلىنى مەلۇم باھانىلەر بىلەن ئوتۇن يېرىشقا ياردەملىشىپ بېرىشكە ئۆيىگە چاقىرىدۇ. بۇ ئادەت دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تارقالغان. ياردىغان دەرەخ كۆتىكى بەكلا يىلتىزلىق، چالا قۇرۇغان چوڭ چۇقاتماق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، قوي بوغۇزلىتىش، بۇ ئادەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بار. كېلىننىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارىنى سىناش ئۇسۇلىنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا گىلەم ئۈستىدە قازان ـ قومۇچ يۇدۇرۇپ بېقىش، ئۇنىڭ قاچا يۇغان ۋاقىتتا قايسىسىنى بۇرۇن، قايسىسىنى كېيىن يۇغانلىقى، ھەرىكىتىنىڭ سىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىشچان ۋە چاققانلىقىغا باھا بېرىلىدۇ. يەنە بىرى، قوناق ئۇنىدا يۇمدان ئەتكۈزۈلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى «توي سىنىقى» دىن قېپقالغان ئادەتلەردۇر. ھازىر بۇ ئادەتلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلاردا ياشانغانلارنىڭ قىزىقارلىق ئەسلىمىسىگىلا ئايلىنىپ قالدى.

**4) مەسلىھەت چېيى**

مەسلىھەت چېيى توي ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشنى بىلدۈرىدۇ. قاراقاشلىقلار ئېيتقاندەك ئۆي سانى بېكىتىلىدۇ، يەنى بۇ نەچچە ئۆيلۈك مېھمان چاقىرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش مەنىسىدە بولۇپ، ھازىرقى نەچچە ئۈستەل مېھمان چاقى-

رىش ئاتالغۇسىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە
مەسلىھەت چېيىدا تويغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىشلار توغرىسىدا
مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن
ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئادەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قوشنا - قولۇملىرى قاتنىشىدۇ. تەرتىپ
بويىچە: بىرىنچىدىن، توي كۈنى بېكىتىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ
ئادەملىرى تولۇق كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۆز باشلاپ، سەۋەبلەرنى كۆر-
سىتىپ، كونكرېت توي ۋاقتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۆپىنچە،
يىگىت تەرەپنىڭ پىكرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆي
سانى بېكىتىلىدۇ. ئۆي سانىنى بېكىتىش مەسلىھەت داۋامىدا قىز
تەرەپ ناھايىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن، كۆپ ھاللاردا يۇقىرىراق
تەلەپ قويىدۇ، ئوغۇل تەرەپ ئۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئىز-
زەت - ئىكرام بىلەن «قىزىڭلارنى ناھايىتى تەستە چوڭ قىلدىڭ-
لار، سىلەرنىڭچە بولسۇن» دەيدۇ. قىز تەرەپمۇ: «سىلەرنىڭ
دېگىنىڭلاردەك بولسۇن» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپ-
نىڭ كۆڭلىدە ئاللىقاچان سان بولغان بولىدۇ. بېكىتىشكە تې-
گىشلىك ھەر بىر تۈر، ھەر بىر سان، ھەر بىر ھالقا ئۈستىدە
باش قاتۇرۇلۇپ، كونكرېت كېڭىشىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ،
يەنە كېيىنچە بىر - بىرلەپ نەقلەشتۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن
ئۈچۈن، يېزىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئۆي سانى 20
دىن 30 ئارىلىقىدا بېكىتىلىدۇ. باي ئائىلىلەر تويلاشقاندا 40
ئۆيلۈك، نامرات ئائىلىلەر تويلاشقاندا بەش ئۆيلۈك مېھمان چاقى-
رىش بېكىتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۈچىنچىدىن، ناغرا -
سۇناي چېلىش - چالماسلىق مەسىلىسى مەسلىھەت قىلىنىدۇ.
كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، قىز تەرەپ ناغرا - سۇناي چېلىپ، توينى
راسا قىزىتىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئەمما، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل
ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ مۇرەسسە قىلىشالايدۇ: بىرىنچى، كەنتتە،

بولۇپمۇ قوشنا ـ قولۇملار ئىچىدە يېقىن ئارىدا ئۆلۈم ـ يېتىم
ئىشلىرى يۈز بەرگەن بولسا؛ ئىككىنچى، كەنتتىكى ئاخۇنۇم
ئەنئەنچى، ناھايىتى مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ناغرا ـ سۇناي چې-
لىشقا قارشى تۇرىدىغان، مۇزىكا ئاۋازىنى ئالۋاستىنىڭ ئاۋازى
دەپ قارايدىغان كىشى بولسا. قاراقاشتا ناغرا ـ سۇناي چېلىنمى-
غان توي گاچا توي دېيىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، نۇرغۇنلىغان چاقىرىل-
مىغان مېھمانلارنىڭ كېلىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ناغرا ـ سۇناي چېلىنمايدۇ؛ تۆتىنچى،
چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن چېلىنمايدۇ. چۈنكى، ناغرا ـ سۇناي
چالغۇچىنىڭ ھەر بىرىگە 40 — 50 يۈەندىن ھەق ۋە «زەللە»
بېرىشكە ماقۇل بولمىغاندا ئۇلارنى ئەكەلگىلى بولمايدۇ.

5) توي مۇراسىمى ئادىتى

توي مۇراسىمى سىجىللىقتا ئىگە مۇرەككەپ بىرىكمە جەريان
بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈملەشكەن تەرتىپى ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە:

1) كىچىك چاي: يەرلىكلەر پارچە توي دەيدۇ. بۇنى ئوغۇل-
نىڭ ئۆيىدىكىلەر توينىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزىدۇ، «تەييارلىق يىغى-
نى» خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر
نەچچە ئىش بېجىرىلىدۇ: (1) ئۈچ نەپەر توي بېشى بېكىتىلىدۇ.
توي بېشىنى بالاغەتكە يەتكەن بىر ئەر، بالاغەتكە يەتكەن بىر ئايال
ۋە بىر ياش ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار چوقۇم تۆۋەندىكى شەرتلەرنى
ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن، ئامما ئارىسىدا ئاب-
رۇيلۇق بولۇپ، باشقىلار گېپىنى ئاڭلايدىغان، سورۇننى باشقۇ-
رالايدىغان بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، توينىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن
تەرتىپلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدى-
غان، مەلۇم تەشكىللەش ئىقتىدارى بار بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن،
ئوي ـ پىكرى ئېنىق، ئاغزى ئىتتىك، تەجرىبىلىك، باشقۇرۇش
ئىقتىدارى ۋە ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بولۇش.
ئۇلار بىردىن ئىشقا باشچىلىق قىلىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ قول

ئاستىدا كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىنغان يارده‌مچىلىرى بولىدۇ.
(2) «نىكاھ» ئوقۇيدىغان ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلىش ۋەزىپىسى
كونكرېتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. (3) ئادەت بويىچە،
توي كۈنى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىز كۆچۈرۈشكە كەلگۈچە-
لەرنى مېھمان قىلىدۇ، ئوغۇل تەرەپ قىز كۆچۈرۈشكە بارىدىغان
ئادەم سانىغا ئاساسەن، يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئالدىن تەييارلاپ
قىز تەرەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ، نەرسە ـ كېرەك ۋە ئۇنى بېجىرگۈ-
چىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى
يېتىشمىسە ياكى ۋاقىت يېتىشمىسە، تۇغقانلار ئىچىدىن قولى
چاققان كىشىلەر تاللىنىپ ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلىدۇ. كۆپىنچە
ئەھۋالدا، كىچىك چاينىڭ ئەتىسى توي ئۆتكۈزۈلىدۇ.
2) قىز كۆچۈرۈش ئادىتى: توي ئاساسلىقى قىز كۆچۈرۈش-
تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىل-
گىرى قىز كۆچۈرۈشكە كۆپ ئادەم بارمايتتى، پەقەت يىگىت ۋە
ئۇنىڭ قورداشلىرى، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، «نىكاھ» ئوقۇي-
دىغان ئىمام ئاخۇنۇم، ۋە بىر نەچچە توي بېشى قاتارلىقلارلا
باراتتى. قىز كۆچۈرۈشكە بارغانلار قىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەل-
گەندە قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ، قىز
قولدىشى ۋە بىر نەچچە ئايال لىق كەمپۇت سېلىنغان پەتنۇس
كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. يېزا ـ كەنتلەردىمۇ بۇ خىل ئەنئەنىۋى قەدىمى-
كى توي ئادەتلىرى هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.
3) قىزنى ئالدىرىتىش ئادىتى: نىكاھ ئوقۇلۇپ بولۇشىغا-
لا، يىگىت تەرەپتىكى بىر توپ ياشلار ئىچىدىن 6 — 7 سى
ئىشىك سىرتىدا بىر ـ بىرىنىڭ بويىنىدىن گىرە سېلىشىپ يۇمى-
لاق چەمبەر شەكىللەندۈرۈپ، بېشىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئەكە-
لىپ تەڭ ئاۋازدا مۇبارەك بولسۇن، دەپ توۋلايدۇ. تۆت ياش
قىزنى گىلەمگە سېلىپ تۆت تەرىپىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ.
قىز گىلەمگە ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ، ئەگىشىپ چىققان قىزنىڭ

ئانىسى ۋە باشقا ئاياللارمۇ كۆز يېشى قىلىدۇ. يىگىتلەر قىزنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاتنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ. قىزنىڭ دادىسى ياكى تاغىسى قىزنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويىدۇ. يىگىتمۇ ئاتقا مىنىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېتىنى بىردىن ئادەم يېتىلەپ ماڭىدۇ. قىز ئالدىدا، يىگىت كەينىدە ماڭىدۇ. ئۇلار يىگىت قولدىشى، قىز قولدىشى ۋە باشقا مېھمانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئەنئەنىۋى توي ئادىتىدە، ئىككى ئاتنىڭ رەڭگى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى، ھەرگىز ئالىچىپار بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىنىدۇ، بولمىسا يامان بولىدۇ، يەنى ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ مۇھەببەتكە ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشى بىلەن ئائىلىسى بۇزۇلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر رەڭگى ئوخشاش ئات تېپىلماي قالسا، قىز يىگىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 70 ~ 80 - يىللاردا ئات، ئات ھارۋىسىغا ئۆزگەردى، ھازىر پىكاپقا ئۆزگەردى. قىزنىڭ ياسىنىشىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىلگىرى قىز يۈزىنى گاز ياغلىق بىلەن ئەمەس بەلكى چۈمبەل بىلەن يۆگەيتتى. قىز كۆچۈرۈش داۋامىدا يىگىتلەر توۋلىشىپ ماڭىدۇ، ناغرا - سۇنايلار ئارام ئالغان ۋاقىتتا ئۇلار راسا توۋلىشىدۇ. ئەمما، مەزمۇنى قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئاچىققان ۋاقىتتىكى «ئاللا، ئاللا، قىز ئاخىرى چىقتى. قىزنى چىقىرىپ بەردىڭلار ھەشقاللا، ھەشقاللا» دېيىشتىن «يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ قىز، تويىڭىز بولدى، يېڭى ئۆيىڭىز بولدى، گۈلىڭىز ئېچىلدى» دېيىشكە ئۆزگىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ جەمئىيەتكە توي بولغانلىقىنى جاكارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

4) تۇغقانلار بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىش: ئەنئەنىۋى توي ئادىتىدە قىزنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىش كىشىنى ھەقىقەتەن ھاياجانلاندۇرىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ ئاپىسى ۋە ئاچا -

سىڭىللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ قاتتىق يىغلاپ بىر - بىرلەپ
خوشلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورۇندىكىلەردىن بىر مۇنچىلىرى-
مۇ ياش تۆكىدۇ، قىز تاكى يېڭى ئۆيىگىچە يىغلاپ بارىدۇ.
چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا بالدۇر تويي قىلىش ئادىتى بولغاچقا، قىز
تورققۇز ياشقا توشقاندىلا يەنى تەلپەك بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ كەتمە-
سىلا ياتلىق قىلىسا بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. قىز كىچىك تۇ-
رۇپلا ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىدىن، كۆنۈپ قالغان تۇرمۇش
مۇھىتىدىن ئايرىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتلىق بولسا نېمە ئىش
بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئىنتايىن قورقۇپ، قاتتىق
يىغلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ھازىر قىز يېشىغا توشۇپ تويي
قىلغاچقا، تويىنىڭ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بەك يىراق جايغا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، كۆپ ھال-
لاردا يىغلايمەن دەپمۇ يىغلىيالمايدۇ. قىزنىڭ قولداشلىرى ئۇنى
يالغان يىغلاشقا دەۋەت قىلىدۇ، قىزنى يوشۇرۇنچە چىمدايدۇ ياكى
يالغاندىن ئۇنىڭغا كۇسۇرلاپ گەپ قىلغان بولۇپ قۇلىقىنى چىش-
لىۋالىدۇ. قىز يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە،
قىز ئاۋۋال گۈلخاننى يەتتە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ئاندىن
ئاتتىن چۈشىدۇ. ئاتتىن چۈشكەندە يەرگە گۈللۈك كىگىز ياكى
«پاياندار» سېلىنىپ، قىز يەرگە دەسسىتىلمەي، ئۆيگە ئەكىرى-
لىدۇ. ھازىر بەزى جايلاردا كىشىلەر (مەسىلەن، قاراقاش ناھى-
يىسىدە) ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ تىللىشىدىن قورقۇپ، ئىشىك ئالدى-
غا گۈلخان يېقىشقا پېتىنالماي، تويي بولغان قىز - يىگىتنىڭ
ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا چىراغ ياكى بىر تال شام يېقىپ، قىزنى
ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىتىپ ئاندىن ئۆيگە ئەكىرىدۇ. تويي پىكاپى
يىگىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك ئالدىغا ھېچ نەرسە
سېلىنمايدۇ. قىز پىكاپتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىككى يەڭگە-
نىڭ قولتۇقلىشى بىلەن يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ، يەڭگە
ئادەتتە ئاكىنىڭ ئايالىنى كۆرسىتىدۇ. تويي ئادىتىدە تويي كېچە-

سى قىزغا ھەمراھ بولىدىغان ئىككى چوكاننى كۆرسىتىدۇ.

5) يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ «ئۈستۈنلۈك» تالىشىش ئادىتى: توي كۆچۈرۈشكە بارغانلار يىگىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، يىگىت قىز مىنگەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا دەسسەپ سەكرەپ چۈشۈشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندىلا يىگىت قىزنى ئۆزىگە قارىتىپ، كېيىنكى ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدىكەن. تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نوپۇز تالىشىش ئادىتى تويىنىڭ ھەر بىر مۇھىم جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. يىگىت بىلەن قىز يىگىت ۋە قىز قولداشلىرىنىڭ ياردىمىدە تۇزغا چىلانغان ناننى تالىشىپ يەيدىغان ئادەتتىن باشقا، يەنە مۇنداق ئادەتلەرمۇ بار: (1) قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئىككىلەن يېڭى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان چاغدا، ئىشىكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قىز قولدىشى ياكى قىزنىڭ باشقا دوستلىرى يىگىتنىڭ بويىنىنى ئېگىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئەگدۈرەلىسە بۇ تەقلىدىي ھەرىكەت ئارقىلىق قىزنىڭ كەلگۈسى ئائىلىسىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. (2) قىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت باھانە كۆرسىتىپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قىزنىڭ بېشىدىن ئاتلىۋەتسە ئائىلىسىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. (3) توي كۈنى قوينىڭ بىر پارچە قۇيرۇق مېيىنى قىزنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قىيمىلىق نان ئېتىپ يىگىتكە يېگۈزۈۋەتسە، بۇ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ ۋەھاكازالار. بۇ ئادەتلەر پېرىخونلۇق ئادىتى بولۇشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا «ئانىلىق ھوقۇق» تىن «دادىلىق ھوقۇق» قا ئۆتۈش، شۇنداقلا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى «ئۇزاققا سوزۇلغان كۈرەش» كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

6) تۇرمۇشنىڭ خۇشال - خۇرام ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىپ

خەيرلىك تىلەش ئادىتى: قىزنى ھۆجرىسىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن يىگىتلەر يىگىت تەرەپنىڭ بولسا، بوسۇغىدىن ئۆتكەندە قىزنى بوسۇغىدا ئازراق ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن پىرىخۇنلۇق تۇسنى ئالغان «ئولتۇرۇپ قېلىش» ئىدىيىسى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئائىلىڭىز مۇشۇ» دېگەننى بىل-دۈرىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يىگىت تەرەپنىڭ دوستلى-رى، كۆپىنچە ئەھۋالدا قىزنى كۆتۈرۈش ھوقۇقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. قىز سۇپىغا قويۇلغاندىن كېيىن نەچچە قات قېلىن سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلى-نىدۇ، بۇ قىزنى ئالاھىدە «كۆتۈۋالغانلىق» نى ئىپادىلەيدۇ. كۆرپىنىڭ ئاستىغا تاش، پالتا قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى قويۇپ يىگىتنى قىز بىلەن ئۇچراشتۇرغاندا، قىزنىڭ بۇ ئائىلىدە يىلتىز تارتىپ ماكانلىشىپ قېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، دەپ قارى-لىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىچە خەيرلىك تىلەش ئۇسۇل-لىرى بار: (1) بىر جۈپ قىز - يىگىت ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشىغا بىر قاچىدىن پوتقا ئېشى بېرىلىدۇ، يىگىت بىلەن قىزغا بىر قاچا بېرىلىپ قوشۇق بېرىلمەيدۇ. ئۇلار ئاشنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ. كىشلەر بۇ ئاش ھەم قىزىق، ھەم «يېپىشقاق» بولغاچقا، يىگىت بىلەن قىز ئۆمۈرلۈك ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇپ قالىدۇ دېگەنگە ئىشىنى-دۇ. (2) ئوغۇل - قىزى، ئىناق ئائىلىسى بار، ياشانغان بىر ئايال ئازراق سەرناقنى يېشىپ، بىر ئۇچىنى قىزنىڭ بوينىغا، يەنە بىر ئۇچىنى يىگىتنىڭ بوينىغا چىگىپ قويىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكىگە ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. (3) شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىزنىڭ كەينىدىكى تامغا بىر مىخ قېقىپ قويۇلىدۇ. بۇ قىزنىڭ بۇ ئۆيگە قېقىلغانلىقىغا سىمۋول قىلىن-غان. مىخ كۆپىنچە قىزنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلاپ كېلىنىدۇ. ئۇ

ئۆيدىن ئەكىلىپ بۇ ئۆيگە قېقىشىنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى ۋە
ئۇنىڭدىكى مۇددىئا ئۆز - ئۆزىدىنلا مەلۇم. (4) قىز يۆتكىگەنـ
دە، قىزنىڭ ئۆيىدىن قولىغا چىقىپ قالغان تامدىكى مىخ، ئىدـ
شىكتىكى قۇلۇپ، پىيالە قاتارلىق نەرسىلەر ئوغرىلىنىپ يىگىتـ
نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسى بايقاپ قالسا،
شۇ هامان قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، بايقالمىسا مىختىن باشقا نەرسىـ
لەر بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قـايتـۇرۇپ بېرىلىدۇ. قـۇلۇپ
ئوغرىلاش — قىزنى يېڭى ئۆيگە سولىۋەتكەنلىكنى، قاچا ئوغرىـ
لاش قىزنىڭ «رىزقى» ، يەنى بىر كىشىلىك بەختى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ. بۇ ئادەتلەر شەھەر - بازارلاردا ئازلاپ قالدى، يوقاپ
كەتتى ياكى قىزىقچىلىققا ئايلىنىپ قالدى. (5) كېرىيە قاتارلىق
جايلارنىڭ توي ئادىتىدە قىزنىڭ ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك توي
كىيىمى كىيىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار بۇنى يامانلىقتىن بېشاـ
رەت بېرىدۇ، يىگىتنى قارغىغانلىق دەپ قارايدۇ. تويدىن كېيىن
يىگىت تاسادىپىي ئاغرىپ قالسا ياكى بىرەر ئىش چىقىپ قالسا،
كۆپىنچە، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى قىزغا ئاق رەڭلىك كىيىم
كىيدۈرگەنلىكتىن كېلىپ چىقتى، دەپ ئەيىبلەپ، ماجىرا تۇغـ
دۇرىدۇ. (6) بەزى رايونلاردا كۆرپىنىڭ ئاستىغا قوي تېرىسىـ
دىن تىكىلگەن بىر جۇۋا سېلىپ قويۇلىدۇ، بۇ «ئىللىقلىق» قا
سىمۋول قىلىنغان. كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئاشۇنداق
قىلغاندا بىر جۈپ ياش توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلە
تۇرمۇشى «جۇۋا ئىچىدىكى تەن» دەك ياخشى ۋە بەختلىك ئۆتىـ
دۇ، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە كۆيۈمچان بولىدۇ.
7) يۈزىنى يۆگىگەن ياغلىقنى ئېلىۋېتىش ئادىتى: بەزى
رايونلىرىدا بۇ ئادەت يۈز ئاچقۇ ياكى چاچ تاراش دېيىلىدۇ.
ئوخشىمىغان جايلاردا بۇ خىل ئادەت ئۇسۇلىمۇ ئاز - تولا پەرق
قىلىدۇ، بەزى ناھىيىلەردە يىگىتنىڭ ئاپىسى ئۇسسۇل ئوينىغاچ
چۆگىلەپ كېلىپ چوكا بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. ھەر بىر

قېتىم ئاچقاندا، قىز قولدىشى قىزنىڭ يۈزىنى دەرھال يۆگەپ
قويىدۇ، بۇ ھەرىكەت ئۈدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بەزى
ناھىيىلەردە يىگىتنىڭ ئانىسى ياكى ئۇلارغا يېقىن تۇغقان كېلىدى-
غان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ-
رۇپ، نوغۇچ بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. ئىلگىرى قىزنىڭ
يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەڭگە بولغۇچى قىز
بىلەن يىگىتنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇراتتى. تونۇشتۇرۇش ئۇسۇ-
لىمۇ ئىنتايىن ئۆزگىچە ئىدى. يەڭگە بولغۇچى ناھايىتى ھەيران
قالغان قىياپەت ۋە تەلەپپۇزدا: «پاھ! بۇنچە چىرايلىق كىمدۇ
بۇ؟» دېسە، كۆپچىلىكمۇ ئوخشاشلا ھەيرانلىق بىلەن بۇ گەپنى
تەكرارلايتتى. ئارقىدىنلا جاۋابەن: «ھە، بۈگۈنكى كېلىنكەنغۇ!
» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا يىگىت بىلەن قىزنىڭ تويدىن
ئىلگىرى كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىغاچقا، بۇ تۇنجى قېتىملىق
كۆرۈشۈش ھېسابلىناتتى. قىزنىڭ يۈزى ئېچىۋېتىلگەندىن كې-
يىن: «سىز ئەمدى بىزنىڭ بالىمىز بولۇپ قالدىڭىز، يۈزىڭىزنى
يۆگىۋالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئىككى «يەڭگە»
يىگىتتىن قەستەن: «يوتقان - كۆرپە ۋە ياستۇقنىڭ قەيەردىلىكى-
نى بىلەمسىز؟ بىلمەيسىز - ھە، شۇنداقمۇ!» دەپ سورايدۇ.
ئۇلارغا ئورۇن راسلاپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، «بولدى، بەك
كەچ بولۇپ قالدى، ئۇخلاپ قېلىڭلار» دەپ قويۇپ باشقىلار بىلەن
ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. خوتەندە يېڭى ئۆيدە غوۋغا قىلىدىغان
ئادەت يوق، ئەمما بەزى رايونلاردا ياشلار ئىشىكنىڭ سىرتىدىن
ياكى تۈڭلۈكتىن «شەپە تىڭشاش» ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن.
سەھەردە، ئىككى يەڭگە يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنغا سۇ
ئىسسىتىپ بېرىپ، قىزغا قانداق غۇسلى قىلىشنى ئۆگىتىپ
قويىدۇ ھەمدە ئۇلارغا غۇسلى قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى
ئېيتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەر - خوتۇن بىرگە بولغاندىن
كېيىن ۋاقتىدا غۇسلى قىلمىسا بالىسىنىڭ گاس - گاچا ياكى

غەيرىي تۇغۇلۇپ قالىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ.
8) توي خاتىمىسى (1) توينىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر قىز ـ يىگىتكە ئەتىگەنلىك ئىسسىقلىق ئەكىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۇدا ئۈچ كۈن پېتىرمانتا، گۆش باسقان پولۇ، قىيما كۆمەچ قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى مول تاماقلارنى ئېتىپ ئاپىرىپ بېرىدۇ. توينىڭ ئەتىسى «يوقلاق» بولىدۇ. 3 ـ كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى ئېلىپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ. ئەگەر قىز يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولسا، يىگىتنىڭ ئانىسى ئەكەلگەن داستىخاندىكى ناندا بىر تال گۈل بولىدۇ. هازىر كۆپىنچە سۈنئىي گۈل قويۇلىدىغان بولدى، بۇ-لۇپمۇ گۈل ئېچىلمايدىغان پەسىللەردە تېخىمۇ شۇنداق. يىگىتنىڭ ئانىسى گۈلنى قىزنىڭ ئانىسىغا سوۋغا قىلىپ: «گۈلدەك سۆ-يۈملۈك قىزىڭلارنى بىزگە بەرگىنىڭلارغا رەھمەت» دەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئالاھىدە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بەلگە-سى، بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۈزىمىز يورۇق بولدى دەپ شادلىققا چۆمىدۇ ھەم ئىككى ئائىلە ئۆزئارا سوۋغات بېرى-شىپ يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ (2) هاردۇق چېيى — چىللاق باشقا رايونلارنىڭ هاردۇق چېيىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ مۇرا-سىم، تويدىن كېيىنكى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئوبدان سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ بارىدۇ، ئاساسلىقى تويدا ئىككى ئۆي ئارىلىقىدا ئەلچى بولغانلار ۋە تويدا كـۆپ كـۈچ چىقـارغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر چاقىرىلىدۇ. ئادەت بويىچە، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر كۆپچىلىكنى ئۈچ خىل تاماق بىلەن ئۇزىتىدۇ. ئەگەر باي ئائىلە بولسا قىزىقچى، سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ، راسا يەپ ـ ئىچىۈرۈپ، كۆڭۈل ئاچتۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

## 5. ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى

ھازىرقى ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى ئاساسەن ئىسلام مەدەنىيىتىگە خاس ئادەتلەردۇر. بۇ، خوتەنلىكلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان مۇتۋەللىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئالاقىدار مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان «دەپنە مۇراسىمى قوللانمىسى» دا قېلىپلاشتۇرۇلغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئەنئەنىۋى ماتېرىياللار ساقلاپ قېلىنغان ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىنغان.

### 1) سەكراتقا چۈشۈش

بىر كىشى مەيلى قېرىپ، ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگىتىپ، ئەجىلى توشقاندا بولسۇن، ياكى كېسەللىك بىلەن ئېلىشىپ جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە بولسۇن، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ سەكراتقا چۈشىدۇ. بۇ چاغدا سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى قاتارلىق يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھايات ۋاقتىدىكى دوست - بۇرادەرلىرى ۋە قوشنىلىرى كېلىپ، سەكراتقا چۈشكەن كىشى بىلەن ۋىدالىشىدۇ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلايدۇ ھەم رازىلىق بېرىدۇ. ئىقتىسادي باردى-كەلدى ئىشلار توغرىسىدا رازىلىشىدۇ. سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە ئۆتنە - يېرىم ئىشلىرىنى ئېنىقلاش جەھەتتىكى مەزمۇنلار كۆپرەك بولىدۇ. ئەل ئىچىدە گۇناھ يۇدۇۋېلىشتىن قورقىدىغان بۇنداق ئاجايىپ تۈيغۇ ئومۇمىيۈزلۈك پسىخىكىلىق ھالەت بولۇپ، ھەممە يەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سەكراتقا چۈشكۈچى بىلەن ۋىدالىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكلىپ قىلىنغان ئىمام ئاخۇنۇم ئايەت ئوقۇپ دېمىدە قىلغان سۇ سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئاغزىغا ياغاچ قوشۇق بىلەن تېمىتىلىدۇ. ئەگەر سەكراتقا چۈشكۈچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مويسىپىت بولسا،

ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە سۇپرىنى مويسىپىتنىڭ يېنىدا ئېچىپ، مويسىپىتنىڭ ئالىقىنىنى سۇپرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئالىقىنىنىڭ ئىزىنى قالدۇرىدۇ. بۇنداق قىلسا، ئەجدادلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئالاھىدىلىكى ئەۋلادلىرىغا قالارمىش.

سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ نەپىسى توختىغاندا، ئاخۇنۇم ئۇنىڭ پۇت - قولىنى دەرھال تۈزلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ زاڭىقىنىڭ ئاجراپ كېتىپ، ئېغىزىنى يۇمالمىغان ھالەتتە كېتىپ قالماسلىقى ھەم كېپەننى چىشلەپ سالماسلىقى ئۈچۈن، ئېڭىكىنى تەييارلاپ قويىغان ئاق رەخت بىلەن تېڭىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىر پۇتىنىڭ يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ كىرىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويىدۇ. كىشىلەر ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ كېپىنىنى چىشلىۋالغان ياكى پۇتى كىرىشىپ قالغانلىقى بايقالمايلا، دەپنە قىلىنىپ كەتسە، ۋاپات بولغۇچى دۇچ كەلگەن ئۆلۈم ئاپىتى بۇ ئائىلىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كېڭىيىپ، ئۆلارمۇ چېتىلىپ قالىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىدۇ. بەزى جايلاردا مېيىپ لەھەتكە ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ كېپەننى چىشلەپ سالغان - سالمىغانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ ھەم پۇتلىرىنىڭ كىرىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا بىر دانە كېسەك قويۇپ قويۇلىدۇ. ئارقىدىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە پەتىگە كەلگەنلەر مېيىپ ئۈزىنىش ۋاقتى قاتارلىق كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىدۇ. مېيىت ئۈزىتىش ۋاقتى تولىراق ئەتىسى ئەتىگەنگە بېكىتىلىدۇ.

**2) چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ھازا ئېچىش ۋە ھازا قوشىقى**

ۋاپات بولغۇچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بوغۇن پەرقى ۋە مەلۇم تەرتىپ بويىچە، ئىشىك ئالدىدا ئەر - ئايال ئىككى رەت بولۇپ

تىزىلىپ، ھەر بىرى بىر مېتىرچە ھازا ھاسىسى ئېلىپ پەتىگە كەلگەن يۇرتداشلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاياللارنىڭ ئارىسىدا بىر ھازىچى بولىدۇ. ھازىچى پەتىگە كېلىۋاتقانلارنى يىراقتىن كۆرۈپ-لا يىغا - زار قىلىپ ھازا قوشىقى ئوقۇيدۇ، قالغانلار بولۇپمۇ ئايال ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغا - زار قىلىپ ھازا قوشىقى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا جور بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازا ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، چەكسىز قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسىبەتلىك ئائىلە يەنە ئېغىلدىكى چىشى چارۋىلارنى باللىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك چارۋىلار مۆرىشىپ، مەرەپ چەكسىز قايغۇلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

ھازا قوشىقى دېگىنىمىز، ھازا سورۇنىدا، ھازىچى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋاكالىتەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھەر خىل ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇ - ھەسرىتىنى يىغا - زار قىلغان ھالدا بايان قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ئۆزلىرى ئۇچ-رايدىغان مۇشكۇلاتلار مەزمۇن قىلىنغان مەرسىيىنى كۆرسىتى-دۇ، ئۇنىڭ ئاھاڭى ئىنتايىن قايغۇلۇق ۋە ھەسرەتلىك بولىدۇ. ھازا قوشاقلىرىنىڭ تېكىستى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ۋاپات بولغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ۋاپات بولغۇچى دادىسى بولسا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئادەتتە مۇنداق ھازا ئاچىدۇ:

*ۋاي دادام! ۋاي دادام!*
*ئاھ بىچارە دادام!*
*ئاھ، باغرى يۇمشاق دادام!*
*بىزنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز دادام!*
*ۋاي دادام! ۋاي دادام!*
*سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان بىزگە شۇنچە چۆل دادام!*
*سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان بىزگە شۇنچە تار، دادام!*

ۋاپات بولغۇچى ئانىسى بولسا، پەرزەنتلىرى مۇنداق ھازا ئاچىدۇ:

*ۋاي ئانام، ۋاي ئانام!*
*ئاھ! بىچارە ئانام!*
*ئاھ! باغرى يۇمشاق ئانام!*
*ئۆزىڭىز ئاچ ـ توق يۈرۈپ،*
*بىزنى توق باققان ئانام!*
*ئۆزىڭىز ھۆل يەردە يېتىپ،*
*بىزنى قۇرۇقداپ باققان ئانام!*

ۋاپات بولغۇچى ئاكا ـ ئۇكا ياكى ھەدە ـ سىڭىللىرى بولسا، مۇنداق ھازا ئاچىدۇ:

*دەل ـ دەرەخ قۇرۇپ كەتسە قايتا سالغىلى بولار قېرىندىشىم!*
*كىچىك بالا ئۆلۈپ كەتسە يەنە تۇغۇلار قېرىندىشىم!*
*ۋاي ئاكا (ئاچا) جان ـ جىگەر قېرىندىشىم!*
*سىز كەتتىڭىز ئۇ ئالەمگە، نەدىن تاپىمەن قېرىندىشىم!*
*ئاسماندىن ئىزدەي دېسەم ئاسمان يىراق قېرىندىشىم!*
*يەر ئاستىدىن ئىزدەي دېسەم بەك قاتتىقكەن قېرىندىشىم!*

خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان ئەر ئۆزىنىڭ ھازا ئېچىشى بىلەن ئۆلگۈچى تەرىپىنىڭ ھازا قوشىقى ئادەتتىن تاشقىرى مۇڭ-لۇق، ھەسرەتلىك بولۇپ، يۈرەكنى ئېزىپ، كىشىلەرنى قاتتىق پىغانغا سالىدۇ:

*ۋاي مۇرەببىيم! ۋاي مۇرەببىيم!*
*ئۇچسام قاناتىم ئىدىڭىز،*
*ۋاي مۇرەببىيم! ۋاي مۇرەببىيم!*
*ئاپتاپتا سايىۋەنىم ئىدىڭىز!*
*ۋاي مۇرەببىيم! ۋاي مۇرەببىيم!*
*بىزنى چايان چاقماقچى بولسا،*
*چاياندىن كىم ساقلار؟ مۇرەببىيم!*
*بېشىمغا كۈن چۈشسە،*

*بىشىمىزنى كىم سىلار؟ مۇرەببىم!*
*ۋاي مۇرەببىم! ۋاي مۇرەببىم!*
*قىش - زىمىستاندا سوغۇقتىن ساقلايتتىڭىز ھەر دائىم،*
*كۆيۈپ - پىشىپ ئاش - ئوزۇق غەملەيتتىڭىز مۇرەببىم!*
*بارسا - كەلمەسكە كېتىپ، بىزنى داغدا قويدىڭىز،*
*سىز كېتىپ تاغدەك يۆلەكتىن مەھرۇم بولدۇق مۇرەببىم!*
*بالىلىرىڭىز قالدى كىچىك، ئاچىزىڭىزگە مۇرەببىم!*
*چوڭ قىلىشتا ئۇششاقلارنى كىمگە تايىنارمىز، مۇرەببىم!*

ھەر بىر مەھەللىدە دېگۈدەك مەخسۇس هازىچى ئاياللار بولىدۇ. ئۇلار گەپ - سۆزگە ۋە هازا ئېچىشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى دەپنە قائىدە - يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. قايسى ئۆيدە ئۆلۈم - يېتىم بولسا، ئۇلار خەۋەر تېپىپلا يېتىپ كېلىدۇ، دەپنە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ھەم هازا قوشىقىنى باشلاپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ هازا قوشىقىنىڭ تېكىستى قاپىيىلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

*كەتتىڭىز ۋاي قېرىندىشىمىز كۆلدۈرۈپ شۇم دۈشمەننى،*
*داغدا قويۇپ كەتتىڭىز ئاۋام، ئۇرۇق - تۇغقاننى.*
*ئى خالايىق كۆلمەڭلار بېشىغا كۈن چۈشكەندىن،*
*خالىي ئەمەس ھېچ ئىنسان بۇنداق ئەجەل قىسمەتتىن.*

*ئاھ قېرىندىشىمىز! كەتتىڭىز بىزنى قويۇپ پىغانغا،*
*ماتەم تۇتۇپ قوي - كالىلار كەلدى بۇندا زۇۋانغا.*
*ئاھ قېرىندىشىمىز! كەتتىڭىز بىزنى قويۇپ پىغانغا،*
*كۆز يېشىمىز سەل بولۇپ، يۈرەك تولدى زەردابقا.*
*مۇنكىر - نىكىر سوئالىغا توغرا جاۋاب بەرگەيسىز،*
*ئاخىرەتتە جەننەتتىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغايسىز!*

3) ماتەم ئۆرپ - ئادىتى

خەۋەر تېپىپ كەلگەن پەتچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يىغى-

سىنى بېسىپ، مۇسىبەت بولغان ئائىلىدىكىلەرگە تەسەللى بەر-
گەچ قارا دوپپا ياكى ئاق رومال ياكى 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
داكىنى مۇسىبەت بولغان ئائىلىدىكى مويسىپىتكە بېرىدۇ، ياكى
بىۋاستە بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدۇ، ياكى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ
قويىدۇ، ئاندىن سەپىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇرىدۇ. پەتىچىلەر
سېپى كىشىلەرنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشىكتىن تارتىپ خې-
ىلى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بەزى جايلاردا تەزىيە بىلدۈرىدىغان ئاق
خەسە ياكى داكىنى مۇسىبەت بولغان ئائىلىدىكىلەر ئۆزى تەييار-
لاپ، تەزىيىگە كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بېلىگە باغلاپ
قويىدۇ.

4) مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش ۋە كېپەنلەش

مېيىتنى يۇيۇپ - تاراشنىڭ قائىدىسى: ئەرلەرنىڭ مېيىتى-
نى ئەرلەر يۇيىدۇ، ئاياللارنىڭ مېيىتىنى ئاياللار يۇيۇپ - تاراي-
دۇ. ئۆلگۈچى ئەگەر نارسىدە بالا بولسا، جىنسى ئايرىماي ئۇنى
كىم يۇسا بولىۋېرىدۇ. مېيىتنى ئادەتتە تۆت كىشى يۇيۇپ -
تارايدۇ، ئەمما ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىر يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنى
ياكى «ۋەكىلى» ئۇستىدە تۇرىدۇ. يۇيۇپ - تارايدىغانلارنىڭ ئىش
تەقسىماتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىس-
مىنى بىرى، تۆۋەن قىسمىنى بىرى يۇيىدۇ، قالغان ئىككىيلەن
سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. مېيىتنى ئىمكانقەدەر يەرلىك سوپۇن بىلەن
يۇيۇپ - تارايدۇ. يۇيۇشقا ئاق لەيلە گۈلنىڭ بەرگى چىلانغان
پۇراقلىق سۇ ئىشلىتىلىدۇ. بەدەنىنىڭ ھەر بىر قىسمى مۇئەييەن
تەرتىپ بويىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. مېيىتنى يۇغاندا بىر ئاخۇ-
نۇم تۇختۇلۇكىنىڭ يېنىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، قۇرئاننىڭ مەخ-
سۇس پارىلىرىنى ئوقۇيدۇ. قۇرئان ئوقۇغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش
يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە سوۋغات — «قاچا» تەقدىم قىلى-
نىدۇ. مېيىت يۇيۇلۇپ، سۇرتۇلۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئىك-
كى ئالىقان، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچى، پېشانە قاتارلىق

يەتتە يېرىگە خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق چېچىلىدۇ. ئارقىدىن جەسەت كېپەنگە ئېلىنىدۇ. كېپەن سىمۇوللۇق كىيىم بولۇپ، ئىنتايىن ئاددىي بولىدۇ. ئاق پاختا رەختتىن تەييارلىنىدۇ. ئەر مېيىتكە كىيدۈرۈلىدىغان كېپەننى مىسالغا ئالساق، بىر پارچە رەخت ئىككى قات قىلىپ قاتلىنىپ، ئىككى ئۇچى پەسكە قارىتىلىدۇ. پۇتىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى بوغۇپ قويۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، رەخت ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېگىزلىكىدىن سەل ئۇزۇنراق بولىدۇ. رەختنىڭ ئۇستى تەرىپىدىكى قاتلانغان يېرىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، مېيىتنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى سۆڭەك يىڭنە بىلەن يۆمەپ قويۇلىدۇ، پولات يىڭنە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ رەختتىن سۇغۇرۇپ ئېلىنغان يىپ ئىشلىتىلىدۇ. كېپەنلىكنىڭ ئاستى تەرىپى خالتىغا ئوخشايدۇ، ئۇستى تەرىپى يەڭسىز، ياقىسىز، ئىككى تەرىپى تىكىلمىگەن كەمزۇلغا ئوخشايدۇ. ئەر كىشىلەرگە ئۈچ قات، ئاياللارغا بەش قات مۇشۇنداق كېپەن كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىغا ئەرەبچە ئىسىم قويۇلغان: 1 ـ قېتى «لىپاپە» (تاش كېپەن) دەپ ئاتىلىدۇ. 2 ـ قېتى جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ بولۇپ، «ئىزار» (تاش كىيىم) دەپ ئاتىلىدۇ؛ 3 ـ قېتى مېيىتنىڭ بويىندىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يەڭسىز، ياقىسىز بولۇپ، «قىمىس» (كۆڭلەك) دەپ ئاتىلىدۇ؛ 4 ـ قېتى قولتۇقتىن كىندىككىچە بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمىگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى تىزىغىچە كېلىدۇ، بۇ «سىنبەل» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 5 ـ قېتى باش ۋە يۈز پۈركەنجىسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، «خىملا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەر مېيىت ئۈچۈن بۆك، ئايال مېيىت ئۈچۈن ياغلىق بولىدۇ. ئەرلەرگە ئالدىنقى ئۈچ قېتىملا ئورۇلىدۇ، كېپەنگە ئېلىش جەريانىدا، مېيىتنىڭ ئاستىن ئېڭىكى، ئىككى قولى ۋە ئىككى تىزى چېتىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە كېپەنگە ئېلىن-

نىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قىزىلگۈلنىڭ بەرگى چىلانغان گۈلاپ سۈيى ياكى ئۆيدە ساقلانغان زەمزەم سۈيى سېپىلىدۇ. ئارقىدىنلا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مېيىت بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا، خوتۇنى مېيىتنىڭ چىرايىغا قاراپ ۋىدالىشالمايدۇ. كىشىلەر ئەر - خوتۇندىن بىرى ۋاپات بولسا ئۇلار ئىككى ئالەمنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى تەبىئىي هالدا ئۈزۈلدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، هايات قالغان كىشى يەنە ئۆيلىنىشى ياكى قايتا ياتلىق بولۇشى مۇمكىن، نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ئەھۋالدا ئەر - خوتۇن كۆرۈشسە «نامەھرەم» بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋىدالىشىپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئاق كىگىزگە ئورۇلۇپ جىنازىغا سېلىنىدۇ.

5) پىدىيە بېرىپ، گۇناھنى ساقىت قىلىش

كىشىلەر هايات ياشاۋاتقانلار شەخسىي ھەۋەسنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، بىر كىشى شۇنچىۋالا گۇناھنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ بارسا، قانداقمۇ جەننەتكە كىرىپ، ئۇ يەردىكى تۇرلۇك - تۈمەن مەئىشەتلەردىن بەھرىمەن بولالىسۇن؟ دەپ قارايدۇ.

مېيىت نامىزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئاپىرىشتىن بۇرۇن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىر ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى تىرىكلەرگە سىمۋول خاراكتېرىدە سېتىپ بېرىدىغان كىچىك مۇراسىم — پىدىيە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ گۇناھىنى تولىراقى مېيىپلار، مۇساپىرلار ۋە هۇرۇنلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى، خەلق ئىچىدە تارقالغان ياخشىلارنى تارتۇقلاپ رەزىللەرنى جازالاش كۆز قارىشى بويىچە، نورمال كىشىلەر باشقىلارنىڭ گۇناھىنى يۇدۇۋېلىشنى خالىمايدۇ.

ئەمما، جايلاردىكى مەسچىت ئەتراپىدا ھەمىشە مۇشۇنداق پىدىيەنى كۈتۈپ يۈرۈيدىغان بىكار تەلەپلەر بولىدۇ. پىدىيە بېرىش مۇراسىمى باشلانغاندا ئادەتتە ئىمام ئاخۇنۇم جىنازىنىڭ قىبلىسى تەرىپىدە تۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان پىدىيە ئالغۇچىغا «×× نىڭ ئۆمۈرلۈك گۇناھىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالامسىز؟» دەپ سورايدۇ. پىدىيە ئالغۇچى: «ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىمام ئاخۇنۇم يەنە: «ئەمىسە مۇشۇنداق بولسۇن، ×× نىڭ بارلىق گۇناھى سىزنىڭ زىممىڭىزگە چۈشتى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئارقىدىن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان تىللا، ئالتۇن زىرە ياكى كۈمۈش تەڭگە قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ ياكى ئالىقىنىغا تەگكۈزۈپلا قويىدۇ. ئاندىن ھېلىقى نەرسىنى بىر قاپ سەرەڭگە ياكى 2 — 3 موچەن نەق پۇلغا تېگىشىدۇ. بەزى جايلاردا ۋاپات بولغۇچىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە بۇغداي قاتارلىق دانلارنى چېچىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار، ئۇلار بۇ ساۋاپلىق ئىش، داننى ئۇچار - قاناتلار يېسە مەرھۇمنىڭ گۇناھى يېنىكلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

6) ۋاپات بولغۇچىغا بېرىلىدىغان «جاۋابنامە» ۋە «باھا»

ۋاپات بولغۇچى ئەل ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى ھۆرمەتلىنىدۇ. ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا «مەرھۇم» دەپ، ئايال بولسا «مەرھۇمە» دەپ ئاتىلىدۇ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. مېيىت قەبرىستانلىققا كۆتۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، بىر قاتار مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلىدۇ:

بىرىنچى، بىر مويسىپىت كىشى ھازىدار ئائىلىسىدىكىلەردىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ تەخمىني تۇغۇلغان كۈنىنى سوراپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئەمەلىي يېشىنى شۇنىڭغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىدۇ ھەم جامائەتكە ئېلان قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ۋاپات بولغۇچىنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى بىر يېقىن تۇغقىنى ئىمام ئاخۇنۇمدىن: «مەرھۇم دادام ياكى ××× قانداقراق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. ئىمام ئاخۇنۇم بىر قاتار تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن باھا بېرىدۇ. بەزى جايلاردا ئىمام ئاخۇنۇم جامائەتتىن «ۋاپات بولغۇچى قانداق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى دەپ باھا بېرىپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ پەزىلەت ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باھالار گويا ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەن تونۇشتۇرۇش خېتى ۋە باھالاش قەغىزىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەر مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ، گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندا، دەپنە قىلىنغان كىشى تىرىلىدۇ ھەم ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، مۇنكىر ـ نىكىرلەرنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. سوئال ـ سوراقلارغا توغرا جاۋاب بېرەلىسە، لەھەت ئىچىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئازىيىپ، جەننەتتە بولىدىغان دەپ تۇگەتكۇسىز ئاجايىپ مەئىشەت ۋە راھەت ـ پاراغەتلەردىن بالدۇرراق بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «پەرۋەردىگارىم (ياراتقۇچىم) — ئاللا ـ تائالا، دىنىم — ئىسلام، پەيغەمبىرىم — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئېتىقادىم — قۇرئان، كۇندىلىك مۇقەددەس ھەرىكىتىم بەش ۋاخ ناماز» دەپ بېرىلگەن جاۋاب توغرا جاۋاب بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. مۇشۇ ئېتىقادقا ئاساسەن، بەزى جايلاردا دەپنە ئادىتى بويىچە مېيىتنى يەرلىككە ئەكىرگەندە، ئىمام ئاخۇنۇم ئۆلچەملىك جاۋابنى يەتتە قېتىم تەكرارلاپ، دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ قۇلىقىغا سۆزلەيدۇ. بەزى جايلاردا، ئۆلچەملىك جاۋاب قەغەزگە پۈتۈلۈپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ قويۇلىدۇ ياكى قەغەزگە كىچىك دەستە بېكىتىلىپ، ئۇ خۇددى بىر بايراقتەك قىلىنىپ قىبلە تامغا قاداپ قويۇلىدۇ. بەزى جاي-

ـلاردا، مېيىت نامىزىغا كەلگەن جامائەت بىر سىقىم توپىغا توغرا جاۋاب ياكى تىلەكداشلىق سۆزىنى سۆپلەپ تەييارلايدۇ، يەرلىك- نىڭ ئاغزىنى ئېتىدىغان چاغدا، ۋاپات بولغـۇچىنىڭ چوڭ ئوغل- ـى ياكى باشقـا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنى ئايەت توپىسىنى يىغىپ لەھەتكە تۆكىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ توپا ئوخشاشلا توغرا جاۋابنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ سەمىگە سىلىپ تۇرۇش رولىنى ئوي- نايدىكەن. بەزى جايلاردا يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى قول- لىنىلىدۇ.

ئۇچىنچى، ۋاپات بولغۇچىغا باھا بېرىلىپ بولغاندىن كې- يىن، ئۇنىڭ ئوغلى ياكى باشقا ئەر ئۇرۇق - تۇغقىنى جامائەتنىڭ ۋاپات بولغۇچىدىن رازى بولۇشىنى سورايدۇ. ھازىدار ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى باشقا ۋەكىلى كۆپچىلىكتىن: ۋاپات بولغۇچىدا ھەققىياتىڭلار بارمۇ - يوق؟ بولسا دېسەڭلەر، تۆلەپ بېرىمىز، دەپ سورايدۇ. ئادەتتە كۆپچىلىك بىردەك ھەققايىتىمىز يوق، دەپ رازىلىق بېرىدۇ. بەزىدە ۋاپات بولغۇچىدا ھەققىياتى بارلىقى- نى ئېيتىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. ئەمما، مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىرەرى ھەققىياتى بارلىقىنى دېسە، ھازىدار ئائىلە نەق مەيداندا قايتۇرىدۇ ياكى شۇ يەردىلا ئېنىق ۋەدە بېرىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپچىلىك بىرلىكتە دۇئا قىلىپ، ۋاپات بولغۇ- چىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيدۇ. ئارقىدىن مېيىتنى لەھەتكە قويىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا يامغۇر يېغىپ قالسا كىشىلەر بۇنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ جەننەتكە قەدەم قويغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خە- ۋەر، دەپ قارايدۇ.

بەشىنچى، يەرلىككە توپا تاشلاش باشلانغاندا، بىرەيلەن ئا- يەت ئوقۇشنى باشلايدۇ. بۇ كىشى ئىمام ئاخۇنۇم بولسىمۇ ياكى ئىسلام ئۆلىماسى بولسىمۇ ۋە ياكى قارى بولسىمۇ بولىدۇ. قىرا- ئەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت دۇئا قىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئىسقات تارقىتىش. ئىسقات ئەرەبچە سۆز بو-

لۇپ، پاكىزلاش، ساقىت بولۇش، خالاس بولۇش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 ـ قىسمى ناماز ھەققى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مېيىت نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئىمام ئاخۇنۇمغا بېرىلىدىغان ھەقنى كۆرسىتىدۇ، بۇ جامائەت ئالدىدا بېرىلىدۇ. ئادەتتە سەللە قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلىدۇ؛ 2 ـ قىسمى «پىدىيە ئىسقات» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ قەرزدىن تۆلەپ بېرىش يولى بىلەن خالاس بولۇش دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئاساسەن ۋاپات بولغۇچى ھايات ۋاقتىدا قازا قىلغان ناماز ۋە روزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى تۆلەش ئۇسۇلى مۇنداق: ۋاپات بولغۇچى ئايال بولسا، ئۇنىڭ يېشىدىن توققۇز ياش، ئەر بولسا، ئۇنىڭ يېشىدىن 12 ياش ئۆسمۈرلۈك يېشى چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىغا قاراپ، يىلىغا بىر يۈەن ياكى ئىككى يۈەندىن ھېسابلاپ نامازغا كەلگەن جامائەتكە شۇ يەردىلا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قالغان ئەر كىشىلەرگە سەرەڭگە، قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىلىدۇ، ئاياللارغا يىپ ـ يىڭنە، چاچ يىلمى، قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىلىدۇ، بۇ چاشكا دەپ ئاتىلىدۇ، ئىسقات تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىپ تارقىلىپ كېتىدۇ، دەپنە ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىدار ئائىلىدە ئۈچ كۈنگىچە موردىن تۈتۈن چىقىرىلمايدۇ. ھازىدار ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئاش ـ تامىقىنى قوشنا ـ قولۇملىرى ئەكىرىپ بېرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە باشقىلار ھازىدار ئائىلىگە بېرىپ غىزالانسا ياكى ئۇسسۇزلۇق ئىچسە ھارام ھېسابلىنىدۇ.

7) مېيىت ئۇزىتىش قائىدە ـ يوسۇنى

مېيىت تاۋۇتقا سېلىنغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇستىگە قارا يوپۇق يېپىلاتتى، ھازىر تولىراقى يۇڭ يوپۇق ياكى يىپەك يېپى-

لىدىغان بولدى. ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا تاۋۇتنىڭ ئالدى تەرد-
پىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە سەللە - تەلپەك كىيگۈزۈپ قويۇلى-
دۇ، ئەگەر ئايال بولسا، ئايالچە دوپپا كىيگۈزۈپ قويۇلىدۇ.
مېيىت نامىزىدىن كېيىن، سەللە ياكى دوپپا ئىمام ئاخۇنۇمغا
قالىدۇ. تاۋۇتنى تۆت ئەر كۆتۈرۈپ، مەسچىتكە ئېلىپ ماڭىدۇ.
رەسىم - قائىدە بويىچە ئالدى بىلەن مەسچىتتە مېيىت نامىزى
ئوقۇلىدۇ، ئاندىن مېيىت مازارغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە مۇراسى-
مى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مېيىتنى يۆتكەپ ماڭغاندا تەزىيىگە كەلگەن
ئادەمنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى
بولىدۇ، بولۇپمۇ ياشلار تاۋۇتنى تالىشىپ بەس - بەس بىلەن
كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ گۇناھنى يۇيۇپ
پەزىلەتلىك بولۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەن. تاۋۇتنى كۆتۈ-
رۈش قائىدىسى مۇنداق: ئاۋۋال ئالدى تەرەپ ئوڭ مۈرىگە ئېلىنى-
دۇ، ئاندىن كەينى تەرەپمۇ ئوڭ مۈرىگە ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئالدى-
دىكىلەر سول مۈرىسىگە يۆتكەيدۇ، ئارقىدىكىلەرمۇ سول مۈرى-
سىگە يۆتكەيدۇ، ئاندىن ماڭىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلى-
رى قاتارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاۋۇتنىڭ ئالدىدا يىغا - زار
قىلىپ يول باشلايدۇ. جامائەت سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا ئەگىشىپ
ماڭىدۇ.

8) يەرلىكىدە قويۇش قائىدە - يوسۇنى

خوتەندە يەرگە دەپنە قىلىشتەك قاتتىق تۈزۈم يولغا قويۇل-
غان. جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، گۆر
ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئۆڭكۈر شەكىللىك گۆر بو-
لۇپ، شامگۆر دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىلى، ئىچكىرى -
تاشقىرى ئۆي شەكىللىك گۆر بولۇپ، لەھەت دەپ ئاتىلىدۇ.
كېيىنكى خىلى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ۋە تىپىك ھېسابلىنىدۇ.
ئالدىنقىسى تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا قاراپ كولىنىپ، ئۆڭ-
كۈر تېشىلىدۇ، ئاندىن مېيىت ئۆڭكۈر ئىچىگە قويۇلۇپ، ئاغزى

ئېتىلسىلا بولىدۇ، ئايىغى شىمال تەرەپكە، يۈزى قىبلىگە قاراپ قويۇلىدۇ، باشقا مۇرەككەپ تەلەپ قويۇلمايدۇ، كېيىنكىسىدە ئالدى بىلەن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىك تۆت چاسا يەرلىك كولىنىدۇ، ئاندىن يان تەرىپىدىن بىر ئىچ يەرلىك كولىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى چوڭ، ئاغزى كىچىك، تۆت چاسا شەكىلدە بولىدۇ. ئېگىزلىكى بىر ئادەم ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلالىغۇدەك بولىدۇ، چۈنكى لەھەت ئىچىگە لەھەتنىڭ تېگىدىن ئېگىزرەك، جەنۇب - شىمال يۆنىلىشلىك بىر تۈز تەكچە چىقىرىلىدۇ، مېيىت ئەنە شۇ تەكچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلىدۇ، قولى، تىزى ۋە ئېغىزىغا چىگىپ قويۇلغان رەخت پارچىسى يېشىۋېتىلىدۇ ھەم بېشى ئوڭ تەرەپكە، يەنى قىبلە تامدىكى مۇقەددەس جاي — مەككە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەكچىگە بىر قانچە كىچىك ئېرىقچە چىقىرىلىدىكەن، جەسەتنىڭ بەدىنىدىن چىققان سۇلار ئاشۇ ئېرىقچىلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ كېتىپ، مېيىتنىڭ ئاستى قۇرۇق تۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مېيىت چىرىپ كەتمەيدىكەن. گۆر كولىغۇچى ۋە مېيىتنى قويغۇچىلار ئومۇمەن تەجرىبىلىك كىشىلەر بولۇپ، ئادەتتە تۆت كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ھەر بىر مەھەللىدە جامائەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر قانچە گۆركار بولۇپ، كىمنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلىپ، ۋاپات بولغۇچىغا گۆر كولاپ بېرىدۇ. بىرلىكتە گۆر كولايدىغان تۆتتۆيلەن كۆپىنچە مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش ئىشلىرىنىمۇ قىلىدۇ، ئۇنى يەرلىكىدە قويۇشمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

**9) ۋاپات بولغۇچىغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغ**

ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدىغان قائىدە - يوسۇن ئەل ئىچىدە بىردەك نەزىر - چىراغ دەپ ئاتىلىدۇ. نەزىر چىراغ ئۆلۈم - يېتىم قائىدە - يوسۇنى ئىچىدە ۋاپات بولغۇچىغا

تەزىيە بىلدۈرۈلىدىغان ئاساسلىق پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى جامائەتنى ئىززاغا داخىل بولۇپ، دۇئا قىلىشقا، ئىمام ئاخۇنۇمنى قىرائەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىززاغا چىللىنىدىغانلارنىڭ دائىرىسى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بايلار نەزىر - چىراغ قىلغاندا، قوي - كالا سويۇپ، پولۇ ئېتىدۇ، چىللىنىدىغان جامائەتمۇ كۆپ بولىدۇ، نامرات ئائىلىلەر ئۆيىدە نېمە بولسا شۇنى ئېتىدۇ، چىللىنىدىغان جامائەتمۇ ئاز بولىدۇ.

جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغلارنىڭ قېتىم سانىمۇ دېگەندەك ئوخشاش بولمايدۇ. نەزىر - چىراغ كۆپ بولىدىغان جايلاردا شۇ كۈنكى نەزىر، ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، يىگىرمە نەزىر، قىرىق نەزىر ۋە يىل نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ كۈنكى نەزىردە ئېتىلىدىغان قائىدە - يوسۇن تامىقى ئادەتتە ئاقئاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما، تارتىلىدىغان غىزا ئۇنچە ئالاھىدە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئاساسەن يىراقتىن تەزىيىگە كەلگەنلەرگە تارتىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى «پارە» كۈنى، يەنى قۇرئان تىلاۋەت كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ، ئىمكانقەدەر پولۇ ئېتىلىپ، ئاساسەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ئاخۇنۇم، دەپنە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە قوشنا - قولۇملارغا داستىخان سېلىنىدۇ. بۇلار كىچىك نەزىر - چىراغلارغا كىرىدۇ. يەتتە نەزىرنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا، رەسمىي نەزىر - چىراغ ھېسابلىنىدۇ، بۇ نەزىرگە شۇ مەھەللىدىكى مەسچىتنىڭ جامائىتى ۋە يۇرتداشلار قاتنىشىدۇ. يىگىرمە نەزىرنىڭ كۆلىمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. قىرىق نەزىر ۋە يىل نەزىر بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، شەھەر - بازارلاردا رەسمىي باغاق تارقىتىلىدۇ. يېزىلاردا نەزىر قىلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن جۈمە نامىزىدا ئىمام ئاخۇنۇمغا دەپ قويۇلىدۇ. ناماز ئاخىرلاشقاندا ئىمام ئاخۇنۇم كۆپچىلىككە: «××× كۈنى ××× » نىڭ ئۆيىدە قىرىق نەزىر ياكى يىل نەزىر بولىدۇ،

جامائەت نەزىرگە داخىل بولغاي» دەپ خەۋەرلەندۈرىدۇ. جايلار-
دا، قىرىق نەزىر ئادەتتە مۇددەتتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن،
مەسىلەن، 36 ـ ياكى 37 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بارلىق
نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرى ئىچىدە يىل نەزىر ئەڭ چوڭ
بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ نەزىرى ياشلارنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ.
غىزانىڭ ئالدىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ، غىزادىن كېيىن دۇئا
قىلىنىدۇ ھەم ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال
سورىلىدۇ. شەھەرلەردە داستىخان ياكى ئۈستەللەرگە پولۇ-
دىن باشقا يەنە قەنت ـ ناۋات، قۇرۇق يەل ـ يېمىش،
پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق نازۇ نېمەتلەر قويۇلىدۇ، نەزىردە
ھاراق ئىچىشكە، ئۈنلۈك پاراڭ سېلىشقا، كۈلۈشكە، مۇزىكا
قويۇشقا بولمايدۇ، پۈتكۈل سورۇن جىمجىت ۋە سۈرلۈك
بولىدۇ.

قىرىق نەزىر ۋە يىل نەزىردە مېھمانلار قائىدە ـ يوسۇن
بويىچە سوۋغات ئەكىلىدۇ، ئادەتتە بىر داستىخانغا نان يۆگەپ
كېلىدۇ، بۇ ئەل ئىچىدە بىرخون نان دەپ ئاتىلىدۇ، داستىخانغا
ئادەتتە ئۈچتىن ئارتۇق كاكچا، كېسەك چاي، چاقماق قەنت، ئاق
رەخت قاتارلىقلار يۆگىلىدۇ. سوۋغاتنى ئاياللار تەييارلايدۇ، ئە-
كېلىدۇ ۋە ئۆي ئىگىسىگە بېرىدۇ، سوۋغاتنى ئۆي ئىگىسى ئايال
قوبۇل قىلىدۇ. باغاق تارقاتقاندا ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى
چاقىرىلىدۇ، ئەمما ۋاقىت جەھەتتە ئەرلەر بالدۇر، ئاياللار
1 ـــ 2 سائەت كېيىنكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان
ئايال شۇ كۈنى ئاغرىپ قېلىپ ياكى باشقا جىددىي ئىش بىلەن
بارالماي قالسا، نەزىردىن كېيىن داستىخان تەييارلاپ ئالايتەن
بېرىپ كېلىدۇ. يىل نەزىردىن كېيىن ئادەتتە نەزىر
ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

**10) ماتەم كىيىمى كىيىش، ماتەم بەلگىسى باغلاش ئادىتى**

مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراشقا تەييارلانغاندا، ھازىدار ئائىلىدىكى
ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇنداق ماتەم بەلگىسى

باغلايدۇ ياكى ئارتىدۇ: ئەرلەر بىلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار ئاق لىچەك ئارتىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە، مۇسىبەتكە كەلگەن ئاممىغا ئاق بەلۋاغ ۋە ئاق لىچەكنى هازىدار ئائىلە تەييارلايدىغان بولدى. ماتەم كىيىمى كىيىش ۋە ماتەم بەلگىسى باغلاش جايلار ئارىسىدا ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ، بۇ ۋاپات بولغۇچىنىڭ بوغۇن پەرقى ۋە قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولىدۇ. ئادەتتە يەتتە نەزىر كۈنى بىر ئەر مويسىپىت ۋە بىر ئايال مويسىپىت هازىدار ئائىلىدىكى ئەر - ئايالغا سەۋر قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، هازىدار ئەرنىڭ بېلىدىكى ئاق بەلۋاغ ۋە هازىدار ئايالنىڭ بېشىدىكى ئاق لىچەكنى ئېلىۋېتىدۇ. 40 نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ئەرلەر چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرسا، ئاياللار يۇيۇنۇپ - تارانسا بولىدۇ. ئاكا - ئۇكا، هەدە - سىڭىللار بىر - بىرىگە يېڭى كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت تەقدىم قىلىدۇ، بۇ ئادەتتە قارىسىنى ئۇشتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى زۇرۇر دەپ قارىسا ئۆزلىرى قارىسىنى ئۇشتۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ. قارىسىنى ئۇشتۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئەرلەرنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇشى، ئاياللارنىڭ يۇيۇنۇپ - تارىنىشى، پەرداز قىلىشى پەرهىز قىلىنغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ هەر قانداق شەكىلدىكى تەبرىكلەش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىمۇ پەرهىز قىلىنىدۇ. توي - تۆكۈنلەرنىڭ ۋاقتىمۇ كېچىكتۈرۈلىدۇ. هازىدار ئائىلىدىكىلەر شۇنداق قىلىپلا قالماي هازىدار ئائىلىگە بولغان هۆرمەت ۋە هېسداشلىق يۈزىسىدىن، قوشنا - قولۇملىرى ۋە شۇ مەهەللىدىكىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر پەۋقۇلئاددە سەۋەبتىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، توي ئىگىسى هازىدار ئائىلىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇ ئائىلىدىكىلەر چۈشىنىش هاسىل قىلغان ۋە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزسە بولىدۇ. بەزى جايلاردا، بەزى ئائىلىلەردە ۋاپات بولغۇچى دادىسى ياكى

ئانىسى بولۇپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر بولسا، قارىسىنى ئۈشتۈش مۇراسىمى يىل نەزىرىسىدىن كېيىن ئاندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**11) قەبرە بېشىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە قەبرە يوقلاش ئۆرپ - ئادىتى**

ئادەتتە، ۋاپات بولغۇچى دەپنە قىلىنغان كۈندىن تارتىپ، ئۈچ كۈنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدۇ، بۇ قۇرئاننى باشتىن - ئاخىرغىچە قىرائەت قىلىپ ئوقۇپ بولۇشقا كېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلار قۇرئاننىڭ ھەر بىر پارىسىنى قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم ئۈنلۈك توۋلايدۇ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىنى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماسلىق ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ مۇنكىر - نەكىرنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا قورقماي جاۋاب بېرىشىگە ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇ ئۈچ كۈن ۋاپات بولغۇچى سوئال - سوراق قىلىنىدىغان كۈن، ھەر قېتىم ئۈنلۈك توۋلىغاندا مۇنكىر - نەكىرنىڭ سوئال - سورىقى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سورالغان سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن - بېرىلمىگەنلىكى سۈرۈشتە قىلىنمايلا، يېڭى بىر ۋاراق ئۆرۈلۈپ، سوراپ بولغان سوئاللار قايتا سورالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋاپات بولغۇچى ئۆتكەلدىن ئوڭاي ئۆتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

روزى ھېيتتا ھەممە ئائىلىلەر قۇيماق سالىدۇ، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنىدىغان نەزىر - چىراغلاردا دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل رەسمىي قائىدە تامىقى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر بۇنى ياغ پۇرىتىش دەپ ئاتايدۇ. يېزا - قىشلاقلاردا ھەر قانچە نامرات ئائىلىدىكىلەرمۇ شۇ كۈنى ئازراق ياغنىڭ ئامالىنى قىلىپ ياغ پۇرىتىدۇ. قۇيماق سالغانلىقى كىشىلەر شۇ كۈنى سەھەردە ئائىلە بويىچە قەبرىستانلىققا بېرىپ، قۇيماقنى سەدىقە قىلىپ باشقىلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ، ئۆزلىرىمۇ دۇئا قىلىدۇ،

ئەلۋەتتە.

### 12) تۇپراق بېشىغا دەرەخ سېلىش ئادىتى

ئۆلۈم ـ يېتىم دەپنە ئادىتىدە يەنە قەبرە بېشىغا بىلەكتەك
چوڭلۇقتىكى تېرەك سالىدىغان بىر ئادەت بار. قۇربى يەتكەنلەر
چارۋا ماللارنىڭ دەرەخنى غاجىلىۋېتىشى ۋە قەبرىگە دەسسىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، سالاسۇن ئورنىتىدۇ، يەنە ھەر كۈنى ياكى
ھەپتىدە بىر نەچچە قېتىم تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغۇچى-
نىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، چۆگۈن ياكى قاپاقتا
سۇ ئالغاچ كېلىپ، دەرەخنى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر دە-
رەخنىڭ تۇتۇپ يىلتىزلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن
تۇتىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كې-
رەك، كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى دەرەخ سېلىش دېمەي، خادا تى-
كىش دەپ ئاتىشىدۇ. كېيىن يەنە ھەر يىلى دەرەخ سېلىنىپ
تۇرىدۇ، ئۇ خادا ئىـالماشتـۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئـەنئەنىۋى
ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ئەتىگەندە، كىشىلەر ھېيت نامىزىنى
ئۆتەپ بولۇپ، مەسچىتتىن ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بارىدىغان ۋا-
قىت خادا تىكلەشنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ھەر
بىر قەبرە ئۈستىدىكى خادىلارنىڭ ئۇچىغا ئېسىلغان تۇغ ـ ئەلەم،
لاتا پارچىلىرى بوران، ھۆل ـ يېغىن ۋە ئاپتاپنىڭ تەسىرىدە
ئۆڭۈپ، يىرتىلىپ شامالدا لەپىلدەپ تۇرىدۇ، بەزى خادىلارغا يەنە
ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ياكى رەخت پارچىلىرىدىن تىكىلگەن
ئۈچ بۇرجەك تۇمارلار ۋە قوتاز قۇيرۇقى، سامان تولدۇرۇلغان
تۇلۇم قاتارلىقلار ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ شامالدا تەۋ-
رەپ مازارنى سۈرلۈك ۋە سىرلىق تۇسكە كىرگۈزىدۇ.

**ئاپتورى: يۈەن جىگۇاڭ، يۈەن نايۇ**

# قوشۇمچە

## 1. خوتەندە ئۆتكەن شەخسلەر

### 1. قەلبى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە باغلانغان پادىشاھ گۇاڭدى

ئۇدۇندا تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردە بەگلىك قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋايجىراخانلىقى ئىزچىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى. ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان پەيتتە، يەكەن خانلىقى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى بىرلىشىپ، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى ھەمدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىكى ئىچكىرىگە چېكىنىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن 1000 نەپەردىن ئارتۇق ئائىلە تاۋابىئاتلارنى قوغداپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق قالايمىقانلىقتىن كېيىن، ئۇدۇن خان جەمەتىدىن ھۇمبا خەنزۇلۇڭ دېگەن خەنزۇنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھومبا ئوقيا تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپ، جىيەنى گۇاڭدې خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. گۇاڭدې ھوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇدۇننىڭ كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ، جەنۇبىي يولدا قەد كۆتۈردى. «كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغ-

دا نىيە تەۋەسىدىن تارتىپ غەربىي شىمالدا سۇلى (بۇگۇنكى
قەشقەر) غىچە بولغان 13 بەگلىك ئۇنىڭغا بويسۇنغان. غەربىي
يۇرت خەلقىنىڭ شىللىسىگە مىنىپ ئادەتلىنىپ قالغان ھۇن قۇل-
دار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇدۇننىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ،
مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي مىلادىيە 60 - يىلى بەش نەپەر سانغۇن-
نى تەيىنلەپ، 30 مىڭ لەشكەر بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇدۇننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. گۇاڭدې خانغا ئوغلىنى
گۆرۈگە بېرىشنى بۇيرۇدى ھەمدە ھەر يىلى باج - سېلىق ئورنىدا
نۇرغۇن ماددىي بۇيۇم تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى ۋە نازارەتچى بەگ
ئەۋەتىپ ئۇدۇننى كونترول قىلدى. يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى
(مىلادىيە 73 - يىلى) بەن چاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ
تەيىنلىشى بىلەن، غەربىي يولدىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر بىلەن
ئالاقە ئورنىتىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن كەلدى. بەن چاۋ
ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەندە، خەن سۇلالىسى ئوردىسى بەك يىراقتا،
بىزگە ياردەم بېرەلىشى قىيىن دەپ ئەنسىرىگەن گۇاڭدې خان
بەن چاۋغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، «مەقسەتلىك ئۆزىنى
قاچۇردى»، شۇ چاغلاردا ئۇدۇنلۇقلار باخشىغا ئىشىنەتتى. ھۇن-
لارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن باخشىلار جىن قوغلاش باھانىسى
بىلەن گۇاڭدې خاننى بەن چاۋ مىنىپ كەلگەن شامال ئاياغ، قارا
تۇمشۇق ئاتنى ئېلىپ كېلىپ نەزىر - چىراغ قىلىشقا مەج-
بۇرلىدى. بەن چاۋ بۇنىڭدىكى سۇيىقەستنى بىلىپ يەتكەندىن
كېيىن، ئاتنى باخشىلار ئۆزى ئېلىپ كەتسۇن دەپ تۇرۇۋېلىپ،
كەسكىن ئىش كۆرۈپ باخشىلارنى قەتل قىلدى. گۇاڭدې خانمۇ
قەيسەرلىك بىلەن ھۇنلارنىڭ نازارەتچى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ،
خەن سۇلالىسىگە بويسۇنۇپ ھۇنلارغا زەربە بېرىش ئىرادىسىنى
ئىپادىلىدى، بەن چاۋ بىلەن بىرلىشىپ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ئاتلاندى.

مىلادىيە 96 - يىلى، خەن مىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن،

ئوردىدا زىددىيەت ئېغىرلاشتى. خەن جاڭدى چېگرا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مادارىمىز يەتمەيدۇ دەپ قاراپ، بەن چاۋ قاتارلىق-لارنى لوياڭغا قايتىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردى. بەن چاۋ قاتارلىقلار سۇلىدىن يولغا چىقىپ ئۇدۇنغا كەلگەندە، شۇ جايدىكى خان، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئاۋام بەن چاۋنىڭ ئىچكىرىگە قايتى-شىغا قوشۇلمىدى. گۇاڭدې خان باشچىلىقىدىكى كىشىلەر «بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋېلىپ، ماڭغىلى قويمى-دى»، بەن چاۋ گۇاڭدې خان ۋە كەڭ ئاۋامنىڭ بىردەك تەلەپ قىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتتا داۋاملىق تۇرۇپ قېلىش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، خەن جاڭدىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇدۇن، پىشامشان قاتارلىق جايلاردىكى خان، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە پۇقرانىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بىرلىككە كېلىش پايدىلىق ۋەزى-يىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، غەربىي يۇرتتىكى كەڭ زاتلار-نىڭ «خەن سۇلالىسىنى ھىمات تۇتۇش تەڭرىنى ھىمات تۇتقان بىلەن باراۋەر» دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. جاڭدى جاڭ-خېنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 87 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسى بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا داۋاملىق قېلىشىغا قوشۇل-دى. شۇ گەن، لى يىلارنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ بەن چاۋغا ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە بەن چاۋنى باش لەشكەر باشلىقلى-قىغا تەيىنلىدى. لى يى ئەسلىدە خان ئوردىسىدىكى پاسىبان قوشۇنىنىڭ سەردارى بولۇپ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن-دى، ئۇنىڭ چېگرا رايونىدىكى جاپا، خېيىمخەتەرگە ھەرگىز رازىلىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇنغا كەلگەن ۋاقتى دەل ھۇنلار-نىڭ كۇسەننى كۈشكۈرتۈپ سۇلىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان مەزگىلى بولغاچقا، قورقۇپ كېتىپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قايتىپ كېتىش كويىدا بولدى. ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە خانغا «غەربىي يۇرتنى ھۇجۇم بىلەن ئالغىلى بولمايدىكەن» دەپ دوكلات قىلدى. ئۆزى-

ننىڭ پەسكەش مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن، بەن چاۋغا غەربىي
يۇرتتا «ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى» دەپ تۆھمەت چاپلى-
دى. لى يىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. بەن چاۋ
ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، شەخسىي ئاداۋەت بىلەن ھېسابلى-
شىپ ئولتۇرماي، لى يىنىڭ ئۇيسۇنلۇق خاس مۇلازىملىرىنى
ئېلىپ لوياڭغا قايتىشىغا يول قويدى. شۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ تەسىر
كۈچى جەنۇبىي يولدىن پەيدىنپەي قوغلاپ چىقىرىلىۋاتقان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنىلا تەسىرى بار ئىدى. بەزى شەھەر
بەگلىكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى كىمگە بويسۇنۇشنى بىلەلمەي
ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. يىراقنى كۆرەر ئۇدۇن خانى گۇاڭدې-
نىڭ بايرىقى روشەن بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمىدى. ئۇ بىرلىككە
كەلتۈرۈش تەقەززاسى بىلەن كەڭ ئاۋامنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا،
بەن چاۋ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ھۇنلارغا ۋە باشقا توپىلاڭچى-
لارغا قارشى كۆرەش داۋامىدا ئۇدۇن بوستانلىقىنىڭ بارلىق ئادەم
كۈچى، ماددىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ كۆرەشكە ئاتلىنىپ،
ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشىنى غەلىبىلىك تاما-
لاپ، ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

**ئاپتورى: يىن خۇڭمېي**

## 2 . مەشھۇر رەسسام ۋايجىرا ۋىچىر

ۋايجىرا ۋىچىر — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر
رەسسام. ئۇ ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن) خان جەمەتىدە دۇنياغا
كەلگەن. بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتىسى ۋايجىرا ۋازىكىنادىن
رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن. جىنگۇەن يىللىرى ئۇنىڭ كۆركەم،
رەڭدار رەسىملىرى ئوردىدا ماختاشقا ئېرىشكەن. چاڭئەن (بۈ-
گۈنكى شىئەن شەھىرى) گە بېرىپ، ئوردا ياساۋۇلى بولغان،
ئۇنىڭغا ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەمەل - نەسەب بېرىلگەن. قېنىق،

سىزىش بىلەن رەسىملەرنى قاپارتما رەڭلەردىكى ھەر خىل تۇتۇق رەسىم ئۇنىڭ يارىتقان. ئۇسلۇب ئۆزگىچە تۆزلەڭلىكتە ئوتتۇرا بۇت، قىلىنغان. ئاساس دىنى بۇددا ژانىرلىرىدا سىزىش سىد- قاناتلارنى ئۇچار گىياھ، - گۈل ئادەم، شاياتۇن، - جىن توپلىمى» رەسىملەر «شۇەنخې ئىدى. ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ زىش قا- مەنزىرىلىرى» ساڭرام «بۇددا بۇتلىرى» «مايترى ئۇنىڭ غا رەسىملەر- يۆگەم كىرگۈزۈلگەن. رەسىمى پارچە سەككىز تارلىق بار رەسىملىرى تام بۇتخانىلاردا مەشھۇر چاڭئەندىكى باشقا، دىن «ساۋاب ئالدىدىكى مۇنارى بۇتخانا ئېنسى مەسىلەن، ئىدى. مىس- كۆزلەردىكى ۋە «قول ۋېنشۇ»، «چيەنبىن تاپقۇچىلار»، مەنشۇتاڭ، بۇتخانىسىدىكى گۇاڭجەي ھەمدە قاتارلىقلار كىنىلىك» سېھ- بويسۇندۇرۇش، شاياتۇنلارنى - جىن بۇتلىرى، پوشيەنتاڭ سىز- ۋۇچىر ۋايجرا رەسىملەرنى دېگەن تۇبۇتلەر راھىبلار، رىگەر رەسىملە- ئىپىل ئۇسلۇبىدىكى يۇرت غەربىي ئۇنىڭ غان. ئالدىدا خەلقلىرى تۆزلەڭلىك ئوتتۇرا ئارقىدىن - ئارقا رى سۇلالىسى تاڭ قازانغان. شۆھرەت ئاستانىدە بولۇپ، نامايان بېغىشلىغان. شەرەپ - شان ساھەسىگە رەسساملىق دەۋرىدىكى غەربىي قاتارلىقلار ۋېي ۋاڭ داۋزى، ۋۇ رەسساملاردىن داڭلىق قازان- شەرەپ ئېلىپ ئوزۇق رەسىملەردىن ئۇسلۇبىدىكى يۇرت ئېلىپ پائالىيەت چاڭئەندە مۇددەت ئۇزۇن ۋۇچىر ۋايجرا غان. بىرگە بىلەن قاتارلىقلار لىبىن يەن داۋزى، ۋۇ بولۇپ، بارغان ئارتۇقچىلى- رەسساملىرىنىڭ تۆزلەڭلىك ئوتتۇرا سىزىپ، رەسىم يەت- كامالەتكە ماھارىتىنى سىزىش رەسىم قىلىپ، قوبۇل قىنى كىشى- يۇرت غەربىي ۋە رەسىملىرى ئەنبىيالىرى بۇددا كۆزگەن. چاغلار- ئەينى بولغان كۆپ ناھايىتى رەسساملار رەسىملىرى لىرى رەسىملە- يەڭگىل، قەلىمى ئۇنىڭ ئېرىشكەن. باھاغا يۇقىرى دا سىزغان تامغا بولۇپ، ئوچۇق رەڭگى ئېنىق، سىزىقلىرى رىنىڭ قويغان- تۇرغۇزۇپ تامدا ئادەمنى تىرىك خۇددى رەسىملىرى ئادەم

دەك بولۇپ، كىشىلەرگە ستېرېئولۇق تۈيغۇ ۋە چىنلىق تۇيغۇسى
ئاتا قىلالىتتى. ئۇنىڭ رەسىملىرى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە
ئەتىۋارلىق بۇيۇم دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەم-
لىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقالغان «تەڭرىخان رەسىملىرى»،
«ئوغۇز رەسىملىرى»، «كۇسەن رەققاسلىرى رەسىمى» نىڭ باھا-
سى ناھايىتى يۇقىرى، ئەمما بەزىلەر بۇلارنىڭ ئەسلىي نۇسخا
ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانماقتا.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## 3. توپىلاڭنى تىنچىتىش سەردارى ۋايجىرا سامپاۋا

ۋايجىرا سامپاۋا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدىكى ئۇ-
دۇن خانى بولۇپ، ئۇدۇن خانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. بالىلىق
مەزگىلىدە چاڭئەنگە كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلغان. شۇەنزۇڭ-
نىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئوردا كېنىزەكلىرىنى ئۇنىڭغا خو-
تۇنلۇققا بەرگەن ھەمدە ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى،
كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلىگەن.
ئۇدۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنشى ھىراۋۇلى گاۋ شيەن-
جىگە ياردەملىشىپ پۇشان بازىرى (بۇگۈنكى چەرچەن) ئەتراپىدا
تۇبۇتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە قارشى تۇرغان. بۇ جەرياندا كۆر-
سەتكەن تۆھپىسىگە ئاساسەن كېڭەشبېگى، ھودەيچىبەگ ۋەزىپى-
سى ئىنئام قىلىنغان، كېيىن كېڭەش ھودەيچىبېگى قىلىپ ئۆز-
گەرتىلگەن. بۇ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە باراۋەر ئىدى. تيەنباۋنىڭ
14 - يىلى (مىلادىيە 755 - يىلى) ئۆڭلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى
يۈز بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ۋايجىرا سامپا-
ۋا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جىدېنىڭ 1 -
يىلى (مىلادىيە 756 - يىلى) ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن
قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بەگلىك ئىشلىرىنى ئىنىسى ۋايجىرا

بوخان ئىنچۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 5000 لەشكەرنى باشلاپ،
ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەملىشىدۇ. ئۇنىڭ ئا-
رىلىقنى يىراق كۆرمەي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياردەمگە كەلگەنلى-
كىدىن ئىبارەت ساداقەتمەنلىكىگە سۇ زۇڭدى خان چەكسىز ئاپى-
رىن ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭغا ئوردا ئىشلىرى نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى
بېرىدۇ. ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت
پىدائىيلىرى چاڭئەن ئەتراپىدا ئاسىيلارنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتى-
دۇ. ئاندىن كېيىن تۇشمۇتۇشتىن ئۇرۇش قىلىپ ئاجايىپ تۆھ-
پىلەرنى يارىتىدۇ. ئۆڭلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن
كېيىن، ئۇ ئاستانىدە تۇرۇپ قالىدۇ. ئوردا نازارەتچىلىكىگە
تەكلىپ قىلىنىدۇ. دىۋاندىكى ئۈچ ۋەزىر قاتارىدىن ئورۇن ئالى-
دۇ، ھەربىي سەردار دېگەن ئوتۇغات بېرىلىدۇ. ۋايجىرا سامپاۋا
يەنىلا ئاستانىدىكى تىلاۋەتخانىدا تۇرۇپ، مېھمانلارنى قوبۇل قى-
لىپ، ئوردا سىرتىدىكى زاتلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ. جيەنجۇڭ-
نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پەنجېن بازىرى بۆلۈنمە ھالەتتە بولۇپ،
پات - پات توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ
تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۇ
دېزۇڭ خانغا ئەگىشىپ فېڭتيەن (بۇگۇنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ
چيەنشيەن ناھىيىسى) گە بىللە بېرىپ، ئۆز ساداقىتىدىن تەۋرەن-
مەيدۇ. مەنسىپى ئولۇغ قانات مۇھاپىزەتچىلەر چولۇڭ سانغۇنلۇقىغا
كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە خان ياردەمچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئىنىسى بوخان ئىنچۇ تۆت
شەھەرنىڭ ياردەمچى ھىراۋۇلى بولۇپ، ئۇدۇننىڭ بەگلىك ئىش-
لىرىنى باشقۇرىدۇ. جېنيۈەننىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 785 -
يىلى) بوخان ئىنچۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ۋايجىرا سامپاۋانىڭ ئوغلى
ۋايجىراقىرتىنى بەگلىك يوسۇنى بويىچە پادىشاھلىق تەختىگە ۋا-
رىسلىق قىلدۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ. ۋايجىرا سامپاۋا

بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. ئۇ، بۇ خان ئىنچۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن-
دىن بۇيان، بەگلىك ئىشلىرىنى جايىدا بىر ياقلىق قىلدى، ئاۋام
ئۇنىڭدىن رازى، قىرتىنى ئالساق، ئۇ ئاستانىدە تۇغۇلغان، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆزۈن تۇردى. يۇرتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلى-
رىدىن بىخەۋەر، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باب كەلمەيدۇ، دۆلەت
ھوقۇقى ئىنىمنىڭ قولىدا بولسا ئاۋام بۇنى قوللايدۇ، دەيدۇ.
ۋايجرا سامپاۋا 64 يېشىدا چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. جېنيۈەن-
نىڭ 10 - يىلى (مىلادىيە 794 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا
لياڭجۇ ۋالىيسى دېگەن ئوتۇغاتنى بېرىدۇ. ئوغلى قىرتى ئاتىسى-
نىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، لۇڭجۇنىڭ ئايماق بېگى
بولىدۇ.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## 4. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخان

مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۆتلۈك - سۆيگىن تۇپىلىڭى
تىنچىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بوش قالىدۇ، تارىم ئويى-
مانلىقىدىكى ھەرقايسى شەھەر بەگلىكلىرى ئارقا - ئارقىدىن
تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-
قى يىللىرىدا بەش دەۋر مىللىتارىستلىرىنىڭ جېدىلى ئاياغلاشمى-
غاچقا، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار بىلەن ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئەسلىگە كەلمەيدۇ. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىن بۇيان ئىچكىرىدىكى مەركىزىي ئوردا بىلەن ئۇدا يېقىن
مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئۇدۇن بەگلىكىدە خەنزۇچە ئىسمى
لى شېڭتيەن ئىسىملىك بىر مەشھۇر خان ئۆتكەنىدى. ئۇ ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، قەلبى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئىنتىلەتتى. بۇنداق بۆلۈنمە ھالەتكە قاراپ
ئۇنىڭ قەلبى تولىمۇ ئازابلىنىدۇ. كېيىنكى جىن سۇلالىسى

تيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 938 ـ يىلى) ئۇ قىزىل تۇز، ئالتۇن، قوتاز قۇيرۇقى، ئاق قاشتېشى، ئاق شايى، نۇشۇدۇر، سۇمۇرغ پېيى، قاشتېشى قاپچۇقى قاتارلىق ئولپان بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ، مۇپەتتىش خەلپەتبېگى ماجىرۇڭنى ئەلچىلىككە ئەۋە-تىدۇ. ئەلچىلەر نۇرغۇن مۇشكۇللەرگە قارىماي، ئۇزۇن مۇساپە-نى بېسىپ كەيفېڭ شەھىرىگە بېرىپ، كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئۆزلىرىنىڭ بىرلىككە تەشنا ئىكەنلىكىنى ۋە مەركەز-نىڭ ھىماتىدا بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئوردىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقە باغلاشقا كەلگەن ئۇدۇن ئەلچىلىرىنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋالىدۇ. ماجىرۇڭغا دىۋان باسقاق سانغۇنى، تۇنجىبەگ دەپ ئۇنۋان بېرىدۇ ۋە مائاش تەمىناتى ئۈچۈن 2000 تۇتۇننى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ. يار-دەمچى ئەلچى جاڭزەيتۇڭغا «ياردەمچى ياساۋۇل، نازارەتچىبەگ» دەپ ئۇنۋان بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرگە بارغان ھەمراھى ۋۇ شۇنگۈيغا «ياردەمچى كەنجىباسقاق» دەپ ئۇنۋان بېرىدۇ ھەمدە دەرھال ئوردا كاسىپلىرى ئەمەلدارى جاڭ كۇاڭيې، گاۋ جۇخۇي قاتارلىق ئەلچىلەرنى ئۇدۇنغا ئەۋەتىپ، «غەربىي چېگرانى تىز-گىنلەپ ۋەتەننى نەزەردە تۇتقان» ۋىسارا تەڭرىخانغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى خانى دەپ نام بېرىدۇ.

ۋىسارا تەڭرىخانىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋايجرا سامخا (Vasa samhva) بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئۇدۇندا ھاكى-مىيەت يۈرگۈزگەن ۋايجرا خان جەمەتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى-دىكى مەشھۇر پادىشاھى ئىدى. ئۇ «بىز تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە، تاڭ ئوردىسىدىكى ئىشلارنى ئۆرنەك قىلىمىز» دەپ ئۆزىگە لى دېگەن فامىلىنى قوللانغان.

ۋىسارا تەڭرىخان كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى چيەنخۇانىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 912 ـ يىلى) تەختكە ئولتۇرغان. يىلنامى-سىنى تۇڭچىڭ دەپ بېكىتكەن. كېيىن تيەنشىڭ، تيەنشۇغا ئۆز-

گەرتكەن. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش داۋا-
مىدا «يۇرتنى ئادىل سورىغانلىقى، تۈزۈمى جايىدا بولغانلىقى»
ئۈچۈن ئۇدۇن بەگلىكى گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان.
ھۆكۈمەت تەدبىرلىرى، ئەمەلدارلار تۈزۈمى جەھەتتە تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغان. تەۋەسىدە «10 ئايماق» بولۇپ،
پايتەختى ئەنجۈن (بۈگۈنكى خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) دەپ
ئاتىلاتتى. بۇ دەۋردە ئۇدۇننىڭ ئىگىلىكى گۈللەنگەن. سۇغۇ-
رۇشقا تايىنىدىغان دېھقانچىلىق، قول سانائەت، سودا ئىشلىرى
بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىدى، بولۇپمۇ كانجۇ (بۈگۈنكى كېرىيە
ناھىيىسى بىلەن چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى جايلار) دا
يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن، دۆلەتنىڭ باج
كىرىمى مۇشۇلار ئارقىلىق تولۇقلىناتتى. جەمئىيەت تىنچ، دۆ-
لەت بىر قەدەر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ۋىسارا تەگرىخان ئەنىسىز-
لىك بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بەگلىك ئىچىدە ئەمىنلىك، گۈللى-
نىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان.

خەن، ۋېي سۇلالىلىرىدىن باشلاپ ۋايجىرا خان جەمەتى ئىز-
چىل تۈردە بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. ۋىسارا
تەگرىخانمۇ سادىق بۇددىست ئىدى. ئۇنىڭ چوقۇنۇشى ۋە قوللىشى
ۋەجىدىن، ئۇدۇندا شۇ چاغلاردا بۇددا دىنى تازا گۈللەنگەن،
نەتىجىدە مەزكۇر ئۇدۇن خانىمۇ دۇنخۇاڭدىكى بۇددا تام رەسىملى-
رى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ماقال، رەسىملەر ئۆرنەكلىرى» گە بىۋا-
ستە كىرگۈزۈلگەن. بۇددىزم مۇخلىسلىرى شۇ چاغلاردا ھوقۇقى
چوڭ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەلچىلىككە ئەۋەتىلەتتى. ۋىسارا
تەگرىخاننىڭ مەكتۇپلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، سۇڭ سۇلالىسى
پادىشاھى بىلەن كۆرۈشەلەيتتى ھەمدە بىۋاستە ئوردىنىڭ ئوتۇ-
غات، ئىنئاملىرىغا ئېرىشەتتى. باشقا دىنلارغا قارىتامۇ ۋىسارا
تەگرىخان كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە تۇتقان. شۇڭلاشقا، شۇ دەۋر
تەۋەسىدە مانى دىنى، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان

دىنى، ئاتەش دىنى قاتارلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بەزى مانى دىنى مۇخلىسلىرى شۇ چاغلاردا خان ئوردىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. سۇڭ سۇلالىسى جيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى) 12 - ئايدا ۋىسارا تەڭرىخان ئۆز بەگلىكىدىكى مانى دىنى پىر - ئۇستازلىرىنى سىرلىق لوڭقا، غۇز تاۋىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. مانى دىنى پىر - ئۇستازلىرىنىڭ بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالىشى شۇ جايدىكى ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جىن سۇلالىسى تيەنفۇنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 940 - يىلى) جاڭ كۇاڭيې قاتارلىقلار ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەندە، ۋىسارا تەڭرىخان ئۆز قورۇسىدا «قىزىل تون كىيگەن 50 راھىبنى قاتار قىلىپ تىزىپ قارشى ئالغان». بۇ ئىش گەرچە ئۇنىڭ بۇددىزمغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش يوسۇنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ۋىسارا تەڭرىخان ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئۈزۈلمەي، ھاكىمىيەت ئالمىشىش كۆپ بولدى. شۇڭلاشقا، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا چولى يەتمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇدۇننىڭ تەشەببۇسكار ھالدا ئىچكى جايلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، مەركەزگە بويسۇندىغانلىق ئىرادىسىنى ئىپادىلىشى ھەقىقەتەن ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش. مىلادىيە 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىرلىككە كەلدى. ئۇدۇن يەرلىك ھاكىمىيتى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. سۇڭ سۇلالىسى جيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى) ۋىسارا تەڭرىخان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتىپ، قاشتېشى ئولپان تاپشۇردى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن

ۋەزىرى ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دورغاب بېگى لى چۇڭجۇگە
مەكتۇپ ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.
چيەندېنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 966 - يىلى) ۋىسارا تەڭرىخان-
نىڭ ئوغلى سۇڭ دې (ۋايجرا شورا) مۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
كېلىپ «يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئولپان قىلدى». شۇ چاغدا ئۇ-
دۇن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن باردى - كەلدى مۇناسىۋەت-
نى توختاتماي، قويۇق تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپلا قالماس-
تىن، بەلكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدىكى
بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلى ساۋ جەمەتى بىلەن يېقىن ئۆ-
تۈپ، ئايرىلماس قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقانىدى.
شۇ چاغدا ساۋ يىجىنىنىڭ چوڭ قىزى ئۇيغۇر ئاقساقىلىغا ياتلىق
قىلىنىدى، 2 - قىزى ۋىسارا تەڭرىخانغا خانىشلىققا بېرىلدى.
دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىدا بېشىغا تاج، ئۇستىگە شاھى لىباس
كىيگەن «ئۇلۇغ سۇلالىنىڭ بۈيۈك ئاغىلىق خان پەغپۇرى» ۋىسا-
را تەڭرىخانىنىڭ غايەت زور رەسىمىدىن كېيىن «ئۇلۇغ سۇلالى-
نىڭ بۈيۈك ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خانىغا سادىق مۆتىۋەر
خانىشى ساۋ» نىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇدۇن خان ئوردىسى
شاجۇدىكى ساۋ جەمەتى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنى
ئورنىتىش بىلەن تەڭ، قامجو ئۇيغۇرلىرى بىلەنمۇ دوستانە مۇنا-
سىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ شۇ چاغدىكى غەربىي شىمال
ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى
ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئى-
دى. كېيىن ۋىسارا تەڭرىخانىنىڭ 3 - قىزى ساۋ يىجىنىنىڭ
نەۋرىسى ساۋ يەنلۇغا ياتلىق قىلىنىدى. دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىغا
بۇ «تەڭرى مەلىكىسى» نىڭمۇ رەسىمى سىزىلغان. جاھان بەش
يىل ئەمىن تېپىپ، دۆلەت گۈللەندى. سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى
ئۇنىڭغا لۇڭشى خانىم دەپ ئوتئۇغات بەردى.

ۋىسارا تەڭرىخان سىياسىي جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھا-

كىمىيىتىگە ئاكتىپ يېقىنلاشتى. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن؛ كىيىم - كېچەكى، يېمەك - ئىچمىكى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئوردىلىرىمۇ شەرققە قارىتىپ سېلىنغان، ئىچكىرىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر مەسىلەن، ما جىرۇڭ، لىيۇ زەيچېڭ، ۋاڭ جىفېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشىشىدۇ. بۇ ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن قويۇق بولۇپ كەلگەنلىكىنى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، «ئايۋان ساراي» لاردا ئولتۇراتتى، «ھەسەل، ئېرىق قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىناتتى» . ئۇنىڭ دۇنخۇاڭغا ياتلىق قىلىنغان 3 - قىزى «تەڭرى مەلىكىسى» مۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يوسۇنى بويىچە ئىش قىلاتتى. بۇ ھال شۇ چاغدىكى ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## 5. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان قەھرىمان سۇپۇرگە ئاخۇن

سۇپۇرگە ئاخۇن (1859 — 1924) جۇڭگونىڭ شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرەشى داۋامىدا مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر دېھقان قەھرىمان. ئۇ شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسى توپا كەنتى (توپا ئېرىق كەنتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىر چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسىغا قارايدۇ) دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تاپقىنى ئۆزىگە يېتىدىغان دېھقان بولۇپ، ئۆي - جاي، باغ - ۋارانى، چارۋىلىرى

بار ھاللىق سەۋىيىدىكى تۇرمۇشتا ياشايتتى. ئەنگلىيە، چاررۇ-
سىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى دۆلىتىمىزنىڭ
گۈزەل زېمىنىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، دۆلىتىمىزنى پارچىلاش
قەستىدە بولۇۋاتقان مەزگىللەردە مىللىي غەزەپ - نەپرىتى
چېكىدىگە يەتكەن سۈپۈرگە ئاخۇن 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ
23 - كۈنىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە زىلزىلە پەيدا قىلغان
«چىرا ۋەقەسى» (ئۇيغۇرلار بۇنى ئەنجان پۇقرالىرى ۋەقەسى دەپ
ئاتىغان) گە رەھبەرلىك قىلىپ، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو خەل-
قىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش تارىخىدا شانلىق سەھىپە
قالدۇردى. سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى باتۇرلارچە
كۈرەش قىلغان شانلىق ئىش - ئىزلىرى ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ
ئېغىزىدا زىكرى قىلىنىپ كەلمەكتە.

چاررۇسىيە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنى ئىشغال
قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن،
ھەررەڭ - سەررەڭ كىشىلەرنى شىنجاڭغا كىرگۈزدى، شىنجاڭ-
نى پارچىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللاندى.
1905 - يىلى چاررۇسىيە ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ تەربىيىلىگەن
جاسۇس سېيىت ھاجىنى چىرىگە قايتۇردى. سېيىت ھاجى چىرى-
گە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتراپىغا مۇرىت توپلاپ، شۇ جايدى-
كى جۇڭگو پۇقرالىرىنى رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە قۇتراتتى.
رۇسىيىنىڭ سودا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان «سودا بېلىتى» سې-
تىشنى رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇ-
ھىم ۋاستىسى قىلدى ۋە ئاردىن پايدا ئالدى. 1907 -
يىلى سېيىت ھاجى چىرا كەنتىدە ئاشكارا ھالدا رۇسىيە مۇھا-
جىرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇپ، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ ئى-
شىنى يۈرگۈزۈپ، يەرلىكنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ،
جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى.

سېيىت ھاجىنىڭ قاتمۇقات جىنايەتلىرى سۈپۈرگە ئاخۇن

باشچىلىقىدىكى كەلىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغىدى. سۈپۈرگە ئاخۇن سىيىت ھاجىنىڭ پۇل بىلەن سېتىۋېلىشىنى قاتتىق سۆكۈپ، رۇسىيە پۇقراسى بولۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا ئىناۋىتى ئۆسۈپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈچ پەيدىنپەي شەكىللەندى. بۇنىڭ غوللۇق ئەزالىرى، سېرىق چوڭكۆل كەنتىدىن زۇمرەت ئاخۇن، كاڭكال كەنتىدىن قۇربان ھاجى، ئىساق ئاقۋاش، ئېرەك ئېرىق كەنتىدىن مامۇت ئاخۇن، مەتسەيدى ئاخۇن، ماخمال كەنتىدىن مۇھەممەت دوغبەگ، رۇستەم باي، تۆۋەن توغراق كەنتىدىن مەتشېرىپ ئاخۇن، بۆكەن كەنتىدىن توختى بەگ، چىگىلىك كەنتىدىن ياقۇپ ھاجى ھەمدە كۆكمەت كەنت بازىرىدىن تۇرسۇن مۇھەممەت، كېرەم ئاخۇن قاتارلىق 17 كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. سۈپۈرگە ئاخۇن يۇقىرىقى تايانچلارغا تايىنىش ئارقىلىق تۆت يېزىدىكى دېھقانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى.

1912 ـ يىلى، سىيىت ھاجى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن قورال ـ ياراغ ئېلىپ كېلىپ، 100 نەچچە نەپەر راست ـ يالغان مۇھاجىردىن قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى، ئۆيىنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە دۆلەت بايرىقىنى ئاستى. سۈپۈرگە ئاخۇن سىيىت ھاجىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ كۈرەش ئېلىپ باردى. سىيىت ھاجىنىڭ قاتمۇقات جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. 1912 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە خوتەن ۋىلايىتىدە قۇرغاقچىلىق بولدى. سىيىت ھاجى ھەددىدىن ئېشىپ سۇنى ئىگىلىۋالدى. تاقىتى چېكىدىن ئاشقان ئامما سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىقلارنى كېرىيىگە سىيىت ھاجى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا ئەۋەتتى. سىيىت ھاجى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر

توپ قولچوماقچىلىرى بىلەن بىرگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئاتلىق
باستۇرۇپ كىردى ھەمدە ناھىيە ئامبىلى شىن يۈڭچىڭغا، ماڭا
پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرىسەن، دەپ تەھدىت سالدى، سېيىت ھاجى
يامۇلدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىشنى ھەدەپ چوڭاي-
تىپ، ئەرز قىلغان ئاممىنى ئۇرغانلىقتىن، شىن يۈڭچىڭ تەرە-
پىدىن قاماپ قويۇلدى. چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
مۇئاۋىن كونسۇلى بېرېنس ئەھۋال ئىگىلەش نامى بىلەن سېيىت
ھاجىنى قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى، كېيىن ئوغرىلىقچە چىرىگە
قايتۇردى.

1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، سېيىت ھاجى
قەشقەردىن ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا چىرا كەنتىگە قايتىپ كەلدى،
كەنت ياقىسى ۋە ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ يول كۆرسىتى-
شى بىلەن قولچوماقچىلىرى ھەيۋە قىلىپ ئۈچ پايدىن ئوق ئاتتى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى سېيىت ھاجى ئۆزىنىڭ بىر قانچە قولچوماقچى-
لىرى بىلەن سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى
قورقۇتۇپ ۋە ئالداپ ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇندى، سۇپۇرگە ئاخۇن
ھەققانىي سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى. 2 - كۈنى
سېيىت ھاجى قولچوماقلىرىنى باشلاپ بېرىپ توپا كەنتىدىكى
يۈزبېشى يار مۇھەممەت، توختى مۇھەممەت ۋە ئونبېشىنى ئۇرۇپ
چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن غەزىپى تاشقان سۇپۇرگە
ئاخۇن بىر قانچە كىشىنى باشلاپ خوتەنگە بېرىپ سېيىت ھاجى
ئۈستىدىن ئەرز سۇندى. بۇ مەزگىلدە يەكەندە تۇرۇشلۇق باش
ھەربىي مەسلىھەتچى شۇڭ گاۋشېڭ بۇيرۇققا بىنائەن ياردەمچىسى
جاۋ داشېڭ، گۇمىدىكى مۇپەتتىش شۇڭ دېشىڭ قاتارلىقلارنى
باشلاپ خوتەنگە ئىش بېجىرىشكە كەلگەن بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇۋا-
تاتتى، خوتەن ئايماق مەھكىمىسى شۇڭ گاۋشېڭغا بۇ دېلونى
بېجىرىشنى تاپشۇردى. شۇڭ گاۋشېڭ بەش نەپەر ئەسكەرنى ئەرز
قىلىپ كەلگەن ئامما بىلەن بىللە چىرا كەنتىگە بېرىپ تۇرۇشقا

بۇيرىدى، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شۇڭ گاۋشېڭ 30 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى باشلاپ چىرا كەنتىگە كېلىپ، ئازراق ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، شاڭيۇ مەتتوختى، مۇئاۋىن شاڭيۇ نىياز، مۇرات ھاجى ۋە بىرگە ئىشلەيدىغان باۋدۇن ئاخۇننى سېيىت ھاجىنى چاقىرتىپ سوراق قىلىشقا بۇيرۇدى. دېلوغا دائىر ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. سېيىت ھاجى تولۇق قوراللانغان 100 دىن ئارتۇق مىللىي مۇناپىق ۋە تاجاۋۇزچىلارنى توپلاپ، ئۆز قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ يەنە ئىش ئۇقمايدىغان 12 نەپەر بالىنى كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. شۇڭ گاۋشېڭ سېيىت ھاجىنى ئۈچ قېتىم چاقىرتقان بولسىمۇ، ئۇ پىسەنت قىلمىدى، ئەكسىچە شۇڭ گاۋشېڭنىڭ ئۆزى مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، دەپ شۇڭ گاۋشېڭ بىلەن «تۇتۇشىدىغان» لىقى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. غەزەپلەنگەن ئاممىسېيىت ھاجىنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالدى، سېيىت ھاجىنىڭ قاتتىق بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەمگە كەلدى. تېزدىن 3 — 4 مىڭ نەپەر ئادەم توپلاندى.

شۇڭ گاۋشېڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مىزىگانچى جۇ شۈتاڭنى 10 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ سېيىت ھاجى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا بەزى يالغان مۇھاجىرلار سېيىت ھاجىنىڭ قورۇسىدىن ئۆزلۈكىدىن قېچىپ چىقىپ، ئاتالمىش رۇسىيە پۇقراسى پاسپورتىنى تاپشۇردى ياكى يىرتىپ تاشلىدى.

قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن سېيىت ھاجى دەرۋازىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، جۇ شۈتاڭنى ۋە يەنە بىر ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا سېيىت ھاجىنىڭ قولچوماقلىرى ئەيسا ئىسىملىك كىشىنى ئىككى قىلىچ چاپقان ۋە روزى ئىسىملىك

كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. سوپۇرگە ئاخۇن قاتار-
لىقلار غەزەپلەنگەن ئامما بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن قورۇغا
قاراپ ئېتىلدى. ئىسلام ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان شوتا بىلەن
قورۇ تېمى ئۈستىگە چىققاندا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاندى.
قانلىق ۋەقە پەيدا قىلغانلىقتىن، ئامما ئۆزىنى قوغداپ زەربە
بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مىلتىق،
تاياق - توقماقلار ئىشقا سېلىنىپ، گىرەلەشمە جەڭ يۈز بەردى.
نەق مەيداندا 30 نەپەر راست - يالغان مۇھاجىر ئالۋاستى مىل-
تىق، قىلىچ، تاياق - توقماق زەربىسىدە جېنىدىن ئايرىلدى.
15 نەپەر ئادىمى يارىلاندى، ئامما سېيىت ھاجىنىڭ قورۇسىغا
ئوت قويىۋەتتى. مانا بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە زىلزىلە پەيدا
قىلغان چىرا ۋەقەسى بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن 34 ئادەم ئۆلدى.
سېيىت ھاجى ئايالچە ياسىنىپ، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ
تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى. نىياز قاتارلىق ئۈچ ئادەمنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئات بىلەن ئاقتاش ئۆتىكىدىن ئۆتۈپ، خوتەنگە
كىرمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گۇما ناھىيە تەۋەسىدە ئۆزىنى دالدىغا
ئالدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇئاۋىن كونسۇل
بېرىنس سېيىت ھاجىنى ئىزدەپ تاپقۇزدى ھەمدە يېڭىساردىكى
مەسلىھەتچى چېن يىلىنىڭ ئەسكەر تەيىنلىشى بىلەن چاررۇسىيە
كونسۇلخانىسىغا يەتكۈزۈلدى، بېرىنس سېيىت ھاجىنى ئۆز قو-
رۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قاتتىق قوغدىدى.

قەھرىمان چىرا خەلقى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىز-
زەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى-
لىق ئۇۋۇسىنى بىتچىت قىلىپ، بۇ كۆرەشتە دەسلەپكى غەلىبىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-
تى. بىراق، يۈەن شىكەي باشچىلىقىدىكى مىنگو ھۆكۈمىتى سۈن
جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان «2 - قېتىملىق ئىنقىلاب»
قا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چاررۇسىيە

تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى. ئۇ شىنجاڭ-
نىڭ باش مۇپەتتىشى ياڭ زېڭشىنغا، قەشقەرنىڭ دوتيىي جاۋدا
جۈيگە كۆپ قېتىم تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، «جىنايەتچىلەر» نى،
يەنى چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان سۈپۈرگە
ئاخۇن قاتارلىق قەھرىمانلارنى قاتتىق جازالاشنى بۇيرۇدى. چار-
رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بېرېنس
جۈڭگو ئەمەلدارلىرىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆزى كازاك ئەسكەرلەر-
نى باشلاپ بېرىپ، سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 34 كىشىنى ۋە
ئىككى نەپەر يەرلىك ئەمەلدارنى مەجبۇرىي ھالدا قەشقەرگە يالاپ
ئېلىپ كەلدى. چىرا كەنتىدىكى ئاممىدىن نەچچە 10 كىشى
سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ يول ئۈستىدىكى ئامانلىقىنى نە-
زەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى تاكى قەشقەرگە قەدەر ئۇزىتىپ كەلدى.
سوكوف قاتارلىقلار بۇنىڭلىق بىلەن توختىماي، سوتلايدىغان ئادەم
سانىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالتە قېتىمدا 70 نەچچىگە
كۆپەيتتى. يەنە 50 ئادەم كۆپەيتمەكچى بولدى. سوراقخانىدا
سۈپۈرگە ئاخۇن مەردانىلىك بىلەن رەددىيە بېرىپ، سوراقخانىنى
چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قى-
لىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ، سىبىت ھاجىنىڭ نەچچە 10
تۇرلۇك جىنايىتىنى تولۇق دەلىللەر ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى.
سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ تولۇق پاكىتلار بىلەن ئېلىپ بارغان تەپسىلىي
ئەيىبلەشلىرى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. سوكوف چى-
چاڭشىپ سوراق مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

چىرا ۋەقەسىنى سوتلاش داۋامىدا، سوراقخانىدا 20 نەچچە
قېتىم مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق سۈپۈرگە ئاخۇن، مەتشېرىپ
قاراجى، قۇربان ھاجى، رۇستەم باي، يۇسۇپ ھاجى قاتارلىق
بەش كىشىگە ناھەق ھالدا ئۆمۈر بويى مەجبۇرىي ئەمگەككە سې-
لىش جازاسى بېرىلىپ، ئاتۇشنىڭ گىدىراڭ بوز مىس كانىغا
ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلدى. باشقا كىشىلەر ۋە بىر قانچە ئەمەل-

دارغا ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان ھالدا جازا بېرىلدى.

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتقا ئاخۇن قاچاق كىشىلەر چىرا كەنتىگە قايتىپ كەلدى. خەۋەر تاپقان ئاما كەنت سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى، بەزىلەر خوتەنگە بېرىپ كۈتۈۋالدى، بۇ كەڭ خەلق ئامىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بەردى. 1924 ـ يىلى سوۋېتقا ئاخۇن كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۆزىنىڭ ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ ھاياتىنى بېسىپ تۈگەتتى.

ئاپتورى: ۋېي چاڭخۇڭ، چېن شياڭلىڭ

## 6. ئاجايىپ شەخس — دېھقان قۇربان تۇلۇم

قۇربان تۇلۇم، ئۇيغۇر، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدىن، تەخمىنەن 1883 ـ يىلى تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپلا باي، پومېشچىكلارنىڭ قاتتىق زۇلمىغا ئۇچرىغان، ئازاد بولغاندىن كېيىن ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن، 1952 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە 14 مو يەر، بىر يۇرۇش ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. يېشى 70 كە يېقىنلاشقاندا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن.

1955 ـ يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، قۇربان تۇلۇم 100 جىڭدەك ئۇندا نان ـ توقاچ ياقتۇرۇپ، ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشىنى كۆرۈش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا بېيجىڭ شىنجاڭدىن بەك يىراق، ئېشەككە مىنىپ بېرىپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ ئۇنى توسىدۇ، قۇربان تۇلۇم بىر قانچە قېتىم نان ـ توقاچلىرىنى يۈدۈپ تاشيولغا چىقىپ، ئاپتوموبىل توسۇپ شوپۇرلاردىن بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. شوپۇرلارمۇ ئۇنىڭ تەلە-

پىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

1957 ـ يىلى ئەتىيازدا، شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېرىيە ناھىيىسىگە كېلىدۇ. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بۇ مويسىپىتنىڭ ئىرادىسىدىن يانماي بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ خەلق داھىيسىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە ھېسسىياتىنى بىۋاستە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇ قۇربان تۇلۇمنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پائال تۈردە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: «كېيىنچە پۇرسەت چىقىپ قالسا، ئامال قىلىپ سىزنى چوقۇم بىر قېتىم بېيجىڭغا ئەۋەتىمىز» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇربان تۇلۇم ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ماۋ جۇشىغا يەتتە پارچە خەت يازىدۇ. يەنە گۈلە، قاق ئەۋەتىدۇ. ماۋ جۇشى ۋە مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇنىڭغا تۆت پارچە جاۋاب خەت يازىدۇ ھەمدە ماۋ جۇشىنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ.

1953 ـ يىلى بۇ مويسىپىت ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تاپقان پۇلىغا 12 ساپان سېتىۋېلىپ، ئۆز يېزىسىدىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ. ساپان شۇ چاغلاردا كېڭەيتىلىۋاتقان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى ئىدى. 1954 ـ يىلى دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ يەنە بىر تۇياق ئۆكۈز سېتىۋېلىپ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ھەقسىز ئىشلىتىشكە بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا قاتنىشىدۇ. 1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىل

ئىچىدە ئۇ ھۆكۈمەتكە 4900 جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق سېتىپ
بېرىدۇ.

1958 - يىلى 6 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتى مۇنەۋۋەر يېزا
ئىگىلىك كوپىراتىپى مۇدىرلىرى، تېخنىكلار ۋە ئەمگەك نەمۇنە-
چىلىرىنى بېيجىڭغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى كۆرگەزمى-
سىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. قۇربان تۇلۇممۇ
شەرەپ بىلەن بۇ ئۆمەككە قاتناشتۇرۇلىدۇ. خۇش خەۋەر يېتىپ
كېلىشى بىلەنلا، بۇ مويسىپىت تەييارلاپ قويغىلى ئۇزۇن بولغان
قاق، گۈلە، قۇرۇق ئۈزۈم، گازىر، ماتا قاتارلىق سوۋغاتلىرىنى
كۆتۈرۈپ، ناھىيە بازىرىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭ شۇ تاپتا دەرھال قانات چىقىرىپ بېيجىڭغا، ماۋ جۇشىنىڭ
يېنىغا ئۇچۇپ بارغۇسى كېلەتتى. سەپەر ئۈستىدە ئۇ «بۇ دورەم
ماۋ جۇشىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن
چۈشۈرمەيدۇ. پويىز بىرەر ئىستانسىغا كەلگەن ھامان، ئۇ ئەت-
راپتىكىلەردىن «ماۋ جۇشى تۇرۇشلۇق جايغا يەنە قانچىلىك قال-
دى» دەپ سورايدۇ. بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيىدە بولۇۋاتقان كۈن-
لەردە، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ماۋ جۇشىنى كۆرۈشكە تەقەززا
بولىدۇ. ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ
تېخىچە ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن تىت - تىت بولۇپ،
بىر قانچە كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ
كەلمەيدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن ساقسىز بولۇپ قالدىلىمۇ؟ دەپ
كۆڭۈل بۆلۈپ سورىغاندا، ئۇ «مېنىڭ كېسىلىم ماۋ جۇشىنى
كۆرسەم شىپا تاپاتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان
كۈنلەردە، ئۇ ماۋجۇشىغا ئىككى پارچە خەت يازدۇرىدۇ. ئۇ
پوچتىخانىدىكىلەردىن «قانداق قىلغاندا خەت تېز يەتكۈزۈلىدۇ»
دەپ سورايدۇ، پوچتىخانىدىكىلەر «ئايروپىلاندا يوللانغان خەت
تېز يەتكۈزۈلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ماۋ جۇشىغا
ئايروپىلان يوللانمىسى قىلىپ خەت ئەۋەتىپ، ماۋ جۇشىنىڭ

چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. 1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، قۇربان تۇلۇم ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك، ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولىدۇ. ماۋ جۇشى ۋە مەركەزنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئۇنى ۋە شىنجاڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشىدۇ. رەسىمگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ماۋ جۇشى يەنە سەممىي ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورايدۇ. قۇربان تۇلۇم ماۋ جۇشىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇزۇنغىچە قويۇپ بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ. ئۇ شۇ مەيداندا سوۋغاتلىرىنى ماۋ جۇشىغا تۇتىدۇ. ماۋ جۇشى بىلەن يەنە بىر قېتىم بەختلىك ھالدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ماۋ جۇشىنىڭ يېنىدىكى داڭلىق سۈرەت مۇخبىرى خۇبو ماۋ جۇشى قۇربان تۇلۇمنى قوبۇل قىلغان كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «خەلق گېزىتى» دە بۇ سۈرەت ۋە دىڭ ۋېي، ۋاڭ لىشىن يازغان «قۇربان تۇلۇم ماۋ جۇشىنى كۆردى» دېگەن سەرلەۋھىلىك خەۋەر ئېلان قىلىنىدۇ. ئارقىدىن خەلق مائارىپ نەشرىياتى بۇ سۈرەت ۋە خەۋەرنى باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 8 - قىسمىغا كىرگۈزىدۇ. قۇربان تۇلۇم بىر مەزگىل مەملىكەت بويىچە قېرى - ياش ھەممە كىشى بىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ماۋ جۇشى قوبۇل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ قۇربان تۇلۇمغا 10 مېتىر چىپەرقۇت رەخت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

قۇربان تۇلۇم بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن چوڭ ئەترەت ياچېيكا شۇجىسىنى ئىزدەپ بېرىپ قىلىدىغانغا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياچېيكا شۇجىسى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ياشانغانلار ساناتو-

رىيىسىگە بېرىپ ساناتورىيە باشلىقى بولسىلا دەيدۇ. لېكىن، قۇربان تۇلۇم بۇنىڭغا ماقۇل بولمايدۇ. ياچېيكا شۇجىسى ئىلاجە-سىز ئۇنى ئورمانچىلىق ئەترىتىگە تەقسىم قىلىدۇ. شۇ يىلى ئۇ يەنە كۆچەت تىكىش ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىدۇ.

1959 - يىلى 1 - ئايدا، قۇربان تۇلۇم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ.

1959 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ 76 ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

1959 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇ بېيجىڭغا دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش كۆرىكىگە قاتنىشىشقا بېرىپ، ماۋ جۇشىنى 2 - قېتىم كۆرىدۇ.

1968 - يىلدىن كېيىن ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزاسى، ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كېرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كېرىيە ناھىيىسى قىزىل بايراق گۇڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1973 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

1975 - يىلى 1 - ئايدا، مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتناشمايدۇ.

1975 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇربان تۇلۇم 92 يېشىدا خوتەندە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاڭ جىڭچيەن قۇربان تۇلۇمنىڭ روھىدىن چوڭقۇر

تەسىرلىنىپ ھاياجان ئىچىدە «قۇربان تۇلۇم قەيەردە؟» دېگەن شېئىرنى يازدى. شېئىردا مۇنداق دېيىلىدۇ:

قۇربان تۇلۇم قايەردە؟
باھار
خۇشپۇراقلىق قوينۇڭدا يۈرەر،
ماۋ جۇشىنى كۆرۈش ئىشقىدا.
سەپەر قىلدى بېيجىڭغا قاراپ،
ئېشەكلىك ئۇ، ئالدىراش ئۆتەر.

قۇربان تۇلۇم قەيەردە؟
ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ياشار.
مۇدھىش زامان رەنجى يوقالغاچ،
كومپارتىيە ئۇنى قۇتقۇزغاچ،
نىجادكارغا ھەشقاللا ئېيتار.

قۇربان تۇلۇم قەيەردە؟
شۇئان
ھەر مىللەت خەلقى ـ ئەلنىڭ ئىچىدە،
ئەللىك ئالتە مىللەت قېرىنداش.
ئايرىلمايسەن مەندىن كۈنۈ تۈن،
ئايرىلمايمەن سەندىن ھەرنىچە.

ئاھ، قۇربان تۇلۇم قەيەردە؟
تارىخىدا جۇڭخۇا ئېلىنىڭ،
يادنامە بولۇپ مەڭگۈگە ياشار.

ئاپتورى: سۈن بىن

## 7 . خوتەننىڭ سادىق ئوغلانى — ۋاڭ ۋېي

ۋاڭ ۋېي مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ مەشھۇر سۇچىلىق مۇتەخەسسىسى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان-
دىن كېيىن پارتىيىمىز يېتىشتۈرگەن بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىي.
ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خوتەن دەريا ۋادىسى ئۆلچەش ئەترى-
تىنىڭ باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىي-
سى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى، ئاپتونوم
رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۈستىگە ئالغان.

ۋاڭ ۋېي گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىڭيۈەن ناھىيىسىدىن بو-
لۇپ، 1927 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال
يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۆز ئىختىيارلىقى
بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ شىنجاڭغا كەلگەن. دەسلەپتە شىخەنزە
ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا سۇچىلىق تېخنىكى
بولغان، خىزمەتنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىشلىگەنلىكى
ئۈچۈن 50 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون،
مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق سىستې-
مىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 1956 ـ يىلى
پارتىيىگە كىرگەن. خوتەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق
قۇرۇلۇشى خوتەن ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋات-
قان مۇھىم ئامىل بولۇپ، خوتەن سۇچىلىق تېخنىكلىرىغا بەكمۇ
ئېھتىياجلىق ئىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئا-
ساسەن، 1958 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋاڭ ۋېي قاتارلىق بىر
قانچە نەپەر سۇچىلىق مۇتەخەسسىسنى خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى
قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەملىشىش ۋە قۇرۇلۇشقا قاتنى-
شىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا، ۋاڭ ۋېي قاتارلىقلار خوتەن-

ـدە ئۈچ يىل ئىشلىگەندىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭغا قايتىدۇ،
دەپ بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، ئۇ بىر كەلگەنچە 30 نەچچە يىل
ئىشلىدى. بارلىقىنى خوتەنگە بېغىشلىدى. خوتەندە 36 دەريا
بار، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرى، شىمالدا قۇم بارخانلىرىغىچە،
ھەر بىر دەريادا ۋاڭ ۋېينىڭ ئاياغ ئىزلىرى بار. ئۇ كومپارتىيە
ئەزاسىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىـ
لىپ، دەۋرىمىز زىيالىيلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈپ، مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسىنىڭ شانلىق ئوبرازىـ
نى تىكلىدى. ۋاڭ ۋېي 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى
ئۆپكە راكى كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. 1988 ـ يىلى ئۇ
ھايات ۋاقتىدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ، پۈتۈن
ۋىلايەتتىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى
ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلغانىدى. 1991 ـ يىلى
11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىـ
سى ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى؛
1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم
يەنە بىر قېتىم «پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كومپارتىيە ئەزالىرى،
ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ زىيالىيلار ئارىسىدا ۋاڭ ۋېيدىن
ئۆگىنىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار»
چىقاردى. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم
رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى ۋە سۇچىلىق نازارىـ
تى «شىنجاڭ بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىدا يولداش ۋاڭ ۋېيـ
دىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار»
چىقاردى.

1990 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن خوتەن بوستانلىقىنى
كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كەلدى. ئۇ بوستانلىقنىڭ ھاياتىي كۈچكە

تولغانلىقىنى، رەت - رەت ئورمان بەلۋىغىنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ بوك - باراقسان ئورمانلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، كەنت، مەھەللىلەردىن مېۋە - چېۋىلەرنىڭ شېرىن ھىدى تارقاۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇملۇقتا سۇ بولغاندىلا ئاندىن بوستانلىق بولىدۇ، قانداق ھەل بولغان؟ ئۇ ۋاڭ ۋېينىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەسىرلەنگەن ھالدا: سۇ بولغاندىلا ھاياتلىق بولىدۇ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بەك مۇھىم، دېدى.

خوتەندىكى 36 دەريانىڭ ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، يەنە 1 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق بۇلاق سۈيى بار. لېكىن، سۇنىڭ پەسىللەرگە ۋە رايونلارغا بۆلۈنۈشى بەكمۇ تەكشىسىز. %80 دەريا سۈيى ياز، كۈز پەسلىگە مەركەزلەشكەن، ئەمما سۇ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئەتىياز پەسلىدە دەريالار قۇرۇپ قالىدۇ. 50 - يىللاردىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئىپتىدائىي سۇغىرىش شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى يوق ئىدى. سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 10 نەچچە پىرسەنت ئىدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىشلىرى جەھەتتىكى بۇ خىل قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋاڭ ۋېي ئۆزى بىۋاسىتە دەريا - ئېقىنلارغا بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بولۇپمۇ يىللىق ئېقىم مىقدارى 14 مىليون كۇب مېتىردىن يۇقىرى بولغان 24 دەريا ھەممە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ۋادىلار ئۈستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ناھايىتى تېزلا ۋىلايەتلىك پارتكومغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى تاپشۇرۇپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى «سۇ باشلاش بىلەن سۇ قاچىلاشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇ باشلاش بىلەن سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەش-

تۇرۇش، سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش بىلەن يەر تۈزلەشنى
بىرلەشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۇرۇش لايىھىسىنى
ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىي تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئاساسىدا ۋىلايەت
بويىچە كونا سۇغىرىش رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش، سۇدىن پايدىلى-
نىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان
ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك
قانات يايدۇرۇلدى.

ۋاڭ ۋېينىڭ ئېگىزلىكى 1.88 سانتىمېتىر، پاچىقى ئۇزۇن
بولۇپ، كىشىلەر «ۋاڭ ۋېينىڭ پاچىقى» غا تەڭ كەلمەك تەس
دەپ، ئۇنىڭ يول مېڭىشتىكى تېزلىكىنى تەرىپلىشەتتى. ئۇ
ئېگىز تاغ، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە، سازلىقلاردا توختىماستىن
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەر بىر ۋادا، ھەر بىر كەنت -
مەھەللىلەردە ئۇ ئاياغ باسمىغان يەر قالمىدى. 1975 - يىلى
ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇ ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يولداشلارنىڭ
توسۇشىغا قارىماي، تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى ئېلىپ، بىر مې-
تىرغا يېقىن قېلىنلىقتىكى قارلارنى كېچىپ، مۇزلۇقلارنىڭ،
تاغلارنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بىلەن ھېسابلاشماي، دې-
ڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىغا
چىقتى. 1986 - يىلى ئۇنىڭ 61 ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرى
ئىدى. ئۇ مۇۋاپىق سۇ ئامبىرى ئورنى تېپىش ئۈچۈن، قاراقاش
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا چىقىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارىدۇ. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 4800 مېتىر كېلىدىغان داۋاندىن
ئۆتكەندە، ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بولۇپ شۈك بولۇپ قالدى.
تەكرار تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئاساسىدا، ئاخىر سۇ ئامبىرى ئورنى
ئۇلۇغئاتىدىن تاللىنىپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى تۈر-
گە كىرگۈزۈلدى.

ۋاڭ ۋېينىڭ قەلبىدە ھەردائىم خوتەندىكى ھەر مىللەت خەل-

قى بار ئىدى. 33 يىلدىن بۇيان ئۇ خوتەننىڭ سۇ قۇرۇلۇش
ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. خوتەنگە كې-
لىشتىن ئىلگىرى خوتەندە ياسىلىۋاتقان ئىككىلا سۇ ئامبىرى بار
ئىدى. ئۇنىڭ قاتنىشىشى ۋە رىياسەتچىلىك قىلىشى، ۋىلايەت
بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن 58 سۇ ئامبىرى ياسالدى. سۇ ئامبىرى
ياساش داۋامىدا، ئۇ خوتەن خەلقى كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان
تەجرىبىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، زور مىقداردىكى ئادەم كۈ-
چى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى تېجەپ قالدى. گۇما ناھىيە-
سىدىكى ياپچان سۇ ئامبىرىنى ياساشتا، ۋاڭ ۋېينىڭ رىياسەتچى-
لىكىدە، شۇ جايدىكى دېھقانلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ كەلكۈندىن
پايدىلىنىپ لاي ئېقىتىپ ئاستىنى تىندۈرۈش بىلەن توغان ياسى-
دى، بۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمى 20 نەچچە ھەسسە يۇقىرى
كۆتۈرۈلدى. سۇ ئامبىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشى خوتەن-
نىڭ ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى پەسەيتىشتە مۇھىم
رول ئوينىدى. خوتەننىڭ دەريالىرىدا ئىلگىرى مۇقىم ئېلىشىپ-
شى بولمىغاچقا، سۇ باشلاپ كېلىش قىيىن ئىدى. دېھقان،
چارۋىچىلار كۆپ ھاللاردا دەريانى تاش بىلەن توسۇپ، توغان
ياساپ سۇ باشلاپ كېلەتتى ۋە سۇ تەقسىم قىلاتتى. بەزىدە
دېھقانلار ئارىسىدا سۇ تالىشىپ جېدەل چىقاتتى. ۋاڭ ۋېي ۋە
ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 24
ئورۇندا ئارقا ـ ئارقىدىن چىداملىق ئېلىشىپشى ياسالدى، بولۇپ-
مۇ قاراقاش دەرياسى ئېلىشىپشى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئې-
لىشىپشى ياسىلىپ، چوڭ مەسىلە ھەل بولدى. تاغدىن كېلىدى-
غان لاي ـ لاتقىلىق سۇ شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋاڭ ۋېي
ۋە لايىھىلەش خادىملىرى يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، ھازىرغىچە مەم-
لىكەت ئىچىدە تېخى قوللىنىلمىغان قاتلامغا ئايرىپ سۇ باشلاش
ئۇسۇلىنى قوللاندى. ھازىر بۇ ئېلىشىپشى قۇرۇلۇشى خېخەي
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى ۋە ئاپتونوم رايون

بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىغا ئەسلىدە دۆلەت 12 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. ئەگەر قۇرۇلۇشنى سىرتقى جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە بەرگەندە ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا 16 مىليون يۈەن كېتەتتى. مەبلەغنى تېجەش ئۈچۈن، ۋاڭ ۋېي قۇرۇلۇش باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلق ئىشچىلىرىنى باشلاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلىدى. تېخنىك ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. ئاخىرىدا پەقەت 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تاماملاندى، باشقا مەبلەغ قوشۇمچە ئەسلىھەلەرگە ئىشلىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئورنى خوتەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى ۋە ساياھەتچىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. ئۆز ۋاقتىدا دۆلەت سۇ - ئېلېكتر مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چيەن جېڭيىڭ قۇرۇلۇشنى نەق مەيداندا كۆرگەندىن كېيىن تەسىرلەنگەن ھالدا: «خوتەن خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار روھىنى كۆردۈم» دېگەنىدى.

ئۇنىڭ ئولتۇراق ئۆيى سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسىدە بولۇپ، خىزمەت ئورنى — مەمۇرىي مەھكىمىگە ئىككى كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇ ۋېلسىپىت مىنىشنى بىلمەيتتى، پىكاپتىمۇ ئولتۇرمايتتى. ئۆزى مۇئاۋىن ۋالىي بولسىمۇ ھەر كۈنى ئىشقا پىيادە بېرىپ كېلەتتى. ۋاڭ ۋېي روھى — خوتەن روھىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ۋاڭ ۋېي خوتەنگە كەلگەندىن تارتىپ 1991 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان 33 يىل ئىچىدە خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 804 مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مەبلىغى 274 مىليون يۈەن بولدى. يەرلىك غەملىگەن مەبلەغ سېلىنمىسى 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 2/3 قىسمىنى تەشكىل قىل-

تۇرـ قاتاردا ئالدىنقى بويىچە رايون ئاپتونوم ئۇنۇمى بۇنىڭ دى.
خوتەن ئارقىلىق، قىلىش كۆرەش جاپالىق يىل نەچچە 30 دۇ.
سۇ بولدى. بايراق بويىچە رايون ئاپتونوم سىپىدە ئىنشائاتى سۇ
بويىچە ۋىلايەت باشقا، ئېلىشىپىشىدىن چىدامىلىق ۋە ئامبىرى
قاتارلىق كۆكئېرىق ئېرىقى، سۇغىرىش ئۆستەڭ، ئارماق غول،
كىلومېتىردىن مىڭ 20 ئۆستەڭدىن - ئېرىق دەرىجىلىك تۆت
پىرسەنتـ نەچچە 10 ئۇنۇمى پايدىلىنىش سۇدىن ياسىلىپ، ئارتۇق
خەلقىـ خوتەن ۋىي ۋاڭ كىشىلەر، نۇرغۇن يەتتى. كە 44% تىن
دىيىشىدۇ. ئۆتتى، ئالەمدىن كېتىپ ھالىدىن چارچاپ دەپ نى
ئىنقىلانغاندىن بولغانلىقى گىرىپتار كېسەلگە ساقايماس ئۇنىڭ
قانچە بىر ئۇنىماي، داۋالىنىشلى يېتىپ دوختۇرخانىدا كېيىنمۇ،
مەھكىمەـ مەمۇرىي چىقىپ، ئوغرىلىقچە دوختۇرخانىدىن قېتىم
يىغىنىغا توغرىسىدىكى قۇرۇلۇشى ئىنشائاتى سۇ ئۇلۇغئاتا نىڭ
دوختۇرخانىسىغا - 1 ئىنستىتۇتىنىڭ تېببىي شىنجاڭ قاتناشتى.
داۋالىنىپ يېتىپ بالنىتسىدا ئۇ كېيىن، داۋالانغاندىن يۆتكىلىپ
مەزگىلىدە: تۇرۇۋاتقان

ھامان، قالغان قاچان كىم ئەجەلدىن شۇم جاھاندا بۇ
يۇرەك. سوققان دەپ ئەلنى بىرلە تۆھپە ئەزىزدۇر ئەڭ
باغرىنى، كۈيۈنلۈن بۇندا يىل قىرىق كەزدىم تۆكۈپ تەر
تىلەك. - ئارزۇ مەندىكى ئىزدەش سۈيى ئۆملۈك - بەخت

ئىلـ كۈن بىر بولۇشتىن ۋاپات ئۇ يازدى. شېئىرنى دېگەن
پارتكومـ رايونلۇق ئاپتونوم چاغدىكى شۇ كېيىن، چۈشتىن گىرى
كەلدى. يوقلاپ ئۇنى دوختۇرخانىغا خەنلياڭ سۇڭ شۇجىسى نىڭ
خوتەن قۇرۇلۇشى ئۇلۇغئاتا «: ھالدا ئالغان ياش كۆزىگە ۋىي ۋاڭ
قۇرۇلۇشنى بۇ مەن ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىدى. ئۈمىدى خەلقىنىڭ
خوتەنگە مېنى بار، ئارزۇيۇم بىرلا مېنىڭ ھازىر پۈتكۈزەلمىدىم،

قايتۇرۇپ كەتسە، خوتەندە كۆز يۇمسام» دېدى. 2 - كۈنى ئۇ نوسۇلكا بىلەن ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقىلدى. ئايروپىلان خوتەن ئايرودرومىغا قونغاندا، ئۇ ئايروپىلان ئىشىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن خوتەن زېمىنىغا بىر نەزەر تاشلاپلا، مەڭگۈلۈك-كە كۆز يۇمدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ خوتەن خەلقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ۋاڭ ۋېينى ئۇ كۈرەش قىلغان قاراقاش دەرياسى ئېلىشىپىشىغا دەپنە قىلدى. قاراقاش ناھىيە ساييباغ يېزى-لىق بىر دېھقان ۋاڭ ۋېينىڭ دەپنىگاھى ئورنى پەس بولۇپ قېلىپ، نەم تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولغان بۇغدايلىرىنى چېپىپ ئېلىۋېتىپ، دەپنىگاھ ئورنىغا 500 توننا توپا يۆتكەپ كېلىپ ئورنىنى كۆتۈردى. ئېلېكتر ئىشلىرى مىنىستىرلىقىدىكى رەھبەرلەر، بۇ دۆلىتىمىزدە سۇ ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن قاتۇرۇلغان تۇنجى مەقبەرە ئابىدىسى بول-دى، دېيىشتى. ئېلىشىپىشىغا كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ۋاڭ ۋېينىڭ مەقبەرىسىگە بېرىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ۋاڭ ۋېي روھى خوتەن خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى-گە مەڭگۈ ئىلھام بولغۇسى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھازىرقى شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن ۋاڭ ۋېينىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، خالىس تۆھپە قو-شۇش روھىدىن تەسىرلىنىپ، «ۋاڭ ۋېي ناخشىسى» دېگەن شې-ئىرنى يېزىپ چىقتى. بۇ شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

ۋارقىرايدۇ قارا قۇرۇم، چىللار يۇرۇڭقاش.
نەدە خەلق ئوغلى — ۋاڭ ۋېي قەدىردان يولداش؟
ئېيتقان ئىدىڭ: ئەلمىساقتىن كىملەر ئۆلمىگەن،
قىممەت شۇنچە تۆھپىكارلىق روھ بىلەن ياشاش.
نۇر تاراتتىڭ سەن خوتەننىڭ دالا - تۈزىگە،

ئۆمرۈڭ چاقناپ، ئەجرىڭ تولدى چوغلۇق - چېچەككە.
خەلق ئوغلى، ئاھ، سۆيۈملۈك سەپدىشىم ۋاڭ ۋېي،
ئەردەك ياشاپ ئۆتتۈڭ، ئالىيجاناب ھاياتىڭ،
ئۆلۈمىڭمۇ يۈكسەك ئەلدە، چۆمدى ھۆرمەتكە.
ۋارقىرايدۇ قارا قۇرۇم، چىللار يۇرۇڭقاش:
سەن قەيەردە خەلق ئوغلى — ۋاڭ ۋېي قەدىردان؟
ئېيتقان ئىدىڭ: كوئېنلۇننى كەزدىم قىرىق يىل،
ئىتتىپاقلىق، بەخت سۇيى تېپىشتۇر ئارمان.
ئۆمرۈڭ سېنىڭ مۇز قاپلىغان تاغلارغا تۇتاش،
ئېرىقلاردا سۆيگۈڭ سۇيى شىۋىرلاپ ئاقار،
ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە سەن ھايات، قېرىنداش.
ئاھ، ۋاڭ ۋېي،
ھاياتىڭ شانلىق.
ئۆلۈمىڭ شەرەپ!
سەن خەلق ئوغلانى.

ئاپتورى: ليۇ جىڭخۇا

## 2. خوتەننىڭ چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

### جۇ، چىن سۇلالىلىرى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XV—XX ئەسىرلەر
ئۇدۇن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خېلى كۆپ كىرگۈزۈلدى.
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV — V ئەسىرلەردە
بوستانلىق يىپەك يولى ئېچىلدى، خوتەن بوستانلىق يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئورۇن ئىدى.
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 242 ـ يىلى
ئۇدۇن بەگلىكى قۇرۇلدى.

### خەن سۇلالىسى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە
ئاھالە سىستېمىسى شەكىللەنگەن ئۇدۇن كۆيلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىردى.
خەنۋۇدى يۈەنشۆينىڭ 4 ـ يىلىدىن يۈەندىڭنىڭ 2 ـ يىلىغىچە ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلىدىن 115 ـ يىلىغىچە )
جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا 2 ـ قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلدى. مۇئاۋىن ئەلچىسىنى ئۇدۇن، ئۈزۈنتات قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى.
خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ1ـيىلى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 ـ يىلى)
سۇتىرشىنا سانغۇن لى گۇاڭلى لەشكەر چىقىرىپ فەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. لەشكەرلەر جەنۇب، شىمال ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ

ماڭدى. جەنۇبىي يولدىكى لەشكەرلەر ئۇدۇن ئارقىلىق ماڭدى. لى گۇاڭلىنىڭ زور لەشكىرىي قوشۇنى قايتىش سەپىرىدە ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق جايلاردىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى ھەمدە ئۇزۇن- تات خانىنىڭ شاھزادىسى لەيدەننى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ خەن- ۋۇدىغا خاس مۇلازىم قىلىپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇدۇن خانىمۇ ئۆز جىيەننى چاڭئەنگە خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتتى.

خەن جاۋدى يۈەنپىڭنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 74 - يىلى)

كەشمىرلىك راھىب كالان بىرخاجىنا ئۇدۇنغا كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتتى.

خەن شۈەندى شىڭ جۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى)

غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلدى. جېڭ جى تۇنجى قورۇقچىبەگ بولدى. ئۇدۇن غەربىي يۇرت قورۇقچى- بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولدى.

خەن يۈەندى يۈەنشۇينىڭ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - يىلى)

ئۇدۇن خانىغا خەن سۇلالىسىنىڭ مۆھۈرى بېرىلدى.

خەن سۇلالىسى جۇڭيۈەننىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 56 - يىلى)

يەكەن خانى بىلىكخان لەشكەر چىقىرىپ ئۇدۇننى يۇتۇۋال- دى. ئۇدۇن خانى يۇرىن قارام ئەل خانى بولدى.

مىڭدى يۇڭپىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 60 - يىلى)

ئۇدۇنلۇق مۆتىۋەر دۇمو يەكەننىڭ ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، يەكەننىڭ تۇرغاق سانغۇنى جۇندېنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىن ئۇدۇنلۇق سانغۇن ھۇمبا خەنرۇڭ ئىسىملىك خەنزۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دۇمونى قەتل قىلدى. يەنە بىر قېتىم يەكەن لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنى ئۇدۇن خانى دەپ جاكارلىدى.

مىڭدي يۈڭپىڭنىڭ 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 61 ـ يىلى)

ھۇمبا ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئوق تېگىپ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاكىسىنىڭ ئوغلى گۇاڭدې ئۇدۇنغا خان بولدى.

مىڭدي يۈڭپىڭنىڭ 6 ـ يىلى ( مىلادىيە 63 ـ يىلى)

ھۇنلار بەش نەپەر سانغۇننى تەيىنلەپ بەش بەگلىكنىڭ 30 مىڭ لەشكىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇدۇنغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن خانى گۇاڭدې سۇلھى تەلەپ قىلىپ، شاھزادىسىنى گۆرۈ-گە بەردى.

مىڭدي يۈڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى ( مىلادىيە 73 ـ يىلى)

بەن چاۋ 36 كىشىنى باشلاپ ئۇدۇنغا كېلىپ، باخشىلارنى ئۆلتۈردى، ئۇدۇن خانى ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى ھەمدە ئوغلىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتتى.

مىڭدي يۈڭپىڭنىڭ 17 ـ يىلى ( مىلادىيە 74 ـ يىلى)

شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكە-مىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇدۇن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق 55 بەگلىكنىڭ بىرى بولدى.

جاڭدې جيەنچۇينىڭ 1 ـ يىلى ( مىلادىيە 76 ـ يىلى)

بەن چاۋ پەرمان بويىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتماقچى بولدى. سەپەر ئۈستىدە ئۇدۇندىن ئۆتكەندە خان ۋە ئوردا ئەمەل-دارلىرى يىغىزار قىلىپ، بەن چاۋنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىشىنى توسىدى. بەن چاۋ ئۇدۇندا تۇرۇپ جاڭدى خانغا بۇ ھەقتە مەكتۇپ سۇندى. ئۇنىڭ داۋاملىق قەشقەردە قېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

جاڭدې جيەنچۇينىڭ 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 78 ـ يىلى)

ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر بىر تۈمەنگە يېقىن لەشكەر چىقى-رىپ بەن چاۋنىڭ قۇم ئايمىقىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىغا ياردەم بەردى.

جاگدې يوەنخېننىڭ 1 ـ يىلى ( مىلادىيە 84 ـ يىلى)
ئۇدۇن لەشكەر چىقىرىپ بەن چاۋنىڭ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى.

جاگدې يوەنخېننىڭ 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 87 ـ يىلى)
ئۇدۇن يەنە بىر قېتىم لەشكەر چىقىرىپ بەن چاۋنىڭ يەكەنگە قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى. دۇشمەننىڭ 5000 دىن ئارتۇق كاتتىۋېشىنىڭ بېشى ئېلىندى. نۇرغۇن ئات، چارۋا، مال ـ مۈلۈك ئولجا ئېلىندى. يەكەن خانى تەسلىم بولدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى 13 بەگلىكنىڭ ھەممىسى ئۇدۇنغا بويسۇندى.

خېدى يوگېيۇننىڭ 14 ـ يىلى ( مىلادىيە 102 ـ يىلى)
بەن چاۋ يۇرتىنى سېغىندى. ئۇنىڭ سىڭلىسى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، بەن چاۋنىڭ مۇددىئاسىنى يەتكۈزدى. خان يارلىق چۈشۈرۈپ بەن چاۋنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئورنىغا رېن شاڭنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى. رېن شاڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇندىن ئۆتتى ھەمدە ئۇدۇندا لەشكەر قالدۇردى.

شۇندى يوڭجيەننىڭ 2 ـ يىلى ( مىلادىيە 127 ـ يىلى)
بەن يۇڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. قاراشەھەر تەسلىم بولدى. ئۇدۇن قاتارلىق 17 بەگلىك قايتىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. بەن يۇڭ دوغاپبەگ مەھكىمىسىنى ئۇدۇنغا يۆتكىدى.

شۇندى يوڭچيەننىڭ 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 129 ـ يىلى)
ئۇدۇن خانى فاڭ چيەن مىرەن خانى ۋاڭ شىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئوغلىنى مىرەن خانى قىلىپ تىكلىدى. شۇ يىلى ئۇدۇن خانى ئەلچىلەر ئارقىلىق شۇندى خانغا ئولپان تاپشۇردى.

شۇندى يوڭجيەننىڭ 6 ـ يىلى ( مىلادىيە 131 ـ يىلى)
ئۇدۇن خانى فاڭ چيەن ئوغلىنى شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

شۇندى ياڭ جيانىڭ 1 ـ يىلى ( مىلادىيە 132 ـ يىلى)

دۇنخۇاڭ ۋالىيسى شۈي يۇ ئۇدۇن خانى فاڭ چيەننىڭ مە-
رەن خانى ۋاڭ شىڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ، سۇلە-
دىن لەشكەر توپلىدى. سۇلى خانى چېن پەن 20 مىڭ لەشكەرنى
باشلاپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن قاتتىق مەغلۇپ بولدى.
100 دەك ئەمەلدارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. چېن پەن لەشكەرلە-
رىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بەردى، ئۇدۇن ئېغىر
تالاپەتكە ئۇچرىدى.

## ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر

ۋېي ۋېندى خۇاڭچۇنىڭ 1 - يىلى ( مىلادىيە 220 - يىلى)
ئۇدۇن ئەلچىلەر ئۆمىكى تەيىنلەپ، خەن شيەندىگە ئولپان
تاپشۇردى. بۇ چاغدا ساۋپېي شيەندىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋەتكەندە-
دى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ساۋپىي ئۇدۇندىن ئولپان ئې-
لىپ كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى.

ۋېي سۇلالىسى گەنلۇنىڭ 5 - يىلى ( مىلادىيە 260 - يىلى)
ۋېي سۇلالىسى راھىبى جۇشىشىڭ يۇڭجۇ ئايمىقىدىن چى-
قىپ، غەربتىن كۆچمە قۇملارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كېلىپ
سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نومى «ماخاپارى نىرۋانا سۇترا» غا
ئېرىشتى. كېيىن ئۇنى شاگىرتى ئارقىلىق لوياڭغا ئەۋەتتى.
جۇشىشىڭ 80 يېشىدا ئۇدۇندا ئالەمدىن ئۆتتى.

جىن ۋۇدى چېن شىنىڭ 5 - يىلى ( مىلادىيە 269 -يىلى)
جىن سۇلالىسى ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرىغا
جىن سۇلالىسىنىڭ ساداقەتمەن شىغاۋۇلبېگى، بۇيۇك كاھىبەگ،
جىن سۇلالىسىگە پەرمانبەردار بۇيۇك تارخان دەپ ئۇنۋان بەر-
دى.

جىن ۋۇدى تەيكاڭنىڭ 3 - يىلى ( مىلادىيە 282 - يىلى)
جۇ شىشىڭ ئۆزى توپلىغان «ماخاپارى نىرۋانا سۇترا» نىڭ
600 نەچچە مىڭ خەتلىك 90 بابىنى شاگىرتى فو رۇشەن قاتارلىق

10 كىشىدىن لوياڭغا ئەۋەتتى.

جىن سۇلالىسى تەيكاڭنىڭ 6 ـ يىلى ( مىلادىيە 285 ـ يىلى)

جىن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى ياڭ جىڭنى ئەلچى قىلىپ فەرغانىگە ئەۋەتتى. يول ئۈستىدە ئۇدۇن خانى، قەشقەر خانى، چاقىلىق خانىغا ئوتتۇغات بەردى.

جىن مىڭدى تەيىنىڭنىڭ 2 ـ يىلى ( مىلادىيە 324 ـ يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى تەيىنلەپ جىن سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدىغا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سوۋغات قىلدى.

ئالدىنقى چىن سۇلالىسى فۇجيەن جيەنيۈەنىنىڭ 17 ـ يىلى ( مىلادىيە 381 ـ يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى تەيىنلەپ فۇجيەنگە يەرلىك بۇيۇملارنى سوۋ-غات قىلدى.

ئالدىنقى چىن سۇلالىسى جيەنيۈەنىنىڭ 18 ـ يىلى ( مى-لادىيە 382 ـ يىلى)

چوڭ سانغۇن لۈي گۇاڭ كۇسەننى مەغلۇپ قىلدى، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر فۇجيەنگە يەرلىك بۇيۇملارنى ئولپان قىلدى.

شەرقىي جىن سۇلالىسى لۇڭئەننىڭ 5 ـ يىلى ( مىلادىيە 401 ـ يىلى)

فاشيەن قاتارلىق 11 كىشى ئۇدۇنغا كېلىپ، ئۇدۇندا ئۈچ ئايدىن كۆپرەك تۇردى. ئۇ بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 401 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇندىن ئايرىلىپ غەربكە سەپەر قىلدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جىنجۈنىڭ 6 ـ يىلى ( مى-لادىيە 445 ـ يىلى)

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى گاۋلياڭ تۇيغۇنلاردىن ئامۇنوشادقا ھۇجۇم قىلدى. ئامۇنوشاد مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، غەربتىن ئۇدۇنغا كېلىپ، ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەدەپ ئوت قويۇش، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللان-

ـدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شيەن ۋېندىنىڭ 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 470 ـ يىلى)

جورجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن خانى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شيەن ۋېندىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شيەن ۋېندى ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ھالەتتە بولغاچقا، لەشكەر ئەۋەتەلمىدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شېڭگۈينىڭ 2 ـ يىلى ( مىلادىيە 519 ـ يىلى)

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەشھۇر راھىب سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ قاتارلىقلار بۇددا نومىلىرى ئىلىش ئۈچۈن ئۇدۇنغا كەلدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋىندى خان داتوڭنىڭ 7 ـ يىلى ( مىلادىيە 541 ـ يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى تەيىنلەپ ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋىندىغا چەت ئەلدە ئويۇلغان قاشتېشى بۇت تەقدىم قىلدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋۇدى خان جيەندېنىڭ 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 574 ـ يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى تەيىنلەپ جۇ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىغا نەسىللىك ئات تەقدىم قىلدى.

## سۈي سۇلالىسى

سۈي سۇلالىسى تــاڭدىنىڭ رېن شــۇ 1 ـ يىلــى ( مىلادىيە 601 ـ يىلى)

ئۇدۇنلۇق رەسسام ۋايجىرا ۋازېكىنا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللاندى.

سۈي سۇلالىسى تاڭ دىنىڭ دايې 1ـيىلى ( مىلادىيە605ـ يىلى)

دۇ شىكەمەن، ۋېي جىپ قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلدى، ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلدى.

سۈي سۇلالىسى تاڭ دىنىڭ دايې 5-يىلى( مىلادىيە 609-يىلى)

ياڭ گۇاڭ ئۆزى بىۋاسىتە لەشكەر تارتىپ چىقىپ تۇيغۇنلارنى خېشىگىچە سۈرۈپ كەلدى. ئۇدۇن خانى خېشىگە ياڭگۇاڭغا سالامغا ئەلچى ئەۋەتتى.

سۈي سۇلالىسى تاڭ دىنىڭ دايې 6-يىلى( مىلادىيە 610-يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى ئەيىنلەپ سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان ئەۋەتتى.

سۈي سۇلالىسى تاڭدىنىڭ دايې 11-يىلى( مىلادىيە 615-يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

## تاڭ سۇلالىسى

جېنگۇەننىڭ 1 - يىلى ( مىلادىيە 627 - يىلى)

ئۇدۇنلۇق مەشھۇر رەسسام ۋايچىرا ۋىچىر چاڭئەنگە بېرىپ رەسىم سىزىش تېخنىكىسىنى تارقاتتى.

جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى ( مىلادىيە 632 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجرا قۇمى ئەلچىلەر ئارقىلىق ئوردىغا قاشتېشى بەلۋاغ ئولپان قىلدى.

جېگۇەننىڭ 9 - يىلى ( مىلادىيە 635 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجرا قۇمى ئوغلىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتتى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئولپان ئورنىدا تاپشۇردى.

جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى ( مىلادىيە 640 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، ئۇدۇن ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

جېنگۋەننىڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 644 ـ يىلى) ئەتىياز

مۆتىۋەر راھىب شۈەنزاڭ نوم ئېلىپ قايتىش سەپىرىدە ئۇدۇنغا كەلدى. ئۇ ئۇدۇندا يەتتە ئاي توختاپ، بۇتخانىلاردا نوم تەپسىر قىلدى، شۇ يىلى قىش پەسلىدە قۇملۇقلار ئارقىلىق شەرققە سەپەر قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتتى.

جېنگۋەننىڭ 21 ـ يىلى (مىلادىيە 647 ـ يىلى)

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ كۇنچيۇ ئالىي باشبۇغى ئاشىناشىر بىلەن چۈبەقالىنى غەربىي تۈرك لەشكەرلىرى ۋە كۇسەن لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، چوڭ غەلىبە قازاندى. ئاشىناشىر ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ھال سورىدى. تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى كۆسەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سىن 10 مىڭ 300 تۇياق تۆگە چىقىرىپ ھەمدەمدە بولدى.

جېنگۋەننىڭ 23 ـ يىلى (مىلادىيە 649 ـ يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجىراسىن ئوردىغا كېلىپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئوتتۇغات بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى ھەمدە كۆپ خىل ئىنئامغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، جاۋلىڭغا دەپنە قىلىندى. 14 بەگلىكنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاقساقاللىرىنىڭ تاش ھەيكىلى ئويۇلۇپ قەبرە ئالدىغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن خانى ۋايجىراسىننىڭ تاش ھەيكىلىمۇ بار ئىدى.

گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 660 ـ يىلى)

تۈرك لەشكەرلىرى ئۇدۇننى ئىشغال قىلىۋالدى، 2 ـ يىلى ئۇدۇن لەشكەرلىرى ۋە خەلقى كۆسەندە تۇرۇشلۇق تاڭ لەشكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرك لەشكەرلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

كاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 663ـيىلى) 12 ـ

ئاي

غەربىي تۆركلەرنىڭ كۆنەش قەبىلىسى ئۇدۇنغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. ئەنشىنىڭ قورۇقچىبېگى گاۋشيەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ بىۋاسىتە كۆنەش قەبىلىسىگە تېگىش قىلدى. ئۇدۇن قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

گاۋزۇڭنىڭ لىڭدې 2 - يىلى (مىلادىيە 665 - يىلى)

تۈبۈت لەشكەرلىرى ئۇدۇنغا هۇجۇم قىلدى، ئۇدۇن تاڭ سۇلالىسىدىن جىددىي ياردەم سورىدى. تاڭ سۇلالىسى ساۋ جىشۇ، سۇي جىيەنلەرنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇدۇننى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. تۈبۈتلەر ئاخىرى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

گاۋزۇڭنىڭ شەنخېڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 670 - يىلى)

تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى هۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، ئاقسۇغىچە كەلدى. ئۇدۇن تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

گاۋزۇڭنىڭ شەنخېڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 671 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى پېي شىڭجيەن، ۋاڭ فاڭيى قاتارلىقلارنى ئاشىنا تاماچىي، ئاشىنا زاربەگ توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتىپ، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇدۇن تۈبۈتلەرگە بېقىنىشتىن قۇتۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

گاۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 674 - يىلى)

كۈز

ئۇدۇن خانى ۋايجىرا شۇڭ تاڭ سۇلالىسى ئاستانىسىگە بېرىپ گاۋزۇڭ خان بىلەن كۆرۈشتى.

گاۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 675 - يىلى)

ئەتىياز

گاۋزۇڭ خان ئۇدۇنغا كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى دەپ نام بېرىپ، تەۋەلىكىگە 10 ئايماقنى بۆلۈپ بەردى. ئۇدۇن خانى ۋايجىرا شۇڭغا ۋالىي دەپ ئۇنۋان بەردى ھەمدە ئۇنى تۈبۈتلەرگە قارشى تۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن دەپ تەقدىرلىدى.

ۋۇ زېتيەننىڭ چۇيخۇڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 687 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجرا شۇلڭ يەنە بىر قېتىم چاڭئەنگە بېرىپ ئولپان تاپشۇردى.

ۋۇ زېتيەننىڭ چاڭشو 1-يىلى (مىلادىيە 692-يىلى) 10-ئاي

ۋۇۋېيىنىڭ باش بۇغى ۋاڭ شياۋجيې ۋە ۋۇۋېي سانغۇنى ئاشىنا سادىق لەشكەر باشلاپ تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مىلادىيە 690 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 5 - يىلى (مىلادىيە 717 - يىلى)

تۇبۇتلەر ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغاننى قايتا قولغا چۈشۈرۈۋېلىش قەستىدە بولدى، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى قورۇقچىبېگى تاڭ جياخۇي لەشكەر چىقىرىپ تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغان تۇبۇتلەرنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ قالدى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى (مىلادىيە 719 - يىلى)

كۆسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانلىقى، ئېلىپ - ساتارلار كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۈەنزۇڭ خان كۆسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا كېتەرلىك ئاشلىقنى ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ غەملەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 20 - يىلى (مىلادىيە 737 - يىلى)

تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن يەنە بىر قېتىم تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 1 - يىلى (مىلادىيە 742 - يىلى)

ئەنشىنىڭ ھىراۋۇلبېگى گاۋ شيەنجى غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئەنشىدىكى ئۇدۇن، سۇلى قاتارلىق تۆت قورغان قايتۇرۇۋېلىندى.

شۇ يىلى ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سامپاۋا ئۆزى شەخسەن چاڭئەنگە بېرىپ شۆەنزۇڭ خاننى يوقلاپ، نەسىللىك ئات، نەپىس قاشتېشى تەقدىم قىلدى. شۆەنزۇڭ ئۆز جەمەت قىزىنى ئۇنىڭغا ئاغچىلىققا بەردى ھەمدە ۋايجىرا سامپاۋاغا ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى، كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى دەپ ئەمەل بەردى.

سۇزوڭنىڭ جىدې 1 - يىلى (مىلادىيە 756 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سامپاۋا ئۆڭلۈك - سۆيگىن توپىلىڭىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزى 5000 لەشكەرنى باشلاپ سۇزوڭ تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتناشتى.

ۋايجىرا سامپاۋا ئۇدۇندىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئاۋامنىڭ پىكرىگە قارىماي ئۆز قىزىنى گۆرۈ ئورنىدا قويۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىنىسى ۋايجىرا بوخان ئىنچۇغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

سۇزوڭنىڭ شاڭيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 760 - يىلى)

سۇزوڭ ئۇدۇنغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋايجىرا بوخان ئىنچۇغا ساداقەتمەن ئەركان دەپ ئۇنۋان بەردى. بۇ ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ياردەمچى ھىراۋۇلبەگلىرىگە باراۋەر ئىدى، ئۇ ئۆز بەگلىكىدىكى ئىشلارنى باشقۇردى.

دەيزۇڭنىڭ گۇاڭدې 2 - يىلى (مىلادىيە 764 - يىلى)

دەيزۇڭ ۋايجىرا سامپاۋانىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چەۋەنداز سانغۇن دەپ ئۇنۋان بەردى ھەمدە ۋايجىرا سامپاۋانى ئۆز ئېلىگە قايتىشنى بۇيرۇدى. ۋايجىرا سامپاۋا قايتىشنى خالىمىغاچقا، دەيزۇڭ ئۇنىڭغا يەنە دىۋاندىكى ئۈچ ۋەزىرنىڭ بىرى، بەھەيۋەت باش چەۋەنداز دەپ ئۇنۋان بەردى.

دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 785 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋايجىرا بوخان ئىنچۇ مەكتۇپ يوللاپ، ۋايجىرا سامپاۋانىڭ ئوغلى ۋايجىرا قىرتىننىڭ قايتىپ كېلىپ ئۇدۇنغا خان بولۇشىنى ئىلتىجا قىلدى. ۋايجىرا سامپاۋا قەتئىي رەت قىلدى.

دېزۈڭ ئاتا ـ بالا بۇ ئىككىسىگە چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇدى، ۋايجىرا قىرتىغا خاننىڭ مەسلىھەتچىسى دەپ ئوتۇغات بەردى.

دې زۇڭنىڭ جېنيۈەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 794 ـ يىلى)

ۋايجىرا سامپاۋا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. دې زۇڭ ئۇنىڭغا لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى دەپ نام بەردى ھەمدە ۋايجىرا سامپاۋانىڭ ئوغلى ۋايجىرا قىرتىنىڭ ۋالىيلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

ۋۇزوڭنىڭ خۇيچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 841 ـ يىلى)

ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولدى. ئۇيغۇرلار كۆپلەپ كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۇدۇنغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

## بەش دەۋر ئون پادىشاھلىق

كېيىنكى لياڭنىڭ چيەنخۇا 2 ـ يىلى (مىلادىيە 912 ـ يىلى)

ۋىسارا تەڭرىخان ئۇدۇننىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 938 ـ يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخان ماجىروڭنى تەيىنلەپ ئوردىغا ئولپان ئەۋەتتى. كېيىنكى جىن سۇلالىسى خانى شى جىڭتاڭ ۋىسارا تەڭرىخانغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى خانى دەپ، ماجىروڭغا قورغان دۆلىتى سانغۇنى دەپ ئوتۇغات بەردى.

شۇ يىلى قىشتا، كېيىنكى جىن سۇلالىسى خانى شى جىڭتاڭ يالۋاچبەگ جاڭ كۇاڭيې ۋە گاۋ جۈيۈينى ماجىروڭ بىلەن بىرگە ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇدۇندا تەخمىنەن تۆت يىل تۇردى.

كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ كەييۈن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 945 ـ يىلى)

ۋىسارا تەڭرىخان ۋالىي ليۇ زەيشىڭنى ئوردىغا ئولپان ئاپى-

رىشقا ئەۋەتتى.

كىيىنكى خەن سۇلالىسى يىندىنىڭ چيەنيۇەن 1 - يىلى (مىلادىيە 948 - يىلى)

ئۇدۇن ئەلچىسى ۋاڭ جىدو كىيىنكى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا بىرىپ ئولپان تاپشۇردى.

مىلادىيە 940 - يىلى ئەتراپىدا

ۋىسارا تەڭرىخان شاجۇلۇق ساۋ يىجىنىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى.

## سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى

سۇڭ تەيزۇنىڭ جيەنلۇڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخان ئەلچى تەيىنلەپ ئوردىغا ئولپان ئەۋەتتى. شۇ يىلى ئۇدۇنلۇق مانى دىنىنىڭ پىر ئۇستازى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇردى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ چيەندې 3 - يىلى (مىلادىيە 965 - يىلى)

ئۇدۇن خانى راھىب شەنمىڭ شەنفانى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ چيەندې 4 - يىلى (مىلادىيە 966 - يىلى)

ئۇدۇن خانى ئوغلى ۋايجىرا سوگدىنى ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئولپان ئاپىرىشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى ۋىسارا تەڭرىخان ئالەمدىن ئۆتتى. ۋايجىرا سۇرا ئۇدۇننىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ كەيباۋ 2 - يىلى (مىلادىيە 969 - يىلى)

ئۇدۇن جى موشەننى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى. سۇلىدىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر پىلنى ئولپان قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ كەيباۋ 4 - يىلى (مىلادىيە 971 - يىلى)

ئۇدۇنلۇق راھىب جى شياڭ ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سۇرانىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى كۆتۈرۈپ، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان ئېلىپ باردى.

سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 1 ـ يىلى ( مىلادىيە 976 ـ يىلى)

ئۇدۇن خانىنىڭ شاھزادىسى ۋايجىرا سوڭلىيەن، ۋايجىرا سوڭ-يۇەن دۇنخۇاڭغا بېرىپ لەشكەر ياردەم تەلەپ قىلدى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 5 ـ يىلى ( مىلادىيە 980 ـ يىلى)

سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلى ساۋ يەنلۇنىڭ ئاغچىسى، يەنى ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخانىنىڭ قىزىغا «لوڭشىدىكى باش خانىم» دەپ ئوتۇغات بەردى.

سۇڭ سۇلالىسى جىنزۇڭنىڭ جىڭ دې 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 1006 ـ يىلى)

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خانى يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇننى بويسۇندۇردى. ئۇدۇنلۇق سانغۇنلاردىن چوقتىرېشىت، نوقتىرېشىت قاتارلىقلار چىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا ئۇرۇشتا ئۆلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

سۇڭ سۇلالىسى رىنزۇڭنىڭ جيايۇ 8-يىلى ( مىلادىيە 1063- يىلى)

ئۇدۇن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئولپان قىلىپ تاپشۇردى. سۇڭ سۇلالىسى ئۇدۇن قاراخانىيلار پادىشاھىغا «ئىتائەتمەن سادىق قاراخانىيلار پادىشاھى» دەپ ئوتۇغات بەردى.

سۇڭ سۇلالىسى شېنزۇڭنىڭ يۈەنفېڭ 4 ـ يىلى ( مىلادىيە 1081 ـ يىلى)

ئۇدۇن قەبىلە باشلىقى ئاشرانى شېڭ زوڭغا سالامغا ئەۋەتتى ھەمدە ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ خەرىتىسىنى تەييارلاپ ئوردىغا

تەقدىم قىلىندۇ. ئۇدۇن پادىشاھى جاۋشىياڭغا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىدە جاۋشىياڭنى «كۈن چىقىشتىكى بۈيۈك دۇنيانىڭ پاسىبان خوجىسى» دەپ تەرىپلىدى.

سۇڭ سۇلالىسى زۇڭشېننىڭ يۈەنفېڭ 8 - يىلى ( مىلادىيە 1085 - يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى تەيىنلەپ شېڭزۇڭ خانغا ئولپان ئەۋەتتى. سۇڭ سۇلالىسىدىن تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ سودا يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىجا قىلدى.

سۇڭ سۇلالىسى جېزۇڭنىڭ شياۋشېڭ يىللىرى ( مىلادىيە 1094 - يىلدىن 1097 - يىلغىچە)

ئۇدۇن پادىشاھى قۇتلۇق ئومكۇنى تەيىنلەپ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى، مەكتۇپتە لەشكەر ئەۋەتىپ گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ قاتارلىق ئۈچ ئايماقنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نىڭزۇڭنىڭ جياڭدىڭ 5 - يىلى ( مىلادىيە 1212 - يىلى)

غەربىي لياۋ خانى كۈچلۈك ئۇدۇننى ئىگىلىۋالدى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا مەجبۇرلاش بۇيرۇقى چۈشۈردى ھەمدە ئىسلام دىنى ئۆلىماسىنى نەق مەيداندا قەتل قىلدى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 11 - يىلى ( مىلادىيە 1218 - يىلى) ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا

چىڭگىزخاننىڭ جەبە قەبىلىسى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى ھەمدە ھازىرقى تاشقورغان ئەتراپىدا كۈچلۈكنىڭ كاللىسىنى ئالدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھالاك بولدى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نىڭزۇڭنىڭ جيادىڭ 14 - يىلى ( مىلادىيە 1221 - يىلى)

چىڭگىزخان خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا دارغاچ (يەر-لىك ئەمەلدار) تەيىنلىدى.

## يۈەن سۇلالىسى

شىزۇخان جۇڭتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 1260 ـ يىلى)
قۇبلاي كەيپىڭدا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1271 ـ يىلى)
قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. شىنجاڭ يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ رەسمىي ئۆلكىسى بولدى. ئودۇن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىۋاستە ئارغۇ تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 1272 ـ يىلى)
قۇبلاي ئەمىرلەشكەر بۇخا تېمۇرنى ئودۇن قاتارلىق جايلارغا يۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 13ـيىلى (مىلادىيە 1276ـيىلى) 10 ـ ئاي
قۇبلاي بىستەي بىلەن قۇبلاي باتۇرنى باش ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، موڭغۇل لەشكەرلىرىدىن 1000 كىشى، خېشى لەشكەرلىرىدىن 1000 كىشىنى ئودۇننى قوغداشقا ئەۋەتتى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 16 ـ يىلى (مىلادىيە 1279 ـ يىلى)
يۈەن سۇلالىسى ئودۇندا ئايغاقچى مەھكىمىسى، باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئودۇننى بىۋاستە باشقۇردى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1280 ـ يىلى)
قايدۇ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يوللارغا تاجاۋۇز قىلدى، قۇبلاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن باش ئەمىر-لەشكەر يەخەنتېگىن بىلەن ياردەمچى باش ئەمىرلەشكەر ليۇ ئېن موڭغۇل ـ خەنزۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئودۇنغا جازا يۇرۇشى قىلدى، سەپەر ئۈستىدە ليۇ ئېن باش ئەمىرلەشكەر قوشۇمچە

ئايغاقچى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 18 - يىلى ( مىلادىيە 1281 - يىلى)

لىيۇ ئېن ئۇدۇندا پىستىرما قۇرۇپ قايدۇ توپىلاڭچى قوشۇنلىرىدىن ئۇغۇنيەن قەبىلىسىنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، قايدۇ بابانى 30 مىڭ ئادەم باشلاپ ئۇدۇنغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لىيۇ ئېن ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە چېكىندى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 19 - يىلى ( مىلادىيە 1282 - يىلى)

قۇبلاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭگۇ قوشۇن باشلاپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىپ بابا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 20 - يىلى( مىلادىيە 1283-يىلى) 1 - ئاي

قۇبلاي قۇتلۇق مىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، گەنجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئۇدۇننى قوغداشقا ئەۋەتتى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 23 - يىلى ( مىلادىيە 1286 - يىلى)

يۈەن سۇلالىسى ئۇدۇن، يەكەنلەردە 13 ئورۇندا ئۆتەڭ قۇردى.

شۇ يىلى ئۇدۇندا بوياقچىلىق جۇجۇقى قۇرۇلۇپ، يىپەك توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

شۇ يىلى ئۇدۇندا خەزىنە ئامبىرى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ پۇللىرىنى تارقاتتى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 24 - يىلى ( مىلادىيە 1287 - يىلى)

ئۇدۇندا ئېغىر ئاپەت يۈز بەردى. يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىر تۈمەن يامبۇ چىقىرىپ ئۇدۇننى قۇتقۇزدى.

شۇ يىلى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى 310 لەشكەرنى ئۇدۇندا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى.

يۈەن سۇلالىسى ئۇدۇن، قەشقەرلەردىن 1050 ئائىلە ھۈنەرۋەننى بوز يەر ئېچىشقا بۇيرۇدى.

شىزۇنىڭ جىيۇەن 26 ـ يىلى ( مىلادىيە 1289 ـ يىلى)
قۇبلاي ئۇدۇندىكى ئايغاقچى مەھكىمىسى، باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

## مىڭ سۇلالىسى

مىڭ سۇلالىسى خۇيدىنىڭ جيەن ۋېن 1 ـ يىلى ( مىلادىيە 1399 ـ يىلى)
خىزىر خوجا ئۆلدى. ئوغلى شەمئى جاهان خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى يەنىلا خۇدايداد ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئۇدۇن قېدىر شاھنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.
مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 4ـيىلى ( مىلادىيە 1406ـيىلى) 7 ـ ئاي
ئۇدۇن موللا ھەسەننى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يەرلىك مەھسۇلات تەقدىم قىلدى. 12 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسى پەنساد شىيۈ جۇڭمۇچى قاتارلىقلارنى ئۇدۇن ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە ئۇدۇنغا ئەۋەتتى.
مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 6ـيىلى ( مىلادىيە 1408ـيىلى) 7 ـ ئاي
ئۇدۇن ئوردىغا قاشتېشى ئولپان تاپشۇردى. مىڭ سۇلالىسى شىغاۋۇل پىرقىسىدىن پەنساد شاڭ خېڭنى مۇھۇرلۇك مەكتۇپ، پۇل ـ پۇچەك ئېلىپ ئۇدۇندىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى.
مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 18 ـ يىلى ( مىلادىيە 1420 ـ يىلى) 6 ـ ئاي
ئۇدۇن ئوردىغا ئات ئولپان تاپشۇردى. مىڭ سۇلالىسى چېن چېڭ، گوجىڭلارنى ئاق ئالتۇن، پۇل ـ پۇچەك ئېلىپ ھال سوراشقا ئەۋەتتى.
مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 20 ـ يىلى ( مىلادىيە 1422 ـ يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا قاشتېشى ئولپان تاپشۇردى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاق ئالتۇن، يوللۇق تاۋار، شايى ئىنئام قىلدى.

مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 22 - يىلى (مىلادىيە 1424 - يىلى)

ئۇدۇن ئەلچى شەمشىدىننى ئوردىغان ئات ۋە يەرلىك مەھسۇلات ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى. مىڭ سۇلالىسى پۇل ئىنئام قىلدى.

مىڭ سۇلالىسى يىڭزۇڭنىڭ جېڭتوڭ يىللىرى

قېدىر شاھ ئۆلدى. خان نەزەرمىرزا، قۇل نەزەرمىرزىلار ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار خۇدايدادنىڭ كىچىك ئوغلى سەئىدى ئەخمەت مىرزا ۋە نەۋرىسى ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئۇدۇن بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى.

مىڭ سۇلالىسى شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 13 - يىلى (مىلادىيە 1477 - يىلى)

ئابابەكرى خان نەزەر مىرزا ۋە قۇلنەزەر مىرزىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇدۇنغا 36 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىڭ سۇلالىسى ۋۇزوڭنىڭ جېڭدى 8 - يىلى (مىلادىيە 1513 - يىلى)

سەئىدىي ئەمىردان ئېلى بىلەن بەگ ماخمۇتنى ئەۋەتىپ، ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىڭ سۇلالىسى شىزۇڭنىڭ جياچىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 1533 - يىلى)

سەئىدىي ئۆلدى، خانلىق تەختىگە چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇدۇننى باشقۇردى.

مىڭ سۇلالىسى مۇزوڭلوڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە1570 - يىلى)

سولتان ئابدۇرەشىدخان ئۆلۈپ، خانلىق تەختىگە ئوغلى ئابدۇكېرىم ۋارىسلىق قىلدى. ئۇدۇن ئابدۇكېرىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى

كاڭشىنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1678 ـ يىلى)

جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى غالدان جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تۇتۇپ كېتىپ، ئاق تاغلىقلاردىن بولغان ئاپاق خوجىنى يۆلەپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قورچاق خانى قىلىپ تۇرغۇزدى. شۇ يىلى خوتەن جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى (مىلادىيە 1697 ـ يىلى)

غالدان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. سېۋىن ئارۇبدان جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى بولدى. ئۇدۇن سېۋىن ئارۇبدانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

كاڭشىنىڭ 55 ـ يىلى (مىلادىيە 1716 ـ يىلى)

سېۋىن ئارۇبدانىنىڭ ئىنىسى سېرىن دوندۇپ 6000 لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇندىن ئۆتۈپ، چوڭ تاغلاردىن ئېشىپ شىزاڭغا كىرىپ، شىزاڭ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

كاڭشىنىڭ 56 ـ يىلى (مىلادىيە 1717 ـ يىلى)

سېرىن دوندۇپ بۇدالا سارىيىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، لاساڭخاننى ئۆلتۈردى.

چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى)

چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى جۇڭغارلار قەبىلىسىنى تىنچىتتى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىق-

نى بىلدۈردى. خوتەننىڭ ھاكىمى ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بويسۇندى.

چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى (مىلادىيە 1758 ـ يىلى) 9 ـ ئاي

خوتەن شەھىرىنىڭ بېگى خۇجىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا بەيئەت قىلىپ، خوجا جاھاننى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاتلاندى. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئۇدۇندىكى ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىم بېگى دەپ ئۇتۇغات بەردى. 8 ـ ئايدا بېزى دەپ، 11 ـ ئايدا ئىنانچىخان دەپ ئۇتۇغات بەردى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاي

خوجا جاھاننىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنى خوتەن شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى چىلىنزابۇ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، خوجا جاھاننىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيە 1759 ـ يىلى) نىڭ باشلىرىدا

چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى شۇ خېدې 15 مىڭ نەپەر چىڭ لەشكىرىنى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خوتەندە بىر نەپەر خان ئامبال، بىر نەپەر ياردەمچى خان ئامبال تۇرغۇزدى، يەكەن خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇدۇن بىر ئاز تىنچلاندى، شۇ خېدېنىڭ قوشۇنلىرى يەكەنگە بېرىپ قارا سۇ لاگېرىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قارا سۇ لاگېرى قورشاۋدىن قۇتۇلدى. ياردەمچى سانغۇن فۇدې 4 ـ ئايدا لەشكەر باشلاپ ئۇدۇنغا كەلدى. ئۇدۇن تىنچلاندى. 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئىككى يىل داۋاملاشقان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلدى.

شۇ يىلى

چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى چىلىنزابۇ قاتارلىقلار بەگ ئەسمەت، ئابدۇخالىقلار تەمىنلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، چىڭ سۇلا-

لىسى ئوردىسىغا خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بەگلىرىنىڭ ئىسمى، نوپۇسى، ئاشلىق، چارۋا سانىنى تۈنجى قېتىم يوللىدى.

داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 1826 ـ يىلى)

جاھانگىر خوجا 3 ـ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى. 9 ـ ئايدا جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى خوتەننى ئىشغال قىلىۋالدى.

داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 1827 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجا قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، خوتەننى قايتۇرۇۋالدى.

داۋگۇاڭنىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە 1845 ـ يىلى) 5 ـ ئاي

لىن زېشۈي جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قاراقاش، خوتەن، لوپ قاتارلىق جايلارغا كەلدى.

شيەنفېڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 1857 ـ يىلى)

جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەلىخان توپىلىڭى يۈز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋەلىخان توپىلاڭچى قوشۇنى خوتەنگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، خوتەن ھەربىي راباتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوتەننى قايتۇرۇۋالدى.

تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ـ يىلى)

خوتەن ھاكىمبېگىنىڭ ئوغلى خەزىنىچى ئاقسۇدىن خوتەنگە يوشۇرۇن كېلىپ، قازى كالان ھەبىبۇللا مۇپتى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلىپ، خوتەننى بۇلىۋالدى. ھەبىبۇللا مۇپتى ئۆزىنى خوتەن خانى دەپ ئېلان قىلدى.

تۇڭجىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1866 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ياقۇب بەگ يەكەنگە كەلدى. بۇزرۇكنىڭ نامىنى كۆتۈرۈپ

چىقىپ، خوتەن خانى ھەبىبۇللا مۇپتىغا خەت يېزىپ، خوتەندىكى مازار ـ ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. ھەبىبۇللا مۇپتى ئالدىنىپ ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان-دا، ياقۇب بەگ ئۇنى تۇتۇپ يەكەنگە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياقۇب بەگ ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن خوتەننى قولغا كەلتۈر-گەندىن كېيىن، لەشكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇردى. خوتەن خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، كۈرەشنى بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتۇردى، ئاخىرىدا ياقۇب بەگ خوتەن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ياقۇب بەگ شەھەر ئىچىدە دەھشەتلىك قىرغىن-چىلىق قىلدى. 50 مىڭدىن ئارتۇق خوتەنلىك قۇربان بولدى.

گۇاڭ شۈينىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1877 ـ يىلى) 8 ـ ئاي

خوتەن خانى نىياز زو زۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە ھەقە-قەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بەگقۇلى يەكەنگە توپلىغانلاردىن يۇنۇس خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. نىياز ئىنىسى ئىمىننى يۇنۇس قوشۇنلىرىنى توسۇشقا ئەۋەتىپ مەغلۇپ بولدى. نىياز قوشۇن باشلاپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا ئاتلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى. بەگقۇلى خو-تەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلال-ماي يۇنۇس بىلەن بىرگە قەشقەرگە چېكىندى.

گۇاڭ شۈينىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1878 ـ يىلى) 11 ـ ئاي

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى ياساۋۇلبەگ دوڭ فۇشياڭنىڭ باشلامچىلىقىدا خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ياقۇب بەگ — بەگقۇلى گۇرۇھىنى قوغلاپ چىقاردى.

گۇاڭ شۈينىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1878 ـ يىلى) قىش

سابىق خوتەن خانى نىيازنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش قەستى ئەمەلگە ئاشماي، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. بىر نەپەر ھۇنەرۋەن بۇ ئىشنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا مەلۇم

قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نىيازنى دەرھال قولغا ئال-
دى، نىياز تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 21 - يىلى (مىلادىيە 1895 - يىلى)

شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن خوتەنگە كېلىپ ئارخېئولوگ-
يىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1899 - يىلى)

سۋېن ھېدىن خوتەنگە 2 - قېتىم كېلىپ، ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زور تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 26 - يىلى (1900 - يىلى) 6 - ئاي

ستەيىن خوتەنگە 1 - قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە
كېلىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) 9 -
ئاي

ياپونىيىلىك داگۇ گۇاڭرۇينىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خو-
تەنگە 1 - قېتىم كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ
باردى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 32 - يىلى (مىلادىيە 1906 - يىلى)

ستەيىن 2 - قېتىم ئۇدۇنغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
ئوغرىلىقچە قېزىپ ئېلىپ كەتتى.

گۇاڭ شۈيىنىڭ 33 - يىلى (مىلادىيە 1907 - يىلى)

شىنجاڭغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئەمەلدار جاۋ گۇيخۇا خوتەنگە
كېلىپ پىلە - ئۈجمىچىلىك توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
دى.

شۈەن تۇڭنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1909 - يىلى)

ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ تۇنجى قېتىم خوتەنگە كېلىپ ئار-
خېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۈەن تۇڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1911 - يىلى) ئەتىياز

ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ 2 ـ قېتىم ئۈدۈنغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ شىنجاڭغا بېرىشقا تەييارلاندى. كېيىن شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغانلىقتىن بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912ـيىلى) 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى
چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن چىرا ۋەقەسى پارتلىدى. كەڭ ئاما، جۇملىدىن ۋەتەنپەرۋەر ئەمەلدارلار چىرا ئاممىسىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش كۈرىشىگە ئارقا ـ ئارقىدىن مەدەت بەردى.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى)
ستەين 3 ـ قېتىم ئۈدۈنغا كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە قازدى.

مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى)
خوتەن، لوپ، كېرىيىلەردە گېلاۋخۇيچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى، شىنجاڭنىڭ دۇبەنى ياڭ زېڭشىن ئىككى يىڭ ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ ئۈچ ناھىيىدە ئۇلارنى باستۇردى.

مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى)
رۇسىيىلىك ماروف خوتەنگە ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن كېلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاخباراتلارنى توپلىدى.

مىنگونىڭ 6 ـ يىلى ( 1917 ـ يىلى)
خوتەندە ۋابا كېسىلى پەيدا بولۇپ، بەش يىل داۋام قىلىپ 100 مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى)
خوتەندە ۋىلايەت تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى)

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگىيە ئالىمى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبيې خوتەنگە كېلىپ، نۇقتىلىق ھالدا راۋاق، ئاق سېپىل قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى)

سۋېن ھېدىن ئۈدۈنغا 3 ـ قېتىم كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

مۇھەممەت ئىمىن قاراقاشتا توپىلاڭ كۆتۈردى، 5 ـ ئايدا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى.

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 5 ـ ئاي (1934 ـ يىلى 6 ـ ئاي)

ماخۇسەن قوشۇنلىرى مۇھەممەت ئىمىننىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى 9 ـ ئاي (1937 ـ يىلى 10 ـ ئاي)

شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ماخۇسەن ئاز ساندىكى يېقىنلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 3 ـ ئاي

پەن بونەن، گۇجىيۇەن، تەن گۇيياۋ، ما رۇي، چېن جېشۇ، ماشۇ، شۆ خەندىڭ، خۇاڭ يۇڭچېڭ، چيەن پىڭ قاتارلىق 9 نەپەر كوممۇنىست ئارقا ـ ئارقىدىن خوتەنگە كېلىپ ئىشلىدى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)

خوتەن گېزىتخانىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوتەن گېزىتخانىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خوتەن گېزىتىنى رەسمىي بېسىپ تارقاتتى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

**1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ جۇن 5 ـ شى 15 ـ تۇەننىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

**1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2ـجۇن 5ـشى 15 ـ تۇەننىڭ ئاساسىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، داغدۇغىلىق ھالدا شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۇن 5 ـ شى 15 ـ تۇەننىڭ پارتكومى خوتەننىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزدى.

**1950 ـ يىلى 3 ـ ئاي**

خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلدى ھەمدە تېزدىن ناھىيە، يېزىلىق خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

**ئاپتورى: سۇن بىن**